ئابدۇللا تالىپ

# لالە-قۇربان

(تارىخىي رومان)



مىللەتلەر نەشرىياتى



يازغۇچى ئابدۇللا تالىپ

# نەشرىياتتىن

يازغۇچى ئابدۇللا تالىپ 1926-يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كەلپىن ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە يۇرتىدىكى دىنىي مەكتەپتە، كېيىن پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1943-يىلىدىن 1946-يىلىغىچە ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. 1956-يىلى مەركىزىي مائارىپ ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ۋە مۇدىرى، ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ۋە مۇدىرى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئورنىدا ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى تەتقىقاتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن.


ئابدۇللا تالىپ 1943-يىلى «ئاقسۇ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان تۇنجى شېئىرى «مەرىپەت ئانا» بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن "پەزلى جاھاد" تەخەللۇسىدا «باتۇر ئوغلانلار»، «ئوق ئاتا يۇرتۇم»، «ئىشقىدا»، «شامالغا خىتاب»، «ئانا يۇرت سۆيگۈسى» قاتارلىق شېئىرلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان. ئاشۇ يىللاردا «سەددىچىن» ناملىق تارىخىي داستانىنى، «توققۇز بۇلاقتا ساياھەت» قاتارلىق ئوچېركلارنىمۇ يازغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ 1947 — 1948-يىللىرى يېزىپ، سەھنىلەشتۈرگەن «ئەركىن — جانان» ناملىق ئوپېراسى بىلەن «سۆيگۈنىم ئەلا» ناملىق دىرامىسى جامائەتچىلىك ئىچىدە زور تەسىر قوزغىغانىدى.

يازغۇچى ئابدۇللا تالىپ ئاپەتلىك يىللاردا ئىلمىي تەتقىقات ۋە بەدىئىي

ئىجادىيەت ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىنغان. 80-يىللارغا كەلگەندە ئىجادىيەت ئەركىنلىكى ئەسلىگە كېلىپ، قايتىدىن قولىغا قەلەم ئالدى. ھازىرغىچە «قاينام ئۆركىشى»، «چالا تەگكەن ئوق» قاتارلىق تارىخىي رومانلارنى، «ئەركىن — جانان»، «سۆيگۈنۈم ئەلا» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى، «سەددىچىن»، «ئۇنتۇلماس خاتىرە» قاتارلىق تارىخىي داستانلىرىنى، «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېركلار» ناملىق ئىككى قىسىملىق ئىلمىي ئەسەرنى، «جۇپ ھەيكەل» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ۋە «تاللانغان ئەقلىيە سۆزلەر» ناملىق تەرجىمە ئەسەر ۋە ئۇنىڭدىن سىرت بىرمۇنچە ئىلمىي ماقالە، تەرجىمە ئەسەرلەرنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلدى.

ئابدۇللا تالىپ 1987-يىلى دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتنى داۋاملاشتۇرۇپ قولۇڭلاردىكى بۇ ئۈچىنچى تارىخىي رومانى «لالە — قۇربان»نى يېزىپ پۈتتۈرگەندىن سىرت، ئىككىنچى شېئىرلار توپلىمى — «ئۇنتۇلماس خاتىرە»نى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىغا سۇندى. ئۇ يەنە 40 جىلدتىن ئارتۇق «قەدەم ئىزلىرى» ناملىق ئەسلىمىسىنى يېزىپ پۈتتۈردى. ئۇ ھازىر ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي، 4-تارىخىي رومانى «ئىگەرلىك ئات»نى جىددىي يېزىۋاتىدۇ.

بىز پېشقەدەم يازغۇچى ئابدۇللا تالىپنىڭ ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ زور ئۇتۇق تىلەيمىز!



# ئاپتوردىن

كوچا دىياردا يۈز بەرگەن بۇ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى دەل «رابىئە-سەئىدىن» ۋەقەسىگە زاماندىش كېلىدۇ. بۇ ۋەقەلىكنى ئەڭ دەسلەپ ل. مۇتەللىپنىڭ قىيىن ئاغىسى — مائارىپچى ۋە «كوچا ۋاقىئەلىرى تەزكىرىسى»نىڭ ئاپتورى مەمتىمىن بايىز توپلىغان ۋە ل. مۇتەللىپنىڭ ئەسەر يېزىپ چىقىشىغا ھاۋالە قىلىغانىكەن. ئەپسۇسكى مەرھۇم شائىرىمىز ئۇنىڭغا ئۈلگۈرەلمىگەن. كېيىنكى چاغلاردا بۇ ۋەقەلىكنى مەمتىمىن بايىز ماڭىمۇ سۆزلەپ بەرگەنىدى. مەن تەپسىلىي خاتىرە يېزىۋالدىم ھەم ۋەقە يۈز بەرگەن مۇھىم جايلارنى كۆزدىن كەچۈردۇم. بۇ رومان شۇ ئاساستا مەيدانغا كەلدى. روماندىكى ئاساسىي پېرسوناژلار ھەقىقىي تارىخىي شەخسلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئەينەن بەردىم.

كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ئەسەر ھەققىدىكى تەنقىدىي پىكىرلىرىنى سەممىيەت بىلەن قارشى ئالىمەن.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب بېشارەت ...................... (1)

ئىككىنچى باب مەردنى مەيداندا سىنا .............. (25)

ئۈچىنچى باب نامەردلىك ...................... (40)

تۆتىنچى باب لالە گۈلىدىن گۇمان .............. (54)

بەشىنچى باب قۇربانىنىڭ تەرجىمىھالى .............. (72)

ئالتىنچى باب يېڭى پاجىئە ...................... (148)

يەتتىنچى باب بۇ قىز نېمىشقا ئۆلۈۋالدى .............. (174)

سەككىزىنچى باب ھودۇقۇش ...................... (207)

توققۇزىنچى باب قەبرىدىن بۇلانغان ئالتۇن .............. (224)

ئونىنچى باب تەقدىرنىڭ ئويۇنى .............. (248)

ئون بىرىنچى باب يىقىلغان گۈلخان .............. (258)

ئون ئىككىنچى باب كۈتۈلگەن كۈنلەر .............. (264)

## بىرىنچى باب

# بېشارەت

يەرگىمۇ بىر نۆۋەت، ئەرگىمۇ بىر نۆۋەت.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

گۈل چېچەكلەرگە پۈركەنگەن ئېسىل تاۋاردەك ئېسىل ۋە بىپايان قۇتلۇق زېمىن ...

ئۇنىڭ شىمالى ھۇدۇدى بۈيۈك تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي يان باغرىدىكى قېلىن يېشىل قارىغايزارلىق بەلۋېغىغىچە سوزۇلۇپ بارىدۇ. مۇقەددەس تاغ گويا ئۇنى مېھرىبان ئانىدەك ئىللىق باغرىغا ئېلىپ، مېھرى-مۇھەببىتى بىلەن قۇچاقلاپ تۇرىدۇ.

شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئاقىدىغان كۆسەن دەرياسى ئاسمان پەلەك ئېگىزلىكلەردىن سانسىز پەلەمپەي شارقىراتمىلارنى ھاسىل قىلىپ، خۇددى سوزۇق مەرۋايىت لېنتىدەك سوزۇلۇپ چۈشۈپ، بۇ يېشىل مۇنبەت تۇپراق-نىڭ دەل مەركىزىي قىسمىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ.

بۇ قۇتلۇق زېمىننىڭ غەربىي-شىمالدىكى ئاپئاق قېلىن قار قاتلىمى

ئاشۇ چوڭ ئۆستەڭنىڭ شىمالىدىن جەنۇب تامان سوزۇلغان ئىككى قاسنىقىدا بىر-بىرىگە ياندىشتۇرۇپ قاتار سېلىنغان پېشايۋانلىق ئۆي-ئىمارەتلەر قەد كۆتۈرگەنىدى. ئۇ ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ كەينىدە تۇتاش كەتكەن ئۆرۈكزار باغ-ۋارانلارنىڭ تېخى ئەمدىلا ئېچىلىشقا باشلىغان سۆسۈن رەڭ چېچەكلىرى گويا ئىپاردەك خۇش پۇراق چېچىپ تۇراتتى.

بۇ يىلقى باھار مەۋسۇمى نېمىشقىدۇر پەسىللەرنىڭ ئالمىشىش قائىدىسىدىن چەتنىگەن ھالدا بىمەھەل كەلگىنىگە كىشىلەر ھەيران بولۇشماقتا ئىدى. بۇ ھادىسىنى ئۇلار ھاۋارايىدا يۈز بېرىپ قېلىشى ئېھتىمال بولغان بىر يامان جۇتلۇقتىن بېشارەت بولسا كېرەك دېگەن قىياس بىلەن كۆڭۈللىرىدە ئەنسىرىشىپ يۈرۈشمەكتە ئىدى.

ئاشۇنداق كۆڭۈلسىز، ۋەھىمىلىك كۈنلەرنىڭ بىرى — قاق چاشكا مەھەلدە، ئىككى نەۋقىران، تەمبەل يىگىت "قۇتلۇق ئوردا"غا يېقىن بىر يول بىلەن يۈرۈپ، ساقساق تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇلار قىزغىن پاراڭ بىلەن قەدەملىرىنى رىتىملىك بېسىپ كېتىۋاتاتتى، يىراقتىن ئۇشتۇمتۇت ئاڭلانغان ۋەھىمىلىك نالە-پەريادتىن بەدەنلىرى شۈركۈنۈپ دەرھال ئىزىدا توختاشتى-دە، ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە زەن قويدى:

— ئاڭلا، ئاڭلاۋاتامسەن، چىرقىرىغان ئاۋاز!...

يىگىتلەر جىددىيلىشىپ، بىر-بىرىنى ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە زەن سېلىشقا دالالەت قىلاتتى. ئۇلار شۇ تەرزدە بىردەم تۇردى-دە، يەنە تاقەت قىلالماي ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ، يولنى توغرا كېسىپ يۈرۈپ كەتتى.

بۇ يەرگە بىر ئۇن يېتىمى كېلىدىغان "ھاكىم بەگ مەھكىمىسى" ئالدىدىكى مەيدانغا ئورنىتىلغان دارغا ئېسىلغان ئىككى بىتەلەي يىگىتنىڭ نالە-پەريادى زېمىننى تىترىتىپ، ئەرشنى لەرزىگە سالغانىدى.

بۇ مەھكۇم — "ئىبرەت سازايىسى" قۇربانلىرىنىڭ بېشىغا چۈشكەن پاجىئەلىك قىسمەتلەرنى ئىشىتكەن جىمىكى پۇقرالارنىڭ يۈرىكى مۇجۇلاتتى.

قانلىق قامچا ۋە قىرلىق چوماقلار زەربىسىدىن بىھوش قىلىۋېتىلگەن

قاپلىغان مۇزات چوققىلىرىدىن سىرغىپ، ھەيۋەتلىك شاۋقۇن بىلەن ئېقىپ چۈشىدىغان ئۆگەن دەرياسى، ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان بۇ گۈزەل دىيار-نىڭ يەنە بىر مۇھىم ھاياتلىق مەنبەسى بولۇپ كەلگەن.

ئاشۇ ئىككى قوشكېزەك ئابىھايات ئېقىنلارنىڭ كۈمۈش سۈلىرى بىلەن تاكى تەكلىماكان ساھىللىرىغىچە سوزۇلىدىغان بىپايان تۇپراقتا ئەجدادلار-نىڭ قان-تەر بەدىلىدىن ھاسىل بولغان رەڭدار بوستانلىقلار كۆكلۈلەر زوقىنى ئۆزىگە بىئىختىيار مەھلىيا قىلاتتى.

گۈزەللىكى ۋە مۇنبەتلىكىدە تەڭدىشى كەم ئۇچرايدىغان بۇ تەۋەرۈك زېمىندا تەبىئەت ھەممە نەرسىنى تەل بەخش ئەتكەنىدى. دۇنياغا داڭلىق كۇسەن مەدەنىيىتىمۇ ئەنە شۇ گۈزەل ماكان قوينىدا بەرپا قىلىنىپ جەۋلان قىلغانىدى.

بىراق، پەلەك چاقىنىڭ دەۋر سەھنىسى خۇددى پەسىللەر مەۋسۇمدەك چۆرگىلەپ تۇرىدۇ: زىمىستان قاقشىتىدۇ؛ گۈلىستان يايرىتىدۇ؛ بۇ سەھنىدە زۇلمەت تراگېدىيىسى بىلەن نۇسرەت كومېدىيىلىرى نۆۋەت بىلەن تاماشا كۆرسىتىدۇ.

ئەمدىلىكتە بولسا دەل ئاشۇنداق دەۋر سەھنىسىنىڭ پېرسوناژلىرى كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا ئىدى ...

باھار پەسلى، رەبىيەلئەۋۋەل (مارت) ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. باھار ئەلچىسى — ئالا بويۇن، زەڭگەر تۇمشۇق، ئاچا قۇيرۇق ۋە قۇندۇز قاناتلىق قارلىغاچلار كۇسەن دەريا قىرغاقلىرى ۋە دەريانىڭ ئىككى ياقىسىدىكى تاللىق كوچىلاردا تېز ۋە پەس ئۇچۇشۇپ تاماشا قىلاتتى. كۈنچىقىش تەرەپتىكى مەشھۇر ساقساق ئۆستەڭنىڭ مەرۋايىتتەك سۈزۈك سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىشقا باشلىغانىدى.

شىمال تەرەپتىكى ئاق داۋان ۋە ئاغى تاغلىرى تامانىدىن ئۇرۇلغان باھار شاملى ئەمدىلا بىخ سۈرۈپ ياشىرىشقا باشلىغان يۇمران تال بەرگىلى-رىنى لەرزان تەۋرىتىپ تۇراتتى.

سەيلىسكە مەيلى بار-يوقلۇقىنى سىناپ باقماقچى ئىدى. خانئامبال ئۇرچۇنئا جاۋابەن:

— بۇ تولىمۇ ھەقتاسىغا كەلگەن ياخشى پۇرسەت ئىكەن، بولىدۇ بارايلى، چېلىش پەيزىنى بىر كۆرەيلى ... — دېدى.

شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ئېسى-يادىنى ئاسماندىكى كەپتەرنىڭ پەرۋازى، چېلىش مەيدانىدىكى كۆرۈنۈشلەر ئىگىلىگەن بولۇپ، دارغا ئېسىلغان ھېلەقى ئىككى بىچارىنىڭ تەقدىرى خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى.

ئەنە شۇ چاغدا جازا مەيدانىنىڭ مۇئەككەل ئىجراچىسى سېيىت ھېكىم بەگ ھۆكۈم جاكارلىدى:

— بۇ ئىككى گەدەنكەشنىڭ ئۆلۈكى يەتتە كېچە-كۈندۈز دار ئۈستىدە ئېسىقلىق ھالەتتە ئىبرەت قىلىنىدۇ. گۈندىپايلاردىن يەتتە يايى نۆۋەتلىشىپ قارايدۇ!

جازا مەيدانىغا تۇرغۇن ئادەملەر توپلانغانىدى. ئۇلار خۇددى "ئىبرەت سازايىسى"دىن ساۋاق ئېلىشقا مۇناسىپتەك ھېچكىممۇ ئۇلارنى قوغلىمايتتى.

بابا "قۇتلۇق ئوردا" يېنىدىكى يول بىلەن ساقساقچا كېتىۋاتقان يولىنى ئۆزگەرتىپ، مۇشۇ جازا مەيدانىغا يېتىپ كەلگەن ھېلىقى ئىككى يىگىت دارغا ئېسىقلىق مەھكۇملەرنىڭ ھالاكەت تەقدىرىدىن خەۋەر تاپتىدە، غەزەپ-نەپرەتلىرى قايناپ-تېشىپ، ئۆزلىرىنى ئاران-ئاران بېسىپ تۇرۇشتى. بۇ يىگى ئەلەم-كۈلپەتلەر بىلەن يۈرەكلىرى قان-زەرداب بولغان ئىككى يىگىت دەردلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرۈپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ئادەملەر توپىدىن ئايرىلىپ چىقىشتى ۋە باشتىكى نىشانلىرى بويىچە، يەنە ئاۋۋالقى يولىنى داۋاملاشتۇردى.

لېكىن، بۇ يىگىتلەردىن بىرى نېمىشقىدۇر، گويا بىر دىلنازىنى تاللاپ يۈرگەن سەۋدايى مەجنۇندەك مەھەللە، كوچا ياقىلىرىدىن ئۆتۈشۈۋاتقان خوتۇن-قىزلارنىڭ ئۈزايىغا پات-پاتلا سىنچىلاپ قاراپ قويايتتى، بەزىدە ئىزىدا توختاپ، ئۇلارنىڭ تەقى-تۇرقىغا ئىنچىكىلەپ سەپسالاتتى. بۇ ھال

بۇ مەھكۇملارنىڭ ئۇستىباشلىرى قىپقىزىل قانغا بويالغان، ئەزايى-بەدەنلىرى خۇددى قاسراقتەك تىلما-تىلما قىلىۋېتىلگەن.

ئاشۇ جازا مەيدانىنىڭ غەربىي ھۇدۇدىغا مۇپاسىل كېلىدىغان چوڭ سېپىلنىڭ ئىچى تەرىپىدىكى ئېگىز بالىخانىلىق بىنادا تۇرۇپ خانئامبال ئۇرچۇنئا، ئەھمەت ۋاڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى ھۆكۈمرانلىق ھەيۋە-سەلتەنەتلىرىنى كۆز-كۆز قىلىپ، ئۆزلىرىگە گەدەنكەشلىك قىلغان بۇ مەھكۇملارنىڭ نالىسىدىن ھۇزۇرلىنىشماقتا ئىدى.

— ئاۋۇ ئىككىسى، — دەپ سۆز باشلىدى خانئامبال ئۇرچۇنئا يېنىدا ئولتۇرغان ئەھمەت ۋاڭغا ئوڭ قولى بىلەن ئېگىز دار ئۈستىدە ئېسىقلىق تۇرغان مەھكۇملارغا قاراشنى بېشارەت قىلىپ، — ھېلىقى بىزنىڭ خانئامبال مەھكىمىسى خادىملىرىمىزنى ”غالچا“، چېرىكلىرىمىزنى بولسا ”تايغان“ دەپ ئاتاپ يۈرگەن بويىنى قاتتىق گەدەنكەشلەر جۈملىسىدىن ئەتىمالىم، شۇنداقمۇ ۋاڭ غوجام ئالىيلىرى؟

— خوش، — دېدى ئەھمەت ۋاڭ جاۋابەن، — ئۇششاق، قارا پۇقرا دېگەن دېتى يوق كېلىدۇ. ئاخىرىغا بېرىپ مانا بۈگۈنكىدەك...

ئەھمەت ۋاڭ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولغىچە ئاسماندا پەيدا بولغان كەپتەر توپى ئۇنىڭ دىققىتىنى بىردىنلا ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. بويۇنلىرىغا كىچىك-كىچىك مىس قوڭغۇراق ئېسىپ قويۇلغان موللاقچى كەپتەرلەرنىڭ پەرۋازى ۋە قوڭغۇراق ۋاڭ-چۇڭى خان-غوجاملارنىڭ كۆڭۈل ئىشتەيلىرىنى ئۆزىگە تارتقانىدى. ”غوجامنىڭ قورسىقى توق، قولى بىلەن ئىشى يوق“ دېگەن مۇشۇ ئىدى.

— خانئامبال ئالىيلىرى، — دېدى ئەھمەت ۋاڭ ئاستا بېرىپ ئۇرچۇنئانىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — ھازىر سىلىنىڭ چاغان بايراملىرى ئاخىرلىشىپ، بىر ئاي ئۆتەر-ئۆتمەيلا ئۇنىڭغا ئۇلىشىپ، بىزنىڭ نورۇز بايرىمىمىز كەلگىنىنى قارىمامدىلا.

ئەھمەت ۋاڭ بۇ بېشارەت ئارقىلىق خانئامبالنىڭ ”نورۇزقۇم“

تاشنىڭ چوڭلۇقىدا بولۇشى مۇمكىن. ئۇ يارىتىلىشىدا پاك، سۈزۈك، كىرسىز، غۇبارسىز. لېكىن، ئۇنىڭ هايات دەردىنى كۆتۈرۈشلۈكى ئوخشمايدۇ، بەزىلىرى ئاسانلا كىرلىشىدۇ، بەزىلىرىنىڭ چىداملىقلىقى بۇ سۈزۈك تاشتىن نەچچە هەسسە ئۈستۈن تۇرىدۇ.

ئۇنىڭ ئىرادىسىگە شاهىتلىق بېرىپ تۇرىدىغان بىر جۈپ يوغان كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى. ئوقيا قاشلىرى تىنىمسىز مىدىرلايتتى. سۈزۈك تاشنى بىر دەم ئوڭ، بىر دەم سول ئالقىنىغا يۆتكەپ ئېلىپ، چىڭ مۇجۇقلايتتى. گاهىدا تەپەككۇر نەزەرى بىلەن ئەتراپقا كۆز تاشلايتتى.

شىمالدىكى ئېگىز مۇزات تاغلىرىنىڭ قارلىق چوققىلىرى ئاق بۇلۇت ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەن سانسىز مۇنارىدەك پەلەككە بوي تارتقانىدى. ئۇ، تەبىئەتنىڭ مەڭگۈلۈك ئابىدىسى، تەڭرىتاغنىڭ پەخىر-غۇرۇرى، باهار مەۋسۇمىنىڭ غۇر-غۇر شامىلى تەبىئەتنىڭ هايات بەخش شىپالىق هاۋاسىنى ئاشۇ مەنزىلدىن توختىماي ئەۋەتىپ دىللارغا هۇزۇر بېرەتتى.

هازىر كۈسەن ئېقىنى قىرغىقىدا سۆهبەت يۈرگۈزۈۋاتقان ئاشۇ ئىككى يىگىت مۇشۇنداق مۇهىتتا ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان مەرىپەت مەشئەللىرى هېسابلىناتتى. ئۇلار ”ساقساق مەدرىسى“دە بىللە ئوقۇپ، دوست بولۇشقانىدى.

يۇقىرىدا دوستىغا سوئال قويغۇچى يىگىتنىڭ ئىسمى قۇتبىدىن شاهسەنۇبەر، جاۋاب بېرىۋاتقان يىگىتنىڭ ئىسمى بولسا قۇربان ئىدى.

قۇربان بىر مەهەل ئېسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن سۆز تىزگىنىنى مۇددىئا مەنزىلىگە تارتتى:

— بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ئاغى تېغىدىكى مىس كانىغا بىرەيلەن ئېلىپ كەلگەن مۇنداق بىر خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئەندىشە قىلىپ تۇرالماي، تۈنۈگۈن ئاخشام شەهەرگە كىرگەنىدىم. مېنىڭ تەنها يېتىمە سىڭلىم مېنى ئىزدەپ سەهرادىن شەهەرگە كىرگىنىگە بىر هەپتىچە بولۇپتۇدەك. ئاخشامدىن بۇيان سۈرۈشتۈرسەم ئىز-دېرىكى يوق. ئۇ بۇرۇن شەهەرگە كەلمەك تۈگۈل، مەهەللە بوسۇغىسىدىن نېرى بېرىپ باقمىغان. بىرەر نائەهلىنىڭ

ئىككىنچى يىگىتنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى-دە، تاقەتسىزلىك بىلەن ئۇنىڭدىن سورىدى:

— دوستۇم، ساڭا نېمە بولدى، دېگىنە، بىرەرسىنى ئىزدىمەكچىمۇ ياكى بىرەر لايىق تاللىماقچىمۇ سەن؟

بۇرادىرىنىڭ بۇ سوئالىغا ئۇ نېمىشقىدۇر يا ھا، يا شا دېمىگەننىڭ ئۈستىگە بايىقىدەكلا ئۆتكەن-كەچكەنلەرنىڭ بوي-سىياقى، چىراي-رۇخسارىنى تەھقىقلەش نەزەرى بىلەن مېڭىۋەردى.

ئۇلار شۇنداق ئۈن-تىنسىز مېڭىپ بىر مەھەلدىن كېيىن كۇسەن كېچىكىگە يېقىنلاشتى ۋە ئازادىرەك بىر قىرغاقتا بېرىپ ئولتۇرۇشتى.

باياتىندىن بېرى بۇرادىرىنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ كېلىۋاتقان سىنچى يىگىت ھاياجانلىنىپ:

— سۆزۈمگە قۇلاق سال ئاغىنە، بىز ھېلىلا كۆرۈپ كەلگەن، ”ھاكىم بەگ مەھكىمىسى“ ئالدىدىكى مەيداندا دارغا ئېسىلىپ، قىزىل قانغا مىلىنىپ ھالاك بولغان ئىككىيلەننىڭ بىرى بولسا، ئۇگەن دەريا ھاشىرىدىن قاچقان، بىتەلەي پاناھسىز دېھقان، يەنە بىرى بولسا، مىس كان تېغىدىكى ئېغىر ئەمگەك، جەبىر-زۇلۇم ۋە قورساق ئاچلىقىغا پايلىماي قاچقان نامرات ھۈنەر-ۋەن كاسىپ. مەنمۇ ئاشۇ مىس كان ئەمگىكىگە تۇتقۇن قىلىنغان دەردمەن-لەرنىڭ بىرى. بۇنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن؛ مېنىڭ، سېنىڭ تەقدىرىمىز، ئاشۇ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن دەردمەنلەرنىڭ تەقدىرى ۋە قىسمەت شورى بىلەن ئوخشاش ... — دېدى.

ئۇ سۆزىنى توختىتىپ بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرغان پېتى بېرىپ، ئۇدۇل تەرەپتە — ئۈچ مېترچە يىراق جايدا پارقىراپ كۆرۈنگەن، چوڭلۇقى ئالمىچىلىك كېلىدىغان بىر سۈزۈك تاشنى قولىغا ئالدى-دە، گويا قاشتېشى تېپىۋالغاندەك تاشقا خېلى ئۇزۇنغىچە قاراپ چىققاندىن كېيىن، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— قارىغىنە دوستۇم، ئادەملەرنىڭ يۈرىكى ئېھتىمال مۇشۇ سۈزۈك

كۆيۈپ تۇرغان ۋۇجۇدىدىكى ھارارەت ئۇتىنى بىر ئاز بولسىمۇ سەگىتىۋېلىش-
تى-دە، شەرقىي قىرغاققا چىقىپ، ساقساق تەرەپكە قاراپ قەدەم تاشلىدى.
كۇسەن كېچىكىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىن تاكى ساقساق ئۆستىڭى
ساھىلىغىچە شاھمات تاختىسى شەكلىدە بىنا قىلىنغان "كۇڭگاك"
(مەنسەپدارلار سارىيى) مەھەللىسى قەد كۆتۈرگەنىدى.
ئالاھىدە پىشۇرۇلغان گۈللۈك خىشتىن قوپۇرۇلغان تام-تورۇسلىرى،
لىم-جەگىلىرى، روجەك-كۆزنەكلىرى چىرايلىق نەقىشلەنگەن، ئىشىك، دې-
رىزىلىرىگە گۈللۈك دۇخاۋا پەردىلەر تارتىلغان، دەھلىزە-دالان، ساراي-ئاي-
ۋانلىرىغا قىپقىزىل گىلەم-پايانداز لار سېلىنغان، تويۇق-تەكچىلىرى رەڭگا-
رەڭ قاچا-قۇچىلار بىلەن جاھازلانغان، نۇرغۇن قىز-دېدەكلەر كېچە-كۈندۈز
پايپېتەك بولۇپ مۇلازىمەت قىلىپ تۇرىدىغان بۇ خانلىق ساراي-ئايۋانلاردا
مەنسەپدارلار دەرىجىلىرى بويىچە ماكانلىشىپ ئەيش-ئىشرەت سۈرەتتى.
بۇ يەردىن خۇشامەتچىلەرنىڭ، دەللال بۇۋىلەرنىڭ، جازانىخور قەللاپ-
لارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ھارامدىن ئۇلجا قىلىنغان بايلىق-تاپاۋەتلەر بۇ
يەردە ئېچىلغان بۇزۇقچىلىق سورۇنلىرى ۋە تاۋكا تۇرخۇنلىرىدا توزۇپ
باراتتى. بەگ-بايۋەچچىلەرنىڭ شەھۋانىي قارمىقىغا ئېلىنغان نۇرغۇن مەسۇ-
مە قىزلارنىڭ ئىپپەت-نومۇسى دەپسەندە قىلىناتتى.
ئىككىيلەن قەدەملىرىنى تېزلىتىپ، بۇ نەپرەتلىك، ناپاكلار دۇنياسىدىن
يىراقلاشتى-دە، ساقساق ئۆستىڭىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا يېتىپ باردى.
ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۆزلىگەن مەنزىلگاھى دەل مۇشۇ يەردە ئىدى.
— بىز مانا ئەمدى مەرىپەت نۇرى بىلەن نۇرلانغان باشقىچە بىر
ساھىلغا كېلىۋالدۇق، — دېدى قۇربان سۆيۈنۈپ.
دېمىسىمۇ، ئاۋام خەلق ئارىسىدا: "تەڭرى كۇسەن كېچىكىنىڭ غەربىي
ساھىلىغا زۇلمەتنى، شەرقىي ساھىلىغا مەرىپەتنى بەخشەندە قىلىپ بەرگەند-
كەن" دەيدىغان رىۋايەت بار ئىدى. گويا ئاشۇ تەقسىماتقا مۇۋاپىق كەلگەن-
دەك بۇ يەردە "بۇزرۇكۋار مەۋلانا ئەرشىدىن مازىرى"، "مازار سۆگەت

دامىغا چۈشۈپ كېتەرمىكىن، دەپ زادىلا خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن ...

قۇربان سۆزىنى تۈگىتىپ قانداقتۇر بىر سىرلىق سوئال نەزىرى بىلەن
بۇرادىرىنىڭ كۆزىگە تىكىلگىنىدە دۈپدۈگىلەك يۈزلىرى ئېسىلىپ، لەۋلىرى
تىترىگەندى. ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسىدە پەيدا بولغان قوناق دانىسى چوڭلۇ-
قىدىكى تەر تامچىلىرى ۋۇجۇدىدا كۆتۈرۈلگەن غەزەپ ئىسيانىدىن بەلگە
بېرەتتى. ئۇ قولىدىكى سۈزۈك تاشنى مۇجۇقلاپ تۇتقان پېتى شاھسەنۇبەر-
نىڭ مەسلىھىتىنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ تۇراتتى.

قۇتبىدىن شاھسەنۇبەر كۆزگە كۆرۈنگەن خەلق شائىرى بولۇپ،
باشقىلار ئۇنى ”شاھسەنۇبەر“ دېگەن تەخەللۇسى بىلەن چاقىرىشنى ياخشى
كۆرەتتى، ئۆزىمۇ ئاشۇ تەخەللۇسى بىلەن پەخىرلىنەتتى. ئۇ ”پېشىل قارى-
غاي سەركىسى“ ئۇقۇمىدىكى بۇ تەخەللۇسنى خەلق ئىچىگە سىڭدۈرۈش
ئۈچۈن باش كىيىمىگە قارىغاي بەرگىسىنى قىشۇياز تاج ئورنىدا بېكىتىۋالات-
تى. ئىسمى-جىسمىغا ماس كەلگەن بۇ تەخەللۇس ئۇنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك
ئاما ئىچىدە تېزلا ئۆزلىشىپ كەتتى. قۇرباننىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىجىللىقى
ئاشۇ سەۋەبتىن ئىدى.

— دېگەنلىرىڭ توغرا، — دېدى شاھسەنۇبەر ئىچىدە خېلى ئۇزۇن
مۇلاھىزە قىلىۋالغاندىن كېيىن، قۇرباننىڭ يوقىرىدىكى كۆز قاراشلىرىغا
جاۋابەن، — زۇلۇم كۆپەيسە، زاۋالى يېقىنلايدۇ، يىغا بىلەن كۈلكە ئالمىشىپ
تۇرىدۇ، زالىمنىڭ تاجىسىنى مەزلۇملار سۇپۇرگە قىلىدىغان كۈنلەرمۇ كېلى-
دۇ. ھەزىلكەش تەقدىرنىڭ ئويۇنى ئەنە شۇ.

شاھسەنۇبەر ئارقىدىن تەكىتلەپ دېدى:

— ئەنە قارا، چۈش بولاي دەپ قاپتۇ. دەرد-پىغان، ئارزۇ-ئارمانلى-
رىمىزنى يەنە سۆزلىشىمىز. بىز ئاۋۋال ساقساق تەرەپتىكى ئىشىمىزنى ئادا
قىلىۋالايلى. يۈر ئەمىسە ...

ئىككىلەن كوسەن كېچىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە كېچىپ بېرىپ، ئې-
قىنىنىڭ شىمالىغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ، ئۈچۈملاپ سۇ ئىچتى ۋە گۈلخاندەك

يىگىت چىقسا يۇرتۇمدىن،
تايغان ئەركىن يۈرەلمەس.
شۇنداق دىتلىق بىر يىگىت،
نەكەمگىچە تۆرەلمەس.

ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كۆڭۈل-كۆكسىنى ھاياجانغا سالىدىغان بۇ مەنىلىك ناخشا-قوشاقنى بىر نۆۋەت ئېيتىپ بولۇپ، ياندۇرۇشلاپ يەنە بىر قېتىم ئوقۇشقا تەمشىلىۋاتقان بايىقى قىزلار يانلىرىغا يېقىنلا كېلىپ قالغان ئىككى يىگىتنى كۆرۈپ شۇ يەرگە يېقىن بىر قورۇغا كىرىپ كېتىشتى.

قۇربان ناخشا-قوشاقنى تولۇق ئاڭلىيالماي قالغانلىقىدىن ھەسرەتلەندى. ئۇنىڭ بۇ روھىي كەيپىياتىنى سېزىۋالغان شاھسەنۇبەر:

— دېگىنە دوستۇم، ساڭا نېمە بولدى، مەنغۇ ناخشا-قوشاقنى ئاڭلىغىنىم ئۈچۈن خۇشاللىقىمنى ئىچىمگە سىغدۇرالمايۋاتىمەن، سەنچۇ، سەن نېمىگە ھەسرەت چېكىسەن، — دېدى.

قۇربان بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋېتىپ، ئارقىدىن دوستىنىڭ سوئالىغا جاۋابەن:

— مەن ناخشا-قوشاقنى ئوچۇق ئاڭلىيالماي داغدا قالدىم، — دېدى.

شاھسەنۇبەر قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ئاندىن:

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما ئاغىنە، يېنىمدا مانا مەن بار، ئاشۇ ناخشا-قوشاقنىڭ سۆزىنىمۇ، مۇسىقىسىنىمۇ مەن تۇزۇپ خەلق ئىچىگە تاراتقان. ئىشەنمىسەڭ ئاڭلاپ تۇرغىن، مانا ئېيتىپ بېرەي، — دېدى.

شاھسەنۇبەر راستىنلا بايىقى قىزلار ئېيتقان ناخشا-قوشاقنى ئەينەن ئوقۇپ بەردى. قۇربان دوستى شاھسەنۇبەرنىڭ ئىقتىدارىغا بارىكاللا ئېيتتى. ئۇنىڭ چېگىلگەن كۆڭلى بىردىنلا يېشىلىپ كەتتى.

ئۇلار ھازىر تەۋەرۈك ئابىدە — «مازار سۆگەت» يېنىدا تۇراتتى. بۇ بۇزرۇكۋار دەرىخنىڭ چوڭ غول چەمبىرىكى گىرەلەشكەن ئۈچ-تۆت

بارگاھى» ھەمدە «ئاق مەدرىسە» قاتارلىق مۇقەددەس جايلار ئورۇنلاشقان.

قۇربان بىلەن شاھسەنۇبەر ھازىر مازار سۆگەت تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى. باھارنىڭ مۇشۇ قۇتلۇق نورۇز كۈنلىرىدە بۇ مۇبارەك سۆگەتكە بەيئەت قىلىپ ئۆتۈش ۋاجىبۇلشەرت ئىدى. ئىككى دوستنىڭ قەدەم سائەتلىرى ئاشۇنداق ۋاقىت ئۇقتاسىغا توغرا كەلدى.

ئەسىرلەر يادىكارى — بۇ مۇقەددەس دەرەخنىڭ ئېرىراقىدىكى كىچىكرەك تۈزلەڭلىكتە بىرمۇنچە قىز باللار بەخىرامان تەپكۈچ ئويناۋاتاتتى. ئۇلارنى ئانىلىرى خۇددى با مەسلىھەت بىر خىل ياساپ قويۇشقاندەك ھەممىسى ئۇچىسىغا قىزىل چەكمەندىن چىلتىكە، گۈللۈك شاتىۋا كۆڭلەك، باشلىرىغا مەشۇت قويۇلغان چىمەن دوپپا، پۇتلىرىغا بولسا پاسونى بىر خىل تىكىلگەن قارا كۆن ئۆتۈك كىيىشكەنىدى.

ئۇلارنىڭ ئارقا بېلىگىچە تاشلىنىپ تۇرغان سەككىز ئۆرۈم بوستان چاچلىرى ئۇلارنىڭ زىبا بويلىرىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرگەنىدى.

ئەجەبلىنەرلىكى، بۈگۈن ئۇ قىزلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاق داكىدىن بەلۋاغ قىلىپ، بەللىرىنى باغلىۋېلىشقانىدى.

مازار سۆگەت تەرەپكە قاراپ يىراقتىن كېلىۋاتقان يىگىتلەرنىڭ قارىسىنى كۆرگەن ھېلىقى قىزلار ئىنتايىن تېزلىكتە ئويناپ تۇرغان تەپكۈچلىرىنى يىغىشتۇردى-دە، دەرھال بەللىرىدىكى داكىلارنى يېشىپ، باشلىرىغا رومال قىلىپ ئارتىشىۋالدى. ئارقىدىنلا چەمبەر تۈزۈپ، چۆرگىلەپ يۈرۈپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

لاچىن كەلسە ئاق كەپتەر،
ئۇۋىسىدىن چىقالماس.
تايغان كەلسە ئەر-خوتۇن،
قورۇسىدىن چىقالماس.

— بىزنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىمىزدا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:
— ”ھۆكۈمرانلار مىسالى قويچىغا ئوخشايدۇ، قويچى ئۆز قوي پادىلىرىغا غەمخور بولسا قويلىرى كۆپىيىدۇ، سېمىزلەيدۇ. قويچىمۇ خۇش-خۇرام ياشايدۇ. مەرتىۋىسى ئۆسىدۇ. ئەكسىچە بولسا قوي پادىلىرى ۋەيران بولىدۇ-دە، قويچىنىڭ ئۆز ھالىمۇ بەتتەرلىشىدۇ. مادامىكى، ھۆكۈمرانلىق بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قانۇنىيەتلىرىمۇ ئاشۇ تەمسىلگە ئەينەن ئوخشايدۇ. ئەگەر ھۆكۈمرانلار پۇقراپەرۋەر بولسا يۇرت ئاۋاتلىشىدۇ: ئەكسىچە بولسا يۇرت خارابلىشىدۇ. ھۆكۈمرانلىق سەلتەنەتلىرىمۇ زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ ...“
مۇدەررىسنىڭ سۆزلىگەن ھېكمەتلىرى قۇربان قاتارلىق ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبىنى يايرىتىۋەتكەنىدى.
تەپسىر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەھلى جامائەت ئەنئەنىۋى قائىدە-يوسۇن بىلەن ئۆزئارا يۈز كۆرۈشۈپ تاراشماقتا ئىدى. دەل شۇ ئەسنادا جامائەت ئىچىدىن ئوتتۇرا ياشلىق، ئېگىز بوي، قىسقا قىلىپ تەكشى قىرقىلغان قارا ساقاللىق، قەددى-قامەتلىك بىر كىشى چىقىپ كەلدى-دە، ئۇدۇل بېرىپ قۇربان بىلەن شاھسەنۇبەردىن ئېسەنلىك سورىدى ۋە كەسكىن تەلەپپۇزدا:
— يۇرۇڭلار، سىلەر بۈگۈن ماڭا مېھمان بولۇڭلار! قالغان گەپ-سۆزلىرىمىزنى بىزنىڭكىدە قىلىشىمىز. دىدار غەنىيمەت، — دېدى.
ئۇچەيلەن خانىقا دەرۋازىسىدىن بىللە چىقىپ، ساقساق ئۆستىڭىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە قاراپ، تاللىقلار ئارىسىدىن يۈرۈپ كەتتى.
ساھىبخاننىڭ ئۆي-قورۇسى بۇ يەردىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. ساھىبخان ئىككىيلەننى ئاددىي ساراي ئۆيگە باشلىدى:
— ئاۋۋال تائام، بەدەز كالام، دەيدىغان ئەنئەنىمىز بىزگە بوۋىلاردىن مىراس قالغان. قېنى ئاۋۋال چاي-پاي ئىچىۋېلىڭلار، ئاندىن كېيىن ئۆيدىكىلەر تاماق تەييارلاپ بېرىدۇ. بۇنداق ئۇچرىشىش بىز ئۈچۈن ئىنتايىن

كىشىنىڭ غولاچلىرى ئۇزۇنلۇقىغا توغرا كېلەتتى.

ئۇنىڭ چوڭ بىر غولىدىن تەرەپ-تەرەپكە كېڭەيگەن سان-ساناقسىز يوغان شاخلار باراقسان تاللىرىنى كۆتۈرەلمەي، يېقىلىپ چۈشۈپ، ئۆزىنى چوڭ قىلغان ئانا تۇپراق باغرىنى قۇچاقلايتتى ھەمدە ئاشۇ يەردىن يەنە ئۇزۇقلىنىپ قايتا كۆكلەپ ئۆسۈپ، ئاسمان پەلەك كۆتۈرۈلگەنىدى.

قۇربان بىلــەن شاھسەنۇبەر بۇ يەردە ئانچە ئۇزۇن ھايال بولماي "ئاق مەدرىس" تەرەپكە قەدەم قويدى. ئۇ يەردە ئۇلار بۈگۈنكى ئىلمىي تەپسىرگە قاتناشماقچى ئىدى.

"ئاق مەدرىس"نىڭ ئاپئاق سەلتەنەتلىك مۇنار، پەشتاقلىرى گويا كۆپكۆك ئاسمان گۈمبىزى ئوتتۇرىسىدا مۇئەللەق تۇرغۇزۇلغان نۇرلۇق مەشئەلگە ئوخشايتتى. موللا ئوسمان مۇدەررىس[1] قاتارلىق نوپۇزلۇق ئۆلىما-لار بۇ مەكتەپ مۇنبىرىدە ئىلمىي ھېكمەتتىن ساۋاق بېرىپ، مەرىپەت جەۋھىرى چاچاتتى.

زامانىسىنىڭ بۇ داڭلىق مەرىپەت باغچىسىغا نازىرىم ئويمانلىقى ۋە جوڭغارىيە بوستانلىقىدىكى ھەممە يۇرتلاردىن بىلىم تەشنالىرى تۈركۈم-تۈركۈملەپ كېلىپ بىلىم ئالاتتى.

يەنە كېلىپ بۇ مەشھۇر مەدرىسىنىڭ ئالىملىرى ئەينى زامان مۇھىتىدا نامى چىققان خەلقپەرۋەر زاتلار ۋە دەردمەن پۇقرالارنىڭ دادىخاھ باشپاناھ-لىرى ئىدى. ئاشۇ ۋەجىدىن خار-زارلىقتا قالغان كىشىلەرنىڭ قەلبى مۇشۇ مەرىپەت يۇرتى — ئاق مەدرىسكە ھامان تەلپۈنۈپ تۇراتتى.

بۈگۈن بۇ يەردە ئۆز قەرەلى بويىچە بىر چوڭ ئىلمىي مەرۇپ مۇھاكىمىسى ئۇيۇشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئىشتىراك قىلغۇچىلارنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ ئىدى. مۇنبەردە مۇدەررىس موللا ئوسمان ھازىر بولدى-دە، جۇشقۇن، جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن تەپسىر قىلىشقا كىرىشتى:

---

[1] موللا ئوسمان مۇدەررىس — داڭلىق ئالىم. تارىخچى موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئۇستازى. — ئاپتوردىن.

قىستۇرۇپ:

— مەھجۇرى بايا قۇربانىنىڭ سۆز ماھارىتىنى تىلغا ئېلىشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپتۇ-دە، — دېدى.

شاھسەنۇبەرنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ئۇ ئىچىنى بىردىنلا كۈلكە قاپلىدى.

قۇربان كۈلكىسىنى ئۈزۈپ سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى:

— قەدىمكىلەرنىڭ: "ئاتا كەسپىڭنى ئۇنتۇما، شىر چۇرقۇقۇڭنى قۇرۇتما" دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى راست ئىكەن، تاغامدىن ئۆگىنىۋالغان تۆمۈرچىلىك ھۈنىرىم ئەسقاتتى ۋە مېنى تاۋلاپ چىقتى.

— سىز بۇ يەرگە، — دېدى مەھجۇرى مۇددىئا مەنزىلىگە ئۆتۈپ، — ئاغىدىن قاچان كەلدىڭىز؟

— تونۇگۈن. بۇ دورەم كېلىشىمنىڭ سەۋەبلىرىنى مەن بايا دوستۇم شاھسەنۇبەرگە سۆزلەپ بەردىم. ئالاقاغا كەنتىدىكى ئۆيىمىزدە يالغۇز بىر تالللا يېتىمە سىڭلىم قالغان. ئۇنىڭ مېنى ئىزدەپ شەھەرگە كىرىپ كەتكەنلىك خەۋىرى تاغقا يېتىپ باردى. بۇنى ئاڭلاپ جىم تۇرالمىدىم. ئۇ، بىرەر نائەھلىنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتمىگىيدى، دېگەن ئەندىشە ئىچىمگە كىرىۋالدى-دە، دەرھال شەھەرگە كىرىپ ئىزدەشكە باشلىدىم. بۈگۈن ئەتىگەندە ھاكىم بەگ مەھكىمىسى ئالدىدىكى مەيداندا دارغا ئېسىپ قەتل قىلىنغان ئىككى نامۇراد قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قىسمىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ئىچىم خۇن بولدى. بۇ ناھەقچىلىككە چىداپ تۇرالماي، ئاخىر سىلى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىم.

قۇربان سۆزىنى تۈگەتتى-يۇ، ئىككى كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ، گويا يۇقىرىدىكى سۆزلىرىنى ئىچىدە يەنە بىر قېتىم كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك جىمىپ كەتتى. ئۆي ئىچىنى خېلى بىر ۋاقىتچە جىمجىتلىق قاپلىدى.

قەتل قىلىنغانلارغا قارىتا دەقىقە سۈكۈت بەجا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن مەھجۇرى ھاياجانلانغان ھالدا يۈرەك سۆزىنى دېدى:

غەنيمەت.

ساھىبخان سۆزلىگەچ داستىخان سېلىپ، نان-توقاچ ۋە چاي كەلتۈر-دى.

ساھىبخان مۇشۇ مەھەللىدە ئۆسكەن ئەليارخان مەھجۇرى دېگەن نوپۇزلۇق كىشى ئىدى. ئۇ ئادالەتپەرۋەر پەزىلەتلىرى بىلەنلا ئەمەس، تامچى ۋە نەققاشچىلىق ھۈنەر-سەنئىتى بىلەنمۇ ئەل ئىچىدە ئابرويلۇق ئىدى. ئۇ ئاق مەدرىسىنى سېلىش ئىشىدا ياغاچ ئويمىچىلىق ۋە نەققاشلىقى بىلەن ئاجايىپ ماھارەت كۆرسىتىپ داڭ چىقارغان. مەشھۇر بىناكار ئۇستىلارمۇ ئۇنىڭغا رىقابەتتە تەڭ كېلەلمەيتتى. ئۇ يەنە ماھىر چېلىشچى ئىدى[①].

ئەليارخان مەھجۇرنىڭ ئاشۇ ئىقتىدارىغا مۇناسىپ ھالدا، ئۇنىڭ ئاق مەدرىستىگى پىر ئۇستازلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا "مەھجۇرى" (يۆتكىگۈچى، يېڭىلىغۇچى) دېگەن تەخەللۇسنى قويۇپ قويغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇ تەخەللۇس ئەل ئىچىدە سىڭىشىپ قالغان.

مەھجۇرى چاي ئۇتلاۋېتىپ، قۇرباننىڭ تەقى-تۇرقىغا بىر قۇر نەزەر سېلىۋالغاندىن كېيىن، بىرىنچى بولۇپ گەپ تەشتى-دە، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— يىگىت، ئاغى تېغىدىكى مىس كان ھاشىرى سىزگە ياراشتىمۇ نىمە؟ بويلىرىڭىز رۇستەمى داستان سۈپەتلىك، بېلەكلىرىڭىز قاۋۇل، مۇش-تۇملىرىڭىز خۇددى بازغاننىڭ بېشىدەك كۈچلۈك كۆرۈنىدۇ.

قۇربان جاۋابەن:

— تېپىپ سۆزلىدىلە، تەقسىر. قەدىمكىلەر "ئىت ئىتنىڭ خۇيىنى ئالىدۇ، شىر شىرنىڭ خۇيىنى ئالىدۇ" دەپتىكەن، مېنىڭمۇ بازغان تۇتقان قولۇم بازغاننىڭ خۇيىنى ئالغاندۇر، ئەتىمالىم، — دېدى.

قۇرباننىڭ تەمسىلىگە مەسلىكى كەلگەن شاھسەنۇبەر ئارىغا سۆز

---

① ئەليارخان مەھجۇرى كېيىنچە 1864 — يىلىدىكى كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ داڭلىق باھادىرى بولغان. — ئاپتوردىن.

ئىشچىلىرىنىمۇ بىر ھەپتە قويۇپ بېرىدىكەن. شۇڭا سىزمۇ بىز بىلەن بىللە بارسىڭىز سىڭلىڭىزنى شەھەردىن تاپالمساق، نورۇز قۇم سەيلىسىدە ئۇچرىتىپ قېلىشىمىز مۇمكىن ... — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئارسالدى بولۇپ تۇرغان قۇربانمۇ مەھجۇرنىڭ تەكلىپىگە كۆندى ۋە دادىللىق بىلەن:

— ماقۇل، مەن بارىمەن ھەم مەيدانغا چۈشىمەن. يۈلەنچىكىمىز خەلق. مەن تۇغۇلغان چاغدا ئاتام مېنى «بۆرە بالىسى تۇغۇلدى» دەپ خۇش بولۇپتىكەن. قورقىدىغان نېمىسى بار، — دېدى.

— بەللى، بەللى، يارايسىز، بۆرە بالىسى، ئەزىمەت، — دېدى مەھجۇرى، دەرھال قۇرباننىڭ قولىنى ئۇشلاپ تۇرۇپ، — يىگىتلىك غۇرۇرى دېگەن مانا شۇنداق بولىدۇ. ئوغۇل بالا مۇشۇنداق چاغدا مەيدانغا مۇشتلىيالايدۇ. ۋەدىلەشتۇق. قېنى ئەمسە ۋەدىمىز ۋەدە!

زاۋال چۈشۈپ، قاش قارايغانىدى. داستىخان يىغىشتۇرۇلدى، مەززىلىك تائام ئۈچۈن رەھمەت ۋە بەرىكەت دۇئاسى ياندۇرۇلدى. قۇربان بىلەن شاھسەنۇبەر ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلگەندە، مەھجۇرى:

— بۈگۈن مۇشۇ يەردە قونۇپ قېلىڭلار، تېخى قېنىشمىدۇق، — دېدى.

شاھسەنۇبەر گەپنى ئەگىتمەي، قۇرباننىڭ تىلى بىلەن جاۋاب بېرىپ:

— مەنغۇ مەيلى، قۇربان ئەگەر لالەنى كۆرمىسە كېچىسى ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ، چېلىشقىمۇ يارىماي قالىدۇ ... — دېدى.

ئۇلار كۆلكە شادلىقى ئىچىدە خوشلاشتى.

بۇ يەردىن جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، يېرىم چاقىرىمچە يول يۈرگەندە ساقساق ئۆستەڭنىڭ ئىككى بۆلۈنمە تارمىقى — كۈچىئېرىق، خانئېرىق ئۆستەڭلىرى ئايرىلغان توغان بېشىغا يەتكىلى بولاتتى. ئۆستەڭ ياقىلىرى تال، دەرەخلىق؛ تار يولنى بويلاپ قاتار كەتكەن ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىكى باغلاردا ئېچىلغان ئۆرۈك چېچەكلىرىنىڭ خۇش پۇراقلىرى دىماغقا ئۇرۇلۇپ، كۆڭۈل-

— ھازىر بىز كەچۈرۈۋاتقان قىسمەتلەر ئوخشاش. سېپىل دارۋازىسىغا مىخلاپ ئۆلتۈرۈش، دارغا ئېسىپ قەتل قىلىش ئارقىلىق پۇقرالارغا پوپوزا قىلىش. يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ يېغى بىلەن ئۆز گۆشىنى قورۇش ... بىراق، تارىخ مۆلچەرىگە تايانغىنىمىزدا ھازىرقى پەيت "قوشقاچ يېغىلىقى" مەزگىلىگە ئوخشىمايدۇ. جاللاتلارنىڭ زىققى توشۇپ قالدى. ئەجەل پەيمانى تولدى. ئەلنىڭ دەرد-ئەلەملىرى ھازىر گۆشتىن ئۆتۈپ ئۇستىخانغا يەتتى. "يەرگىمۇ بىر نۆۋەت، ئەرگىمۇ بىر نۆۋەت" دەيدىغان ۋاقىت يېقىنلاشتى. تۇلپارنىڭ ھىدايەت تىزگىنىنى نىجاتلىق سارىيىغا قارىتىپ بۇراش بىزنىڭ بۇرچىمىز.

مەھجۇرنىڭ بۇ ئىلھامبەخش سۆزلىرى شۇ تاپتا دوستلىرىغا چوڭقۇر ئىشەنچ بېغىشلىغانىدى.

مەھجۇرى مېھمانلارنى غىزاغا تەكلىپ قىلىپ:

— قېنى، بۇرادەرلەر، ئەمدى ئالدىمىزدىكى رىزقى-نېمەتكە باقايلى، — دېدى.

ساھىبخان مېھمانلىرى بىلەن قىزىق سۆھبەتلەرنى قۇرۇپ تاماققا تۇتۇش قىلدى. تاماق ئارىلىقىدا مەھجۇرى مېھمانلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ:

— ئاڭلىسام بۇ يىلقى نورۇز قۇم سەيلىسىگە خانئامبال ئورچۇنئا بىلەن ئەھمەت ۋاڭ ۋە ئۇلارنىڭ قۇيرۇقچىلىرىمۇ بارارمىشلا. ئۇ يەردە ھەممىدىن بەكرەك قىزىپ كېتىدىغىنى چېلىش. بىزمۇ بېرىپ قىزىقچىلىقنى كۆرۈپ كەلمەيمىزمۇ؟ — دېدى.

مەھجۇرنىڭ بۇ تەكلىپىگە شاھسەنۇبەر بېشىنى لىڭشىتىش ئارقىلىق مايىللىقىنى ئىپادىلىدى. بىراق، قۇربان ئاللىقانداق بىر خىياللارغا پېتىپ، شۈكلىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ روھىي ھالىتىنى سېزىپ ئولتۇرغان مەھجۇرى قۇربانغا قاراپ:

— نورۇز قۇم سەيلىسى مەزگىلىدە ئاغى تېغىدىكى مىس كان

لاله يەنە سورىدى:

— سىلى كىم، دەۋاتىمەن؟

— مەن، قۇربان ...

دەرۋازا دەرھال ئېچىلدى. لاله ئۆزىنىڭ ئاشىقى بىلەن دىدار كۆرۈ-شۈش پۇرسىتى تۇغۇلغانلىقىنى ھېس قىلدى-دە، ئىچكە بىردىنلا ئوت تۇتاشتى ۋە ئالدى-ئارقىغا قارىماي، "ۋاي... كىچىك ئاپا، چاققان..." دەپ تۇۋلىغىنىچە ئىچكەركى ئۆيىنى ... سەرەمجانلاشتۇرۇش ئۈچۈن كىرىپ كەتتى. دەرۋازىنى قۇربان ئۆزى نوكىلاپ قويغاندىن كېيىن، قورۇ ئىچىدە كۈتۈپ تۇردى. بىر مەھەلدىن كېيىن لالەنىڭ كىچىك ئاپىسى ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقىپ، قۇرباننى ئۆيگە باشلىدى.

ئۇلار ئۆزئارا ئېسەنلىك سوراشتى. قۇربان ئۆزىنىڭ تاغدىن چۈشۈش سەۋەبىنى سۆزلەپ بەردى.

— ھېلىمۇ سالامەت ئىكەنلا بالام، — دېدى موماي قۇرباننىڭ سۆزىدىن كېيىن، — ئايغىمىزدىن شامال ئۆتۈپ تۇرسىلا، بۇ پېشكەلچە-لىكىمۇ ئۆتۈپ كېتەر، بىز لاله بىلەن ئىككىمىزمۇ، بىرىنچىدىن خۇداۋەندە كەرىمنىڭ ئىلتىپاتى؛ ئىككىنچىدىن، مەۋلانا ئەرشىدىن پىرىمىزنىڭ يۆلىشى-دىن مۇشۇنچىلىك ئۆتۈۋاتىمىز.

موماي سۆزلەۋېتىپ، خىرەلەشكەن كۆزلىرىگە ياش ئالاتتى. لاله بولسا شىرە ئۈستىگە ياندۇرۇپ قويۇلغان جىن چىراغىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ بادام دوپپىغا گۈل كەشتىلەش بىلەن بەنت بولغاچ، كۆز قىرىدا پات-پات قۇربانغا قاراپ قوياتتى.

ئۆينىڭ بىساتلىرى ئاددىي، كاڭ ئۈستىگە بىر پالاز بىلەن بىر پارچە كونا تەڭلىمات كىگىز سېلىنغان، ئويۇق تەرىپىگە بىرقانچە شاتىۋا يوتقان-كۆرپە ۋە گۈللۈك تەكىيە تىزىلغانىدى.

موماي "قۇشقاچ يېغىلىقى"دا ئېرى قازا تاپقاندىن بېرى تۇل قالغان. ھازىر بۇ ئۆيدە موماي بىلەن لاله — ئىككىلا جان بار. ئۆينىڭ تۇرمۇشى

نى مەست قىلاتتى.

شاھسەنۇبەرنىڭ قورۇسى ھەممە قۇربانىنىڭ سۆيگەن جانانى — لالەنىڭ ئۆيى مانا مۇشۇ مەھەللىدە ئىدى.

— يول ئايرىشقا كەلدۇق، بۇرادىرىم، — دېدى شاھسەنۇبەر ئىزىدا توختاپ، ئاندىن قۇربانىنىڭ قولىقىغا، — ھېلى قىلىشقان ۋەدىمىز بويىچە بىز ئۆگۈنلۈككە چوقۇم نورۇز قومدا كۆرۈشەيلى. سەن بۇگۈن تەنھا بېرىپ لالەنى يوقلا. ئىمكان بار لالەنىمۇ سەيلىگە بىللە ئېلىپ بار، — دېدى.

— لالەنىڭكىگە ئىككىمىز بىللە بارساق، — دېدى قۇربان. شاھسەنۇبەر پىسسىڭىدە بىر كۈلۈۋېتىپ، ئارقىدىن بىر قوشاق ئوقىدى:

يار بىلەن پىنھان كۆرۈش،
ئېيتار ساڭا ئۆز دەردىنى.
بولسا گەر غەيرىي كىشى،
ئاچماس ئىمىش ئىچ سىرىنى.

ئادەتتە كەم كۈلىدىغان قۇربان دوستىنىڭ ئېغىزىدىن چىققان بۇ مەنىلىك قوشاقنى ئاڭلىغان ھامان كۈلۈۋەتتى ۋە شاھسەنۇبەر بىلەن قول سىقىشىپ خوشلاشتى.

قۇربان سالماق قەدەم ئېلىپ مېڭىپ، ئۆزىگە تونۇش بولغان قورۇ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. دەرۋازا ئىچىدىن نوكىلاقلىق ئىدى. ئۇ دەرۋازىنى ئىككى، ئۈچ قېتىم يېنىك چەكتى. ئۆي ئىچىدىن ئاياغ تاۋۇشى كەلدى:

— كىم؟

قىزنىڭ ئاۋازى — لالەنىڭ ئاۋازى ... قۇربانىنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىشقا باشلىدى. ئۇ، ”مەن“ ياكى ”پالانى مەن“ دەپ دەرھال جاۋاب بېرىشنى بىرئاز كېچىكتۈرۈپ قويدى.

قوزغىلىپ قالسا مېنىمۇ، سىلىنىمۇ بىئارام قىلىدۇ. مەن كىچىككىنە ئارام ئالاي، — دېدى.

موماي نېرىقى ئۆيگە دەم ئېلىشقا چىقىپ كەتتى. قۇربان بىلەن لالە كاڭ ئۈستىدە ئۇكچە پاراڭ سېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

لالە قولىدىكى ئىشنى توختىتىپ، قۇرباننىڭ سۆزىگە ئىنتىزار بولۇپ تۇراتتى. بىراق، ھازىر ھەر ئىككىسىنى خېلى سۇر باسقانىدى.

— ئىككىمىزنىڭ ئىشى توغرىسىدا، — دېدى قۇربان بىر مەھەلدىن كېيىن بىرىنچى بولۇپ گەپ باشلاپ، — ھېلى موممىز سۆزلەپ ئۆتتى. چوڭلارنىڭ ۋەسىيىتىگە قانداق قارايسىز؟

لالە ئاۋۋال ھوپپىدە قىزاردى. ئارقىدىن ئۆزىنى توختىتىپ، جاۋابەن:

— چىن مۇھەببەتكە سالا كېتەمدۇ؟ مەن خېلى بۇرۇنلا يۈرىكىمنى سىزگە ئاتىۋەتكەنىدىمغۇ، بولمىسا تاغدىمۇ، باغدىمۇ سىزنى قوغلىشىپ يۈ-رەمدىمەن؟— دېدى.

لالە يۈرەك سۆزىنى ئىزھار قىلغانىدى. قۇربان تاغقا پالانغاندىن كېيىن ئۇ، ئاغى تېغىغا بىرنەچچە دورەم بېرىپ ئۇنى يوقلىدى. نان، توقاچ، خەت-خالتا ئەۋەتىپ تۇردى. بۇ، ئۇنىڭ قۇربانغا بولغان سۆيگۈ ساداقىتىنىڭ دەلىلى ئىدى. ئاق مەدرىس يېنىدا، مەرىپەت مۇھىتىدا ئۆسكەن بۇ قىز، باشقا دېھەتلىك قىز دوستلىرىغا ئوخشاشلا ئوقۇش، يېزىش ساۋاتى بولغانلى-قىدىن باشقا، شېئىر-قوشاق يازالايدىغان ماھارەتكىمۇ ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ يازغان نەزمە، بېيىتلىرى قۇرباننى ھەيرانۇھەس قالدۇراتتى.

لالە ئاستا ئورنىدىن تۇردى-دە، ئۆزىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئىزھار قىلىپ، تېخى يېقىندىلا يېزىپ چىققان بىرقانچە كۇبلېت بېيىت-نەزمىسىنى تاختا بېشىدىكى دوم كۆمتۈرۈكلۈك ھېجىر ئاستىدىن ئېلىپ قۇربانغا سۇن-دى:

لەيلىگۈل دەڭ، لالە دەڭ،
رەيھان پۇرايدۇ باغلىرىم.

بىر سىپىر كالىنىڭ سۈت-قايمىقىغا، ئاندىن قالسا لالەنىڭ قول ھۈنىرىگە قاراشلىق ئىدى.

— جان قېرىنداشلار ئالدىدا سىر تۇتۇش گۇناھ، بالام، — دەپ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى موماي، — مېنىڭمۇ يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى. سۆزۈمنى ھەق دادىغا يەتكۈزۈپ دەۋالغۇم كېلىدۇ. ئاۋۇ قىزىمنىڭ ئاتىسى مەھەممەد ئېلىخان بۇغرا ئۇنى ئاتىگىز پەلەك ئۇستامنىڭ قولى بىلەن ماڭا تاپشۇرۇپ بەرگەن؛ ئۇنىڭ ئاتىسىمۇ، ئانىسىمۇ، پەلەك ئۇستامۇ بىنە-جەل ئالەمدىن كەتتى. مەنمۇ، سىزمۇ، قىزىممۇ يېتىم قالدۇق. مۇشۇ ئىككىگلارنىڭ جورا بولۇپ ئۆتۈشى توغرىسىدا چوڭلارنىڭ ۋەسىيەت لەۋزى-مۇ بار ئىدى ...

موماي سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە دېمى سىقىلىپ، ھۆمدەپ نەپەس ئالالماي قالدى. لالە يۈگۈرۈپ بېرىپ بىر پىيالە سۇ ئېلىپ كېلىپ سۇندى. لېكىن، موماي قولى بىلەن بېشارەت قىلىپ ئىچكىلى ئۇنىمىدى. لالە ئالقىنىدا مومايىنىڭ دۈمبىسىگە يېنىك ئۇرۇپ بېرىۋىدى، بىر ئازدىن كېيىن، ئۇ ياخشى بولۇپ قالدى.

— ۋاي دەردىما، مۇشۇ ئەتىياز پەسلىمۇ-زە، — دېدى موماي قاقشاپ، — ئەجەبمۇ ماڭا دەخمىزە بولىدۇ، ھەمىشە مۇشۇنداق جېنىمدىن جاق تويغۇزىدۇ. يا سۆزنى سۆزگە قوشقىلى قويمايدۇ...

ئالاھازەل بىرنەچچە دەقىقە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئەس-ھوشىغا كېلە-ۋالدى ۋە بايىقى سۆزىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن سۆزىنى داۋام قىلىپ:

— ناۋادا، ھېلىقى ئالاقادىكى ئۈجمىلىكتە تۇغۇلغان پىشكەللىك كەپلەشمىگەن بولسا، بۇلتۇرلا پەرھىزنى ئادا قىلىپ، ھالال قەرزىمىزدىن ساقىت بولۇپ كەتمەكچىدۇق. بۇنىڭدىن كېيىنكىسىنى ئاللا ئۆزى بىلىدۇ: مەن دەيدىغىنىمنى بىر قۇر دەۋالدىم. قالغىنىنى سىلە ئۆزۈڭلار سۆزلىشىپ كۆرۈڭلار. ئىككىگلار بۇگۈنلا تونۇشقان ئەمەس. زىنقى كېسىلىم ھېلى يەنە

— مەن شاھسەنۇبەر بىلەن بىللە كېلىۋاتساق، بىزنىڭ قارىمىزنى كۆرۈپلا بىر قورۇ ئىچىگە كىرىپ كەتتىڭلار. شاھسەنۇبەر ماڭا، قىزلارنىڭ ئىچىدە لالەمۇ باردەك تۇرىدۇ، دېگەنىدى. ئۇ سىلەر ئوقۇغان ئاشۇ قوشاقنى يادقا بىلىدىكەن، ماڭا ئوقۇپ بېرىۋىدى، مەن سىلەردىن بەكمۇ رازى بولدۇم...

— تىرىك جاننىڭ ساداسى مۇھەببەت بىلەن نەپرەت. ئۆلۈك جانلار بۇنى چۈشەنمەيدۇ.

قۇربان مەھبۇبىنىڭ بۇ يارقىن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ لالەنىڭ ھۆسىن-جامالىغا تويماي قاراپ، كۆز ئۈزەل-مەيتتى. ئۇ، لالەنىڭ قولىنى ئاستا تۇتۇۋېلىپ، بويىنىنى قايرىپ سۆيمەكچى بولۇۋىدى، لالە سىلىقلىق بىلەن يۈزىنى قاچۇردى ۋە ئەخلاق ئەنئەنىسىنى دارىتىپ ئەپچىللىك بىلەن:

— ياق، بولمايدۇ. نىكاھسىز نامەھرەم بولىدۇ، — دېدى.

ۋىجداننىڭ بۇ ئاگاھلاندۇرۇشى، پەزىلەت پاكلىقىنىڭ بۇ بېشارىتى قۇرباننىڭ نەپسى تىزگىنىنى ئاڭلىق توختاتتى. لېكىن ئۇ، لالەنىڭ ئوت قولىنىڭ بېلەك تومۇرىغا بىر قېتىم سۆيۈشكە مۇۋەپپەق بولدى.

تۈن نىسبى بولۇپ كەتكەنىدى. قۇربان بولسا ئەسلى ئورنىدا، لالە موماينىڭ يېنىدا ئۇخلىدى. لېكىن، ھېلىقى تۇنجى قېتىملىق سۆيۈشنىڭ ھارارىتى گويا توك ئېقىمىدەك چوڭ تومۇر ئارقىلىق لالەنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئۆتۈپ گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا تولغىناتتى. ساپ مۇھەببەتنىڭ "بىدارلىق" لەززىتى ئىلكىدە لالەمۇ، قۇربانمۇ ئاشۇنداق تاڭ ئاتقۇزدى.

ئەتىسى، سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن قۇربان قورۇ ئىچى بىلەن لالەنىڭ بېغىغا كىرىپ ئۈرۈك چېچەكلىرىنى، لالە ئۆستۈرگەن ھەر خىل تەشتەك گۈللىرىنى كۆرۈپ سەيلە-تاماشا قىلدى؛ ئۇ گۈللەرنىڭ خۇش پۇراق ھىدىدىن ھۇزۇرلىناتتى.

ئالاھازەل بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەن مەھەلدە لالە باغ ئىچىگە

گۈل بىلەن بۇلبۇل تېپىشماي،
ئاشتى ھەسرەت داغلىرىم.

ساقساق ئۆستەڭ بېشىدا،
كۆرۈندۇ ئاق داۋان.
ئاغى تاغقا تەلپۈنۈپ،
بىتاقەت بولدۇم ھامان.

مۇھەببەت ھىجرانىغا،
چىداش بەردى سەۋرىمىز.
بىر بولمىساق ھاياتتا،
بىرگە بولار قەبرىمىز.

قوربان نەزمىنى ئوقۇۋېتىپ، ياقۇنلۇق مىسرالارنىڭ تەسىرىدىن ئىختىيارسىز كۆزلىرىگە ياش ئالدى. سول قولىنىڭ جەينىكىنى شىرەگە تىرەپ، مەڭزىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان لالەمۇ ئۆزىنى باسالماي ئۆكسۈپ يىغلىماقتا ئىدى. قوربان بېيىتنى يەنە بىر قېتىم ئوقىدى. ئۇنىڭ قوللىرى تىترەيتتى، بولاق كۆزلىرىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان قەترە-قەترە ياش مونچاقلىرى قەغەز يۈزىنى نەمدىتىۋەتكەنىدى. بۇ ياشلار — ئۇنىڭ ئىچىدىن مەۋج ئۇرۇپ چىققان بۇ تاشقىن ياشلار ۋىجدانىنىڭ ھەقىقىي شىكايەت پېشى، چىن ئىرادە ئۇچقۇن بېشارەت پېشى؛ ياشاش ئۇچۇن كۈرەشكە قەسەمياد پېشى ئىدى.

قوربان بىر ھازالاردىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ، لالەدىن سورىدى:

— بۇگۈن چۈشكە يېقىن ”مازار سۆگەت“ يېنىدىكى تۈزلەڭدە تەپكۈچ ئويناپ قوشاق ئوقۇغان بىر توپ قىزلار ئىچىدە سىزمۇ بارمىدىڭىز؟

— ھەئە، — دېدى لالە جاۋاب بېرىپ، — سىز بىزنى قانداق كۆرۈۋالدىڭىز؟

## ئىككىنچى باب

# مەردنى مەيداندا سىنا

مەردنى مەيداندا سىنا،
يارنى ھىجراندا.

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

مانا بۇ يەردە ”نورۇز قۇم سەيلىسى“ راسا قىزىماقتا. قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرلىرى ھەممىدىن بۇرۇن مۇشۇ يەردە زىمىستان تۇن پەردىسىنى يىرتىپ، ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇق مېھرىنى تەبىئەت دۇنياسىغا سېخىيلىق بىلەن چاچماقتا ئىدى. ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولغان ھەممە مەۋجۇداتلار سۆيۈنمەكتە. باھارنىڭ گۈل-گىياھلىرى خۇش پۇراق چېچىپ، تال-بوستانلار ياشىرىپ، كەڭ زېمىن ئاجايىپ پېشىللىق تۈسكە كىرگەنىدى. ياپپېشىل چېچەك-چوكانلار كۆڭۈللەرنى مەست قىلاتتى. رەڭگارەڭ بوستانلىقلار ئىچىدە ھەر خىل چىرايلىق قۇشلار شاختىن شاخقا ئۇچۇپ يۈرۈپ، يېقىملىق

كىرىپ قۇرباننى تاماققا قىچقاردى.

مومای بامداتتىن كېيىنلا تۇتۇش قىلىپ، ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا ئاتاپ ئاۋۋال قۇيماق، ئارقىدىن توخۇ گۆشى باسقان پولو پىشۇرغانىدى. ئۇلار بىرلىكتە غىزالاندى. قۇربان بۇ كۈننىمۇ مومايىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەشكەچ ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزدى.

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن، قۇربان:

— بۈگۈن بازار تەرەپكە ئۆتۈپ سىڭلىمنى يەنە ئىزدەپ باقاي، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن نورۇز قۇم سەيلىسى ئىكەن، دوستلىرىم بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋەدىلىشىپ قويغان. ئاللا يەنە دىدارلىششقا نېسىپ قىلار ئانا، — دېدى.

— جېنىم كىچىك ئاپا، — دېدى لالە، دەرھال كىچىك ئاپىسىغا يېلىنىپ، — قۇربان ئاكام بىلەن نورۇز قۇم سەيلىسىگە مەنمۇ بىللە باراي، يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان قۇتلۇق كۈن تۇرسا، ماقۇل دېگىنە، خۇش بولۇپ كېتەي.

— بولىدۇ بالام بارغىن، ماڭا ئىنىمنىڭ بالا-چاقىلىرى ھەمراھ بولىدۇ. لېكىن، ئۆزۈڭنى ئاۋايلا، ئالدى-كەينىڭگە پەخەس بول؛ ماڭا قورساق كۆپۈكى تېپىپ بەرمە قىزىم... — دەپ ماقۇللۇق بىلدۈردى موماي.

لالە خۇشاللىقىدىن پايپېتەك بولۇپ كەتتى. ئۇ، ھايت-ھۇيت دېگۈچە ياسىنىپ، ئۆي ئىچىدىن خۇددى پەرىزاتتەك بولۇپ چىقتى-دە، ئىككى ئاشىق-مەشۇق خۇشال يۈرۈپ كەتتى.

زاماننىڭ رەڭگارەڭ سەۋداسى بىلەن غوۋغاسىدىن بىزار بولۇپ، تەركى دۇنيا يولىنى تۇتقان بىرمۇنچە ئەھلى گۇمراھلار بولسا قوم دۆۋىلىرى ئۈستىدە سۇنايلىنىپ يېتىشاتتى. ئۇلار ۋاقتى كەلگەندە "تەڭرىنىڭ ماكانى دەردمەنلەر قەلبىدە" دەيدىغان ئەقىدىلىرى بىلەن بۇ يەردىكى ئىلاھىي مازار — "دۇلدۇل ئوقۇر"غا، "قەمەر ۋەلىيۇللا" قاتارلىق پىر ئەۋلىيالارغا تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەردىن سەدىقە تىلەش كويىدا پايپېتەك بولۇشاتتى.

بۇنىڭدىن سىرت، بۇ يىلقى نورۇزقوم سەيلىسىنىڭ ئويۇن-تاماشالىرىمۇ خىلمۇخىل بولۇپ، بۇ يەرگە كەلگەن كىشىلەرنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە تارتاتتى.

بىر كەڭ تۈزلەڭلىكتە بولۇۋاتقان دار ئويۇنى، يەنە بىر مەيداندا ئوغلاق تارتىشىش، بىر تەرەپتىكى بوستانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەڭلىكتە ئۇسسۇل-مەشرەپ، باشقا بىرمۇنچە جايلاردا بولسا تەڭگە تەپكۈچ، ئىلەڭگۈچ ئۇچۇش ئويۇنلىرى راسا قىزىپ باراتتى. بىر ئېگىز دۆڭلۈكتە چېلىنىۋاتقان ناغرا-سۇناي ئاۋازى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىل كەيپىنى تارتاتتى. مەيداننىڭ چەتلىرىدە پېرىخونلارنىڭ تۇغ ئويۇنىمۇ قىزىغانىدى.

لېكىن، ھەممىلا كىشى تۆت كۆزى بىلەن تەقەززا بولۇپ كۈتۈۋاتقان چېلىشىش سورۇنى تېخى باشلانمىغانىدى. بۇ مۇسابىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن قەدەم تەشرىپ قىلىدىغان خانئامبال بىلەن چىنۋاڭ "ئالىيلىرى" تېخى يېتىپ كەلمىگەن، جۇملىدىن ئۇلار ئۈچۈن ئەتەي ياسىلىۋاتقان چېدىر بارگاھ سەھنىسىمۇ تېخى پۈتمىگەنىدى.

بۇ سەھنە قۇرۇلۇشىنىڭ مەسئۇل نازارەتچىسى — سېيىت ھېكىم بەگ[1] بېشىغا مانجۇچە چۇچىلىق بۆكتۈرمە قالپاق كىيگەن تەكەببۇرانە قىياپىتى بىلەن قولىدىكى شىلۋىر دەستىلىك قارا قامچىسىنى ئوينىتىپ

---

① سېيىت ھېكىم بەگ — ئاتاقلىق چاپارمەن. كېيىنچە ئاقسۇغا ھاكىم بەگ قىلىپ ئۆستۈرۈلگەن.

سايرىشاتتى.

يەر بېتىدىن كۆكىرىپ چىققان خۇددى يېشىل مەخمەلدەك قويۇق، تەكشى ئۆسكەن ئوت-چۆپلەر گويا رەڭدار پاينداز يېيىلغاندەك كەڭ زېمىن ھۆسنىنى بېزىگەندى.

باھارنىڭ مەيىن شاملى چىمەنلەرنىڭ يۇمران مايسىلىرىنى لەرزان تەۋرىتەتتى. ئۆستەڭ ياقىلىرىدىكى دەرەخ شاخلىرىدا كۆكتالغۇلار ناۋا قىلاتتى. قۇم دۆۋىلىرىدىكى قويۇق ئۆسكەن كۆك تىكەنلىكلەر قوينىدا بوز تورغايلار گاھ پەس ئۇچۇشۇپ، گاھ ئېگىز يورغىلىشىپ، بىر-بىرىنى قوغلاپ ئوينىشاتتى.

تەبىئەتنىن بەخش ئېتىلگەن بۇ گۈزەللىكلەرگە قوشۇلۇپ، يەنە نۇرغۇن مۇقەددەس زىيارەتگاھلىرىغا ئىگە بولغان مۇشۇ خاسىيەتلىك جاي ئەسىرلەردىن بېرى ”نورۇزقۇم“ نامى بىلەن مەشھۇر سەيلە ماكانى بولۇپ كەلمەكتە ئىدى.

بۇ جاي يەنە كېلىپ ئەتراپىدىكى يۈزلىگەن كەنت-مەھەللىلەرنىڭ كىندىكى ھېسابلىناتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇ، ئىسمى - جىسمىغا مۇناسىپ ”نورۇز ھېيتگاھسى“ ئىدى.

شەرقتە قوشئاۋات، تاغسارىخان؛ شىمالدا قىزىل، قېيىر؛ غەربتە ئۇچقات، تاجىخوراز قاتارلىق جايلاردىن بۇگۈن مىڭلىغان سەيلىچىلەر ئاتلىق، ئېشەكلىك، ھارۋىلىق ۋە پىيادە يىراق-يىراق مۇساپىلەرنى كېزىپ كېلىپ، مۇشۇ سەيلىگاھتا جەم بولۇشقانىدى.

بۇ يەردە قول ھۈنەرۋەنلەر بازىرى، ئاشلىق بازىرى، مال-چارۋاي بازارلىرى ئادەملەر بىلەن تولغان بولۇپ، ۋاڭ-چۇڭ كۆتۈرۈلگەنىدى.

ئات-ئۇلاغ بېدىكلىرى ساددا دېھقانلارنىڭ پىيىگە چۈشۈپ، شېرىنكانە ئۈندۈرۈۋېلىش كويىدا تاپانتوزاق قۇرۇشاتتى.

بۈگۈنكىدەك بۇنداق كۈنلەردە يەنە قىزىل كۆز جازانىخورلار كۆز باغلاش ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىشىپ، مىڭلىغان جانلارنى قاڭغىرقاقشىتىشاتتى.

ئۇنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ، تەلمۈرۈپ تۇرغان دېھقانلار بولسا ئۇزۇقىمۇ، ئۇرۇقىمۇ موھتاج، يىلغا چىقىشقا كۆزى يەتمىگەن ھاجەتمەنلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇشۇ ھالىتىنى پەملىگەن جازانىخور بىرگە ئون، ھەتتا 100 باراۋەر باھا قويۇپ دېھقانلارنى قاپقانغا دەسسىتىش كويىدا ئىدى.

شاھسەنۇبەر ئەھۋالنىڭ تېگى-تەكتىنى چۈشەندى-دە، ھېلىقى جازا-نىخورنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى ۋە ئۆزىنىڭ كۈمۈش تەڭگە سېلىنغان كۆك خالتىسىنى ئالدىغا قويدى. ئارقىدىن خالتا ئىچىدىن كۈمۈش تەڭگە-لەرنى ئوچۇملاپ ئېلىپ، جازانىخورنىڭ كۆزىگە تەڭلىدى ۋە ئۇنى مازاق قىلىپ:

— مېنى بىلىدىغانلا تەقسىر، ناۋادا بۇرۇن كۆرمىگەن، بىلمىگەن بولسىلا مانا بۈگۈن ئوبدانراق بىلىۋالسىلا ... — دېدى.

جازانىخور بىردىنلا ھېلىراقتىكى مەمەدانلىقىدىن بوشىشىپ، پەسكويغا چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ يېنىدا بىچارە بولۇپ ئولتۇرغان ناتىۋان دېھقان-لار بولسا ساڭگىلاشقان باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، يېڭى كەلگەن نىجاتچىسى — شاھسەنۇبەرنىڭ قىزىقارلىق نۇتقىغا قۇلاق سالاتتى:

— مەن بولسام بۇ يۇرتتا، — دېدى شاھسەنۇبەر سۆزىنى داۋاملاش-تۇرۇپ، — ھەممە بىلىدىغان، ھەممىگە تونۇلغان ئۇستا تېۋىپ. مەن ھېلىغىچە نۇرغۇن روھىي كېسەللەرنى داۋالاپ كېلىۋاتىمەن. مانا بۇ خالتام-دىكى كۈمۈش تەڭگىلىرىم بولسا مېنىڭ ئاشۇ ھالال ھۈنىرىمدىن كەلگەن كىرىمىم. ئۇنىڭدىن سىرت، مەن يەنە پاناھسىز دەردمەنلەرنىڭ دەردىنىمۇ، ساختىپەزلەرنىڭ مېڭە ئاغرىقىنىمۇ ساقايتالايمەن ...

جازانىخور بارغانسېرى بىئارام بولۇپ، شاھسەنۇبەرنىڭ كۆزىگە بېكىز-دەك تىكىلەتتى. بۇ تەنە سۆزلەردىن ئۆپكىدەك ئېسىلەتتى.

— تەقسىر سىلىمۇ بىلىدىغانلا، ئۇلۇغ نورۇز كۈنلىرى بولسا، مۆمىن-لەرنىڭ خەير-ساخاۋەت ئىشىكىنى كەڭ ئاچىدىغان خاسىيەتلىك كۈنلىرى. مۇشۇنداق كۈنلەردە، ئويلاپ باقسىلا، جازانە قىلىش ئەڭ چوڭ گۇناھ كەبىر

يۈرۈپ، سەھنە قۇرۇلۇشىنىڭ چالا قىسمىنى تېزرەك پۈتتۈرۈش ئۈچۈن گاھ ئۇياققا، گاھ بۇياققا شاپاشلاپ ھەيۋە بىلەن سۈرەن سالاتتى.

ئۇنىڭ كەينىدە بولسا بىرمۇنچە دورغا-ياپىلار سۈر كۆرسىتىشىپ چېپىپ يۈرۈشەتتى.

ئۇلار سېپىت ھېكىم بەگنى ھامىي قىلىپ، پۇقرالارنىڭ بۇ يەرگە سودا قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن مال-مۈلۈكلىرىنى خالىغانلىرىچە ھەقسىز تالان-تاراج قىلاتتى. ناۋادا جىگەرلىكرەك بىرەر پۇقرا ئاشۇ تۆپەيلى سەللا دەتالاش قىلىپ، "قىلدىن قىيىق" كېتىدىغان بولسا، چوڭ بىر كۈتۈلمىگەن بالاغا قالاتتى.

ئەنە شۇنداق چاغلاردا زامانىسىنىڭ جىگەرلىك، شىر يۈرەك شائىرى شاھسەنۇبەر پەيدا بولۇپ قالاتتى-دە، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، بوزەكلەرگە دادخاھ بولاتتى ۋە قارا ئۆكتەملەرنىڭ ئەدىبىنى كېلىشتۈرۈپ بېرەتتى.

قەددى-قامىتى كېلىشكەن، ئېگىز بوي كەلگەن بۇ خەلق شائىرى بۈگۈنمۇ ئادىتىدىكىدەك بېشىغا ئۆرە گىرۋەكلىك قۇلاقچا، ئۈچىسىغا يالاڭ چاپان كىيگەن، قۇلاقچىسىنىڭ ئىككى يېنىغا سەنۇبەر نوتىسىدىن ئىككى تال قىستۇرۇۋالغان؛ ئۆشنىسىگە كۈمۈش تەڭگە سېلىنغان كۆك ماتا خالتا ئېسىۋالغان، ئوڭ قولىدا كەتمەن دەستىسى چوڭلۇقىدىكى سېرىق زاكون كالتىكىنى تۇتۇۋالغان ھالدا مەيداننىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە ئالا قويماي ئارىلاپ، كۆزىتىپ يۈرەتتى.

ئۇ، بىر جازانىخورنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ تۇرغان بىرنەچچە دېھقاننىڭ بىچارە قىياپىتىنى كۆرۈپ قالدى-دە، دەرھال شۇ يەرگە ھازىر بولدى.

ھېلىقى جازانىخور گۈللۈك ئەدىيال ئۈستىدە بەداشقان قۇرۇپ، تەكەببۇرانە ئولتۇرۇۋالغان بولۇپ، كۈمۈش تەڭگىلىرىنى ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا شىرىقلىتىپ ئوينىتىپ، دەردمەنلەرگە سۈر كۆرسەتمەكتە ئىدى.

شۇپتۇ ۋە تەرەپ-تەرەپتىن چاك سالماق بولۇپتۇ. ياش دېھقان يىلىنغانسېرى ئۇلارنىڭ زوراۋانلىقى ھەددىدىن ئېشىپ تېخىمۇ ئەدەپ كېتىۋاتاتتى.

شاھسەنۇبەر كەلگەن يېتى جىدەلگە ئارىلاشتى-دە، تايغانلارغا قاراپ:

— بەگلىرىم، ئازراق سەۋرى قىلىشسىلا، خوش، بۇ ئالما ھەرقايسىـ لىـرىغا نېمـىگە كېرەك بولۇپ قالدىكىن، تۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىشەمدىلا، ياكى؟ ... — دېدى.

تايغانلار مەنىستىمىگەن ھالدا سوئال سورىغۇچىنىڭ بېشىدىن ئايىغىغـ چە سىنچىلاپ قاراشتى. ئاندىن ئۇلاردىن بىرى شاھسەنۇبەرگە ھۇرپەيگەن ھالدا:

— سەن كىم بولىسەن، نېمىشقا بۇ ئىشقا قىسىلىۋالىسەن؟ — دەپ دوق قىلدى.

بۇ يەرگە بىردەمدە ئادەملەر توپلىشىپ كەتكەنىدى. شاھسەنۇبەر ئۆكتەملەرنى مات قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا قاراپ:

— ”مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك“ دېگەن مانا مۇشۇ ئىكەن-دە، بەگلىرىم، بوزەكنى بوزەك قىلىپ كۆڭۈل ئېچىپ ئوينايدىغان كېسىلىڭلار يەنە قوزغىلىپ قالغاندەك قىلىدۇ. ئازراق دورا بېرىپ باقسام، ساقىيىپ كەتسەڭلار ئەجەب ئەمەس. قانداق دەيسىلەر؟ مەن ”تېۋىپ“ ئىسمىم شاھسەنۇبەر ... — دېدى.

شاھسەنۇبەرنىڭ كېلىشتۈرۈپ قىلغان بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان جامائەت كۆڭلىدە ئۇنىڭغا قايىل بولۇشتى. ھېلىلا ئالچاڭلاپ، تېرىسىگە سىغماي قالغان تايغانلار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ، پەسكارىغا چۈشۈشكەنىدى.

تايغانلاردىن بىرى دەرھال گېپىنى ئۆزگەرتىپ، يۇمشاقلىق بىلەن دېدى:

— بىز ھېلى قوپاللىق قىپتۇق. بىز ناماقۇل. سىلى بىزگە سالا-سۇلھى قىلىپ ئاۋۇ دېھقاننىڭ ئالمىسىدىن نېسىگە بېرىم تاغار ئالما ئېلىپ بېرىشكە كېپىل بولسىلا، بىز ئۇنىڭ ھەققىنى كېيىن ...

بولماسمۇ، قېنى بۇنىڭغا ۋىجدانلىرى نېمە دەيدىكىن؟

شاھسەنۇبەر ئارقىدىن دېھقانلارغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ، مۇلايىم ئاھاڭدا:

— قېنى، ئەمسە، ھاجەتمەن قېرىنداشلار، قايسىڭلارغا قانچىلىك پۇل كېرەك، تارتىنماي دەۋېرىڭلار؟ — دېدى.

ھاجەتمەن دېھقانلار بىردىنلا روھلىنىپ كەتتى. بايىقى جازانىخور بولسا ھار ئېلىپ، ئاللىقاياقىقىدۇر غىپپىدە تىكىۋەتتى.

شاھسەنۇبەر موھتاجلارنى رازى قىلىش ئۈچۈن خالتىسىدىكى كۈمۈش تەڭگىلەردىن يەنە ئازراق ئالدى-دە، قولىدىكى تەڭگىلەرنى قوشۇپ ھاجەت-مەنلەرگە سەدىقات قىلىۋەتتى. ئۇ توپتىن ئايرىلىپ تېخى ئەمدىلا بىرنەچچە قەدەم مېڭىشىغا ئۇنىڭ يېنىغا مەھجۇرى بىلەن قۇربان پەيدا بولدى، مەھجۇرى چاقچاق قىلىپ:

— بەللى، بەللى، سىز-زە قالتىس جومۇ، قاراپ تۇرۇپ ھېلىقى ھايانكەشنى قاچۇرۇۋەتتىڭىز-دە، — دېدى.

شاھسەنۇبەر تەمكىنلىك بىلەن:

— ياقەي، ئۇنىڭ پۇلى خالتىـــــدا ساقلىنـــپ قالسۇن، دېگەنىدە-مەن، — دېدى جاۋابەن.

شاھسەنۇبەرنىڭ بۇ سۆزىدىن ھەممەيلەن پاراقىدە كۈلۈشتى.

— يۈرۈڭلار، ماڭايلى، چېلىش باشلانغۇچە يەنە نېمە كارامەتلەر بولىدۇ، كۆرۈپ باقايلى.

شاھسەنۇبەر ئاشۇ سۆز بىلەن دوستلىرىنى باشلاپ ماڭدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ يەرگە يېقىنلا بىر جايدىن ئەنسىز ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازلار ئاڭلان-دى-دە، ئۇلار شۇ ياققا يول ئالدى. ئەسلىدە بىر ياش دېھقان قىشچە كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك قوينىغا كۆمۈپ ئاسراپ ساقلىغان بىر تاغار ئالمىسىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەنىكەن. ئالمىغا تايغانلارنىڭ[1] كۆزى چۈ-

---

[1] تايغان — ئەينى دەۋردىكى ئۆكتەم چېرىكلەر ۋە زالىم ئەمەلدارلارغا قارىتىلغان مەسخىرە لەقەم. — ئاپتوردىن.

كېتىپ، مەنسىپىدىن قالدىمۇ ... ئۇ، ھارام تاپاۋىتىدىن مەھرۇم بولدۇ-دە،
خارۇزارلىق سەھراسىغا يول ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇ. ئىبرەتلەر تارىخىدا
مەنسىپىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن تىلەمچىلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن
جانابلار ئازمىدى تەقسىر، خۇرجۇن ئارتىشنى نېمىشقا ھار كۆرىدىلا، قېنى
"ھەق شەيدۇللا" دىن باشلىسىلا...

تايغان بېگىنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ، دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ
يەنە تاقاشسا تېخىمۇ لەت بولىدىغانلىقىنى پەملىگەنىدى. ئاخىر ھەمراھلىرىنى
باشلاپ تىكىۋەتتى.

قۇياش ئارغامچا بويى ئۆرلىگەنىدى. ھاۋا ئالدىنقى كۈندىكىدىنمۇ
ئوچۇق، ئاسماندا ئالقانچىلىكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى.

نورۇزقۇمنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى ئېتىز-ئېرىق بويلىرىدا قارا قۇچقاش-
لار توپ-توپى بىلەن ئۇچۇپ يۈرۈپ ھاشارات ئوۋلايتتى. بىرنەچچە سار
ئاسماندا ئايلىنىپ ئۇچۇپ، يەر بېتىنى ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن چارلاپ
تاپ ئىزدەيتتى.

ئادەملەرگە ئىچلىمەن كەپتەرلەر گاھ ئۇچۇپ، گاھ قونۇپ يەرگە
چېچىلغان نان ئۇۋاقلىرى ۋە دانلارنى تېرىپ يېيىشەتتى.

خانئامبال ۋە چىنۋاڭلار ئۇچۇن مەخسۇس ياسالغان "شتەيزە"[1]
مۇ پۈتۈپ قالغانىدى.

شتەيزە سەھنىسىند   ئوڭ تەرىپىدىن سەھنىگە كىرىش ئىشىكى
ئېچىلغان. ئىشىككە قارىتىپ ئالاھازەل بىرەر يۈز قەدەمچە ئارىلىقتا رەڭلىك
گىلەم، گۈللۈك تەگلىماتلار بىلەن ئۇزۇنسىغا پاياندار سېلىنغان بولۇپ،
گويا ئۈستى ئوچۇق كارىدورغا ئوخشايتتى.

پاياندازلىق ئاشۇ كارىدورنىڭ ئىككى ياقىسىدا نەچچە يۈز چېرىك
قاراۋۇل بولۇپ تۇرۇشاتتى.

---

① شتەيزە — تويۇن كۆرۈش سۇپىسى. — تەھرىردىن.

— موھتاجلىق نىسكە سەۋرى قىلالمايدۇ، تەقسىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقايسىلىرى نەقىنى بولاپ كېتىۋاتقان يەردە نىسكە قالدۇرغان ۋەدىلىرىگە ۋاپا قىلىشارلىمۇ؟

— ئانداقتا ...

— ئەگەر مەن كۆرسەتكەن بىر شەرتنى بەجا كەلتۈرۈشسىلە، ھەممە ئىش ئاسانلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ.

— قېنى، سۆزلىسىلە، قانداق شەرت ئۇ؟

شاھسەنۇبەر دەرھال دېھقاننىڭ قولىدىن بىر كونا خۇرجۇننى ئېلىپ ئۇنى شۇئان بايىقى ئالما بولغان مۇتتەھەملەردىن بىرسىنىڭ مۇرىسىگە ئارتىپ قويۇپ:

— مانا ئەمدى سىلى مۇشۇ قىياپەتلىرى بىلەن ئاۋۇ دېھقانغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ، يۇقىرى ئاۋازدا "ياھەق شەيدۇللا، توۋا گۇناھىى يەر، سەدىقە بالانى يەر" دەپ ئۈچ مەرتەم توۋلىسىلا-دە، ئالمىنى نىسكە ئېلىپ كېتىۋەرسىلە، بۇ دېھقان پۇلىنى مەندىن ئۇندۇرۇۋالىدۇ. قانداق مۇشۇ ئاسان شەرتكە كۆنەمدىلا؟ — دېدى.

ئەتراپتا تاماشا كۆرۈۋاتقان كىشىلەرمۇ، قۇربان بىلەن مەھجۇرمۇ توختىماي كۈلەتتى. ئالاقزادە بولغان تايغان بېگى گاھ سوغۇق گۈلىيەتتى، گاھ ئاغزىنى ئۈمەللەپ بىرنېمە دېمەكچى بولاتتى-يۇ، گويا گېلىغا ئۈستىخان تۇرۇپ قالغاندەك ئاۋاز چىقىرالمايتتى.

بىر مەھەلدىن كېيىن، ئۇ تاتىرىپ تۇرۇپ ئاران تەستە:

— مەن بىر تاجىدار ئادەم تۇرسام، خەلقئالەم ئالدىدا بۇ ماڭا قىلغان ھاقارەت ئەمەسمۇ، تەقسىر؟ — دېدى.

— يوقسۇ تەقسىر، — دېدى شاھسەنۇبەر، ئۇنىڭ ئېچىشقان يېرىگە تۇز سېپىپ، — سىلى مەنسەپ ئەھلىنىڭ ئىبرەتلەر رىسالىسىدىن بىخەۋەر ئوخشايلا، مادامىكى، مەنسەپ ئەھلى قولىغا ئامەت كەلگەن چاغدا پۇقرالارنى قاقتى-سوقتى قىلىپ، بىر مەھەل قىنىغا پاتماي قالىدۇ. قولىدىن ئامەت

ئاڭلاندى. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ داقا-دۇمباق ۋە سۇناي ئاۋازى ياڭراپ، مەيداننى بىر ئالدى. شۇ ئەسنادا قولىدا سېرىق بايراق كۆتۈرۈۋالغان بىر جارچى مەيدان ئەتراپىنى شاپاشلاپ ئايلىنىپ يۈرۈپ:

— ... خالايىق ئاڭلىمىدۇق دېمەڭلار، خانئامبال كەلدى، چىنۋاڭ غوجام كەلدى... — دەپ جار سېلىشقا باشلىدى. جارچى ئاشۇ سۆزنى ئاغزى قۇرۇپ، مادارى قالمىغۇچە تەكرارلاۋېرەتتى.

ھەممىلا ئادەمنىڭ دىققىتى مەيداننىڭ شەرق تەرىپىدىكى شتەيزە سەھنىسىگە مەركەزلەشمەكتە.

مانجۇ پاسونىدا كىيىنىپ سەھنە ئەتراپىدا پايپاسلاپ يۈرگەن سېيىت ھېكىم بەگ ۋە ئۇنىڭ ئالارمەن قولچۇماقلىرى شتەيزە ئالدىغا كۆچە ياقماقتا.

"مانا كەلدى، ئەنە كەلدى" دېگەن چۇقان سادالىرى ئىچىدە ئامبال ئۇرچۇئەنا بىلەن ئەھمەت ۋاڭ ئولتۇرغان "تەپىنچى[1]" مەپىسى ۋە ئۇلارنىڭ مەنسەپدارلىرى چۈشكەن "كەيجاۋ[2]" ھارۋىسى يېتىپ كەلدى، بۇ ئەتىۋارلىق مېھمانلارنى سېيىت ھېكىم بەگ پايانداز ئۈستىدە باشلاپ ماڭدى. ئۇلار دەرىجە-ئۇنۋانلىرى تەرتىپى بويىچە، نەسەپ-سۈپەتلىرىگە ئاساسەن سەھنىدىن ئورۇن ئالدى.

سېيىت ھېكىم بەگ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، بالا-قازا ئەرۋاھلىرىنى سۈرگۈن قىلىش غەرىزىدە سەھنىنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا ئىسرىق ياققاندىن باشقا ئۆز قولى بىلەن يەنە ئورغۇن پوجاڭزا ئاتتى.

ئۇرچۇئەنا بىلەن ئەھمەت ۋاڭنىڭ سەلتەنەتلىك كىيىنىشلىرى بۇ سورۇنغا تېخىمۇ "ھۆسن" قوشۇپ تۇراتتى.

ئۇلار باشلىرىغا بىر خىل پاسوندا يوغان زەر باپ قالپاق، ئۈچلىرىغا ئاي گۈللۈك ئۇزۇن چاپان، ئۇنىڭ ئۈستىگە سېرىق تاۋاردىن ماگازا،

---

[1] تەپىنچى — سېرىق دۇخاۋا بىلەن قاپلانغان ئالىي مەپە. — ئاپتوردىن.
[2] كەيجاۋ — كۆك دۇخاۋا بىلەن قاپلانغان بەگلەر پەيتۇنى. — ئاپتوردىن.

ئۇلارنىڭ ئۇستىگە — يەڭلىرى كەڭ، جىيەكلىرىگە توق سېرىق زەي تۇتۇلغان سۇس قىزىل كىيىم، باشلىرىغا بۆكمە قاسقانلىق، پەي پۆپۈكلۈك قالپاق كىيگەن، بەللىرىگە بولسا ئەت رەڭلىك پوتا باغلىغان، يەلكىلىرىگە بېغىررەڭ دەستىلىك شەمشەر ئېسىۋېلىشقانىدى، بىر ئۆرۈم توم چاچلىرى سوڭغىچە ساڭگىلاپ تۇراتتى.

قۇربان بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن ئەليارخان مەھجۇرى، شاھسە-نۇبەر بىرلىكتە چېلىش مەيدانىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە يېقىن ياندىشقان تۆپىلىكتىن ئورۇن ئالدى.

— مانا ماۋۇ بەلۋاغنى، — دېدى شاھسەنۇبەر قولىدىكى كۆك ماتانى قۇربانغا ئۇزىتىپ، — بېلىڭىزگە چىڭ باغلاڭ، كۆك ماتا بەلۋاغ بولسا مەردلىكنىڭ، يىگىتلىك غۇرۇرنىڭ بەلگىسى، مەردلەرنىڭ مەيدان سىنىقىدى-كى كۈچ-قۇدرەت كەمىرى. مانا بۈگۈن مەردلەرنى سىنايدىغان ياخشى پۇرسەت، جان تىكىپ ئېلىشىدىغان پەيت ...

تۆپىلىك ئۈستىدە مەزمۇت ئولتۇرغان قۇربان ئورنىدىن تۇرۇپ:
— رەھمەت، ئېيتقىنىڭىزدەك بولسۇن، — دېدى ۋە كۆك بەلۋاغنى بېلىگە چەبدەسلىك بىلەن باغلىدى.

قۇرباننىڭ ياش قۇرامى 20 دىن ھالقىغان، كۆزلىرى چوڭ ۋە نۇرلۇق، قوشۇما قاش، بۇغداي ئۆڭلۈك، بوي-تۇرقى قامەتلىك، بەدەن تۈزۈلۈشى تولۇق كەلگەن، ئۇستىخانلىق، ئۇنىڭ بازغاندەك توم ۋە ئۇزۇن بىلەكلىرى شۇ قەدەر كۈچلۈك ئىدىكى، ئۇنىڭغا روبىرۇ كەلگەن ھەرقانداق ئادەمنى قامالاپ ئالغان پېتى يەردىن دەست كۆتۈرۈۋېلىپ، يىراققا ئىرغىتىپ تاشلى-يالايتتى.

ئۇ، بۈگۈن بېشىغا سول بۇرجىكى تەتۈر ئۆرۈلگەن ئاق شاپاق بۆك، ئۇچىسىغا ئازادە تىكىلگەن سالما ياقىلىق ئاق ماتا كۆڭلەك، ماتا ئىشتان كىيگەنىدى.

ۋاقىت چۈش مەھەل بولۇپ قالاي دېگەن چاغدا ئۇنلۇك جاڭ ساداسى

پۇتلىرىغا قارا دۇخاۋا قاپلانغان ئۆتۈك كىيىشكەنىدى. بېشىدىكى زەرباپ قالپاقلىرىنىڭ پۇپۇكلۇك مونچىقى ئەتراپىغا قادالغان دەرىجە ئۇتىغاتلىرى كۆمۈشتەك پارقىراپ تۇراتتى. ماگازا جىلىتكىلىرىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا مەشۇت يىپ بىلەن كەشتىلەنگەن ئەجدىھا سۇرىتى سۇرلۇك كۆرۈنەتتى. ئۇزۇن توم ئۆرۈلگەن يالغان چاچلىرى كاسىسىغا چۇشۇپ تۇراتتى. خانئامبالنىڭ بوينىغا ئېسىۋالغان قاشتېشى مارجىنى ئۇنىڭ زىننەت سىماسى ئىدى.

— چېلىش پالۋانلىرى مەيدانغا چۇشسۇن. چېلىش باشلانسۇن!...

سېيىت ھېكىم بەگ ئاشۇنداق جاكارلىغاندىن كېيىن مەيداندا چېلىش باشلاندى. ئىككى-ئۈچ سائەتلىك ئېلىشىش داۋامىدا سېيىت ھېكىم بەگنىڭ يان بېسىشى بىلەن خانئامبال ئورچۇنئانىڭ پالۋىنى ئايپاڭ ھەممىنى ئۇتۇپ چىقتى.

— قېنى ئايپاڭ پالۋان بىلەن بەل تۇتۇشۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان يىگىت بولسا ئوتتۇرىغا چۇشسۇن! ... — دېدى سېيىت ھېكىم بەگ.

ئايپاڭ تېرىسكە پاتماي قالغانىدى. ئۇنىڭ خورىكى ئۆسۈپ، تەكەببۇرانە قىياپەتتە مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا باردى-دە، بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇردى. ئۇ خىرىس قىلىپ تۆت ئەتراپقا نەزەر تاشلايتتى.

شتەيزە سەھنىسىدە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پالۋىنى ئايپاڭنىڭ غەلىبىسىدىن ھۇزۇرلىنىپ كۆرەڭلەپ كەتكەن ئورچۇنئا ھاياجىنىنى باسالماي قالدى-دە، ئەھمەت ۋاڭنىڭ قۇلىقىغا، — ۋاڭ غوجام كۆرۈۋاتامدىلا، مەردنى مەيداندا سىنايدۇ-دە، — دەپ پىچىرلاپ قويدى.

ئەھمەت ۋاڭ ھەرنېمە دېگەن بىلەن مۇشۇ يەرلىك بولغىنى ئۈچۈن ئورچۇنئانىڭ سۆزى ھار كېلىپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى، ئۇ ئىچىدە خورلۇق ھېس قىلغان بولسا كېرەك.

ئورچۇنئا دەرھال سېيىت ھېكىم بەگكە بۇيرۇپ زەپەر كەپتەرلىرىنى ئاسمانغا ئۇچۇرتقۇزدى. موللاقچى كەپتەرلەر مەيدان ئۇستىدە پەرۋاز قىلماقتا ئىدى.



بىسىپ جۆيلىگەندەك ئاغزىغا كەلگەن بىرنىمىلەرنى دەيتتى. بايام بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ يىپىندىكىلەرگە نىمىلەرنىدۇ غۇدۇڭشىدى-دە، ئايپاڭنى مۇلازىملىرىغا كۆتۈرتكىنىچە شەھەرگە قاراپ بە-دەر تىكىۋەتتى.

قۇربان جامائەت ئارىسىغا كەلگەندە ھەممە ياق شادلىق كەيپىياتىغا چۆمدى. نەچچە ئون يىگىت ئۇنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ تەنتەنە قىلىشتى.

ھايال ئۆتمەي لالەگە ئەگىشىپ ساقساقتىن كەلگەن، يۇزلىرىنى داكا بىلەن يىپىپ، مەستۇرە قىياپىتىدە بولۇۋالغان بىرقانچە قىزمۇ قۇرباننىڭ قېشىغا كەلدى.

لالە تارتىنىپقىنا قولىدىكى بىر دەستە گۈلنى قۇربانغا سۇندى. باشقا قىزلارمۇ ئارقا-ئارقىدىن ئۇنى تەبرىكلەشتى. پۈتۈن مەيداننى خۇشاللىق تەنتەنىسى قاپلىدى.



— ئاخىرىدا كۆلسەك ھېساب! — قۇربان شۇ سۆزنى جاراڭلىق دېدى-دە، دەربەست ئورنىدىن تۇرۇپ، مەزمۇت قەدەم تاشلاپ مەيدانغا كىردى.

پۈتۈن مەيداندا جانلىنىش كەيپىياتى ئەۋج ئالدى. خورلۇق ھېس قىلىۋاتقان ياش تاماشىبىنلار كۆڭلىدە: "ئەنتىمىزنى بىر ئېلىپ پۇخادىن بىر چىقارسا ئىكەن ..." دەپ ئويلىشىپ بارلىق ئۈمىدلىرىنى قۇربانغا باغلايتتى.

ئاياك بىلەن قۇربان ئاۋۋال چېلىشنىڭ ئۈچ مەرتەم بولىدىغانلىقى، زەخمىلەنسە ياكى ئۆلۈپ كەتسە ئۆزئارا دەۋا قىلىشمايدىغانلىقى ۋە چېلىشتىن كېيىن ئىككىلا تەرەپ بىر-بىرىگە غوم ساقلاپ ئىنتىقام ئېلىش كويىدا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە قول تۇتۇشۇپ تۇرۇپ شەرتلەشتى. تۈزۈشكەن بۇ شەرتلىرىنى مەيدانغا توپلانغان جامائەت ئالدىدا ئۈنلۈك جاكارلىدى. ئارقىدىن ئىككى پالۋان چەبدەسلىك بىلەن بەل تۇتۇشتى. ئاياك قۇرباننى چارپۇتلىماق بولۇپ ئەپلەشتۈرەلمىدى.

قۇربان بازغاندەك قوللىرى بىلەن ئاياكنىڭ بېلىنى خۇددى ئامبۇردەك قىسىپ تىك كۆتۈرۈۋالدى. ئاياكنىڭ قوۋۇرغىلىرى سۇنۇۋاتقان قورايدەك قارسىلدىدى. ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە يەرگە زەرب بىلەن تاشلاندى. ئۇ پاقىدەك كېرىلىپ، يەر چىشلەپ قالغىنىچە ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئۇنىڭ قوۋۇرغىلىرى نەچچە يەردىن سۇنغانىدى. ئۇ ئاچچىق ئىڭرايتتى.

قۇربان بايىقى شەرتلەر بويىچە لەۋزىدە تۇرۇپ، ئاياكنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. بىراق، لاپچى"پالۋان" — ئاياكنىڭ ئۈچ مەرتەم توگۇل بىر مەرتەمدىلا "دەسمايىسى غالتەككە چىققان" ئىدى.

پۇقرالار ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇپ قۇربانغا باركاللا ئېيتىشماقتا ئىدى. شىتەيزە ئۈستىدە تۇرغان "ئۇلۇغلار" بىئاراملىقتىن تەرگە چۆمۈلۈپ، ئۆپكىدەك ئېسىلمەكتە ئىدى.

ئورچۇنئانىڭ ئەرۋاھى يەتتە گەز ئۆرلىدى. ئۇ خۇددى چۈشىدە قارا

بولۇپ، بۇ يەردىن ئىككى قاراۋۇل خالىي بولمايتتى.

قاراۋۇلخانىدىن تاكى زال دەرۋازىسىغىچە بولغان ئىككى ياق رېشاتكىلىق كارىدور ئىدى. رېشاتكا ياغاچلىرى قىزىل سىرلانغان، ئۇنىڭ ئۇستى بولسا ۋاسا جۈپ قىلىپ يېپىلغان بولۇپ، پېشىل سىردا سىرلانغانىدى.

زالنىڭ قوش قاناتلىق دەرۋازىسىنىڭ ئىككى بېشىغا ئىككى چوڭ قەپەس ئېسىلغان بولۇپ، بىرىدە سايرام تورغىيى، يەنە بىرىدە تۇمۇچۇق سايراپ تۇراتتى.

زال دەرۋازىسىنىڭ ئىككى يېنىغا كۆتۈرمە قىلىپ سېلىنغان سۇپىلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۇرغۇزۇلغان ئىككى شىر ھەيكىلى بولسا ھۆكۈمرانلىق سىماسى سۈپىتىدە ھەيۋە كۆرسىتىپ تۇراتتى.

زالنىڭ تام-تورۇسلىرىغا سىزىلغان ئېغىزلىرىنى ئاچكۈزلۈك بىلەن يوغان ئېچىپ تۇرغان ئەجدىھا سۈرەتلىرى كىشىنىڭ تېنىنى ئەيمەندۈرەتتى.

كۈنپېتىش تەرەپتىكى بۇلۇڭغا جايلاشتۇرۇلغان قارا شىرە ئۈستىگە مىستىن ياسالغان بۇت ھەيكىلى قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ياندۇرۇلغان نوكچا شام پۇراقلىرى زال ئىچىنى بىر ئالغانىدى.

زالنىڭ ئوتتۇرىسى بوش قالدۇرۇلۇپ، ئەتراپىنى چۆرىدەپ، قارا سىرلانغان، ئۇزۇن ئورۇندۇقلار قاتار قىلىپ تىزىلغان. خانئامبال ئورچۇنئا بىلەن ئەھمەت ۋاڭ ئۈچۈن سېرىق دوخاۋا قاپلىق خاس ئورۇندۇق قويۇلغانىدى.

خانئامبال بىلەن چىنۋاڭ يىغىن زالىغا كىرىپ كەلگىنىدە، ھەممە ئىشتىراكچىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، خانلىق قائىدە-رەسمىيەت بويىچە:

— "خانئامبال ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەي، چىنۋاڭ غوجام ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەي!" دەپ ئۈنلۈك ئاۋازدا تووۋلاپ، ھۆرمەت بەجا كەلتۈرۈشتى.

ئورچۇنئا ئۇدۇل بېرىپ، بۇت ھەيكىلىگە يۈزلەندى ۋە ئىككى ئالقىنـ

## ئۈچىنچى باب

# نامەردلىك

نورۇزقۇم سەيلىسىدىكى چېلىش بولۇپ ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى، ئورچۇنغا ئاچچىقىغا ھاي بېرەلمىدى، يامان پەيلىدىنمۇ يانمىدى.

ئۇ، تېڭىقچى چاقىرتىپ ئاياغىنىڭ سۇنغان ئۇستىخانلىرىنى تاڭدۇردى، ئەمما ئاياق سەللىمازا ساقىيالمىغانىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرالماي ئىڭرايتتى. بۇ ھال ئورچۇنغانىڭ بېشىنى تېخىمۇ قايدۇراتتى. ئۇنىڭ كۈن بويى قاپىقى ئېچىلمايتتى، زەردىسى قايناپتتى. ئىچ پۇشقىنى چىقىرىش ۋە ئاچچىقىنى بېسىش ئۈچۈن توختىماي ئەپيۇن بىلەن ھەپىلىشەتتى.

ئىككى كۆزىدىن قان چاچرايدىغاندەك خۇنخورلۇق ئالامەتلىرى ئايان بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بېشىنى قوچۇپ تۇرغان باشقا ئەنسىزلىكلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

ئورچۇنغا ئويان ئويلا، بويان ئويلا ئاخىر ئەھمەت ۋاڭ بىلەن پىكىرلىشىپ، "ئامبال مەھكىمە كېڭەشى" ئۆتكۈزۈش قارارىغا كەلدى.

كېڭەش زالى سېپىل ئىچىدىكى بىر خاس بىنادا ئىدى، زال ئىشىكىدىن 50 قەدەمچە نېرىغا تۆت تۈۋرۈكلۈك سايىۋەن شىپاڭ جايلاشقان

ۋەرسلە؟

— خوش، جانابلىرى، — دېدى مۇدەررىس جاۋابەن، — مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى تېپىپ سۆز قىلدىڭلا. ماڭا پەقەت مۇدەررىسلىك ۋەزىپەملا كۇپايە. قوشۇمچە قازىلىق خىزمىتىمدىن ئىستېپا سورايمەن.

مۇدەررىس خېلىدىن بېرى بۇ ئارزۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن سۆز تېپىشەلمەي تۇرغانىدى. بۈگۈنكى مۇشۇ كېڭەش سورۇنىدا ئالىمنىڭ غايىسى بىلەن ئامبالنىڭ غەرىزى ئوقتاسىغا كېلىپ بىر سىزىق ئۈستىدە ئۇچراشتى.

شۇ ۋەجىدىن مۇدەررىس چەكمەن تونىنىڭ قويۇن يانچۇقىغا سېلىپ كەلگەن قازىلىق مۆھۈرىنى قىزىل قۇتىسى بىلەن قوشۇپ ئەھمەت ۋاڭنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەردى-دە، يىغىن زالىدىن چىقىپ كەتتى.

زالنىڭ ئىچىنى بىردىنلا جىمجىتلىق قاپلىدى. ئورچۇنئا تۇرۇپ-تۇرۇپ، ئەھمەت ۋاڭنىڭ كۆزىگە قاراپ قويۇپتى. يىغىن ئىشتىراكچىلىرى مىدىر-سىدىر قىلماي ۋە زۇۋان سۈرۈشەلمەي سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇشۇپ قالدى.

بىر ياش نۆۋكەر ئاستا كېلىپ، ئورچۇنئانىڭ قولىغا ئۇزۇن مىس دەستىلىك ئەپيۇن غاڭزىسىنى بېرىپ ئۇنىڭغا پەپىلەپ ئوت تۇتاشتۇردى. غەزىپى ئۆرلەپ، قۇيقا چېچى تىك تۇرغان خانئامبال غاڭزىنى كەينى-كەينىدىن شوراپ، ئاچچىقىنى كىچىككىنە بولسىمۇ پەسەيتتى. ئۇنىڭ كەيپى-خۇمارى بىر ئاز يېشىلىپ، يېنىكلەشكەندەك بولۇپ دېدى:

— مۇدەررىس قالتىس سەزگۈر ئادەم ئىكەن، بىزنىڭ ئىچىمىزدىكىنى سېزىۋالغىنىنى قارىمامدىغان. "يىلاننىڭ كۆشكىنىنى بىلىۋالايدۇ" دېگەن گەپ راست ئىكەندە!

ئورچۇنئا مۇشۇ سۆزلەرنى سۆزلەپ بولۇپ، سەۋدايىلارچە كۈلۈپ كەتتى، ئۇ ئىككى قولىنى توختىماي تىزىغا، تېقىمىغا ئۇراتتى. ئۇنىڭ سېرىق دۇخاۋىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن سۆرەلمە چاپىنىنى سۆرەپ يۈرۈپ، زال ئىچىدە

نى جۇپلەپ، كۆزىنى يۇمغان هالدا ئۈچ قېتىم "ئامىتابا①" دېدى. ئارقىدىن ئەھمەت ۋاڭنىڭ قېشىغا كېلىپ، يانمۇيان ئولتۇردى ۋە قىسىق كۆزلىرى بىلەن يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنى نەزەرىدىن ئۆتكۈزدى-دە، ئۆزى ئەتەي چاقىرتىپ كەلگەن ئاق مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى، قوشۇمچە شەھەر قازىسى موللا ئۇسماننىڭ بىر چەتتە ئۆزى يالغۇز نا ساز ھالەتتە ئولتۇرغانلىقىغا كۆزى چۈشتى.

— موللا ئۇسمان مۇدەررىس، — ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن چاقىردى ئورچۇنىا، مۇدەررىسنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ.

— لەببەي! — ئۇسمان مۇدەررىس ئىزىدىن قوزغالماي تۇرۇپ جاۋاب قايتۇردى.

— خۇداغا ئېتىقاد قىلىشمۇ، بۇتقا چوقۇنۇشمۇ ھەركىمنىڭ ئۆز ئەركى، شۇنداقمۇ؟ شۇ ۋەجىدىن بىز يېقىندا بىرمۇنچە بۇتخانا سالدۇرماقچى، بىر قانچە مىس بۇت ھەيكىلى ياساتماقچى. ئۆزلىرىنىڭ كۆزقاراشلىرى قانداق؟

بۇ ئالاقىسىز سۆزلەر مۇدەررىسنىڭ جېنىغا بېرىپ تەگدى. ئۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ جاۋابەن دېدى:

— ئامبال ئالىيلىرىنىڭ بۇ ئىشنى ئالدى بىلەن مەندىن سوراپ يۈرگەنلىرى كۈلكىلىك. مەن بۇنداق ئىشنى تەستىقلاش ئىمتىيازىغا ئىگە ئەمەس-تە، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ئىشقا شېرىك بولۇش ئەھلى مۇسۇلمان ئۈچۈن گۇناھ. ئامبالنىڭ ئۆز خاھىشىدىكى ئىش توغرىسىدا دەتالاش قىلىشقا ھەددىم يوق...

مۇدەررىس بۇ يەردە سۆز ئەگىتمەي، گەپنىڭ پوسكاللىسىنىلا دېدى. ئامبال سەل ئوڭايسىزلانغان ھالدا سورىدى:

— مۇدەررىس، بىزگە قارىتا پىكىر-تەلەپلىرىمۇ باردۇ، قورۇنماي دە-

① ئامىتابا — سانسكرىتچە "تەڭرىم پاناھ بەر" دېگەن مەنىدە. — ئاپتوردىن.

شىمىز كېرەك. مەن ھازىر سىلەرگە شۇنىمۇ دەۋېتەي: يېقىندا بىزنىڭ چېرىكلىرىمىز ئىككى قېتىم غوۋغا كۆتۈردى. ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىمى ئاشۇ تەمىنات غوۋغاسى. ئىككىنچى قېتىملىقى بولسا ئائىلە — ئايال غوۋغاسى. قېنى مەنسەپدار بەگلىرىمىز، ئەقىل كۆرسىتىپ كۆرۈڭلار. بۇ دەۋا، بۇ غوۋغالارنى قانداق ھەل قىلىش لازىم. ھازىر، مەن سىلەرنىڭ دانا پىكىرىڭلارغا موھتاج!

بۇنداق پەيتلەرنى ئاسانلىقچە قولدىن كەتكۈزۈپ قويمايدىغان سېيىت ھېكىم بەگ دەرھال چاچراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئامبال مەھكىمىسىنىڭ تۈزۈم-قائىدە يوسۇنى بويىچە، يىغىن زالىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كېلىپ خانئامبالغا ئۇدۇل يۈزلىنىپ تۇردى ۋە تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، كەينىچە يېنىك قەدەم ئېلىپ ئاۋۋالقى ئىزىغا بېرىپ، ئاندىن سۆزىنى باشلىدى:

— كەمىنە قۇللىرى كىچىكىمدىن تارتىپ خانئامبال ئالىيلىرىنىڭ، چىنۋاڭ غوجامنىڭ ئاستانىسىدا قۇللۇق بىلدۈرۈپ،، بىجانىدىل ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن، بۇ ساداقىتىمدا ھېچقانداق شەك يوق.

سېيىت ھېكىم بەگ تىل ياغلىمىچىلىق ماھارىتىدا ئوردا ئىچىدىكى ھەممە رەقىبلىرىدىن غالىب تۇراتتى. ئۇ ئوردا ئىشلىرىنى ھەل قىلىشتىمۇ ئىنتايىن كەسكىن ۋە رەھىمسىز ئىدى.

سېيىت ھېكىم بەگ باشتا ئۆزىنىڭ ئوردىغا بولغان ساداقىتى توغرىسىدا كۆڭلىدىكىنى دەۋالغاندىن كېيىن، بايا ئامبال ئوتتۇرىغا قويغان مالىيە قىيىنچىلىقىنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئۆزىنىڭ چارە-تەدبىرى ۋە تەكلىپ پىكرىنى بايان قىلىپ دېدى:

— بىرىنچىدىن، ئاق شەھەرنىڭ بوز، بىنامىلىرىنى كېڭەيتىپ ئېچىپ، ئاشلىق، گۆش مەسىلىسىنى ئۆزىمىز ھەل قىلساق؛

ئىككىنچىدىن، ئۇگەن دەرياسىدىن باشلىنىدىغان چېرىك ئۈستىكى سۇيىنى ئۇلۇغلىتىش ئۇچۇن ھاشارنى كۆپەيتىپ، ئاق شەھەرنى سۇ بىلەن

ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن تەلەتى خۇددى چاڭچىلە ئارتىسلىرىنى ئەسلىتەتتى.

بىر مەھەلدىن كېيىن ئۇ، ئەھمەت ۋاڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ كەلدى-دە:

— قېنى، چىنۋاڭ غوجام، مۇدەررىس توغرىسىدا ئۆزلىرىنىڭ قانداق كۆزقاراشلىرى باركىن؟ — دېدى.

— خوش — دېدى ئەھمەت ۋاڭ جاۋابەن، — مېنىڭچە، ئوسمان ئاخۇن داموللا قازىلىقىدىن ئىستېپا سورىغان بولسا بولۇپتۇ، شۇنداق بولسۇن. ئورنىغا ئادەم بارغۇ؟ بۇ گەپ ھازىرچە خۇپىيانە تۇرۇپ تۇرسۇن. بىز ئەمدى باشقا گېپىمىز بولسا قىلىشايلى...

ئەھمەت ۋاڭ سۆزىنى قىسقا قىلىپلا توگەتتى. ئورچۇنئا باش لىڭشىتىپ ئۇنىڭ سۆزىگە ماقۇل بولغانلىقىنى بىلدۈردى، يىغىن كەيپىياتمۇ ئەسلىگە كەلدى.

ئورچۇنئا ئەسلى مۇددىئاسىغا قايتىپ:

— مەن سىلەردىن بۇگۈن ھېچنېمىنى سىر تۇتمايمەن. تەيپۇن[1] ئۆكتىچىلىرى بوران چىقارغاندىن بۇيان مالىيە تەمىناتىمىزنىڭ يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سىلەرمۇ بەش قولدەك بىلىسىلەر. باشبۇغ خان ئوردىسىدىن كېلىۋاتقان پەرمانلاردا: «پۇقرالاردىن باج سېلىق ئېلىپ، ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار بېقىڭلار» دەۋاتىدۇ، — دېدى.

ئورچۇنئانىڭ سۆزى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قورۇق چۈشكەن پېشانىسىدە پەيدا بولغان سوغۇق تەر تامچىلىرى خۇددى كۆز پەسلىدىكى شەبنەمدەك بوقسۇپ چىققاندى. بىر مۇلازىم ئاستا كېلىپ ياغلىق بىلەن ئۇنىڭ پېشانە تەرىنى ئېرتىپ قويدى.

ئۇ، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— بېشىمىزدىكى بۇ ئېغىرچىلىقنى ھەممەيلەن تەڭ ئۈستىمىزگە ئېلى-

---

[1] تەيپۇن — بۇ يەردە تەيپىڭ تيەنگو ھەرىكىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. —ئاپتوردىن.

يۆتكىلىپ يۆرۈپ، توختىماي خا... خا... قىلىپ كۆلەتتى، گاھىدا كۆلۈپ
تېلىقىپ قالاتتى.
ئۇ كۆلكىسىنى توختىتىپ، سېيىت ھېكىم بەگنى پۇدەپ ئۇچۇرۇپ:
— سېيىت ھېكىم بەگنىڭ ھېلى قىلغان ئاقىلانە سۆزلىرىنى ھەممىگ-
لار ئاڭلىدىڭلار، بېشىمىزغا كۈن چۈشۈۋاتقان چاغدا بىز مۇشۇنداق تەدبىر-
لىك ساداقەتمەنلەرگە موھتاج. ئۇلار تۆھپىكارلار قاتارىدا ئەنگە ئېلىنىدۇ.
بايا ئۇتتۇرىغا قويۇلغانلارنىڭ ھەممىسى دانا پىكىرلەر ئىكەن، ئۇنىڭ ئىچى-
دىكى تۆتىنچى پىكىرنى سىلەرگە مىسال قىلىپ كۆرسىتەي. بەزىلەر
"ماڭا مەنسەپ ئىنئام قىلىنمىدى" دەپ ئاغرىنىپ ئارقىمىزدىن غۇدۇڭشۇيدۇ.
ئەمما ئىشنىڭ ئېپى-جېپىنى بىلىشمەيدۇ. ئەمەل شوتىسىغا ئېسىلىپ چىقماق-
نىڭمۇ قائىدە-يوسۇنى، مېڭىش يولى بار. شوتا ئۆزى پەسلەپ بەرمەيدۇ،
ئاڭلىسام سىلەردە "قۇرۇق سۆز، قولاققا ياقماس"دەيدىغان سۆز بار ئىكەن-
غۇ؟ بەللى...، ئاشۇ سۆزنىڭ قىممىتى 1000 تىللاغا تەڭ. ئالايلۇق، سېيىت
ھېكىم بەگنىڭ ئاكىسى قۇتلۇق بەگ ئوردىمىزغا 50 يامبۇ، 2000 سەر
كۈمۈش ئېلىپ كىرگەنىدى. نەتىجىدە بىر ئاددىي مەھرەملىكتىن، خۇددى
ئەرش سارىيىغا بالداقسىز ياماشقاندەك بىرلا سەكرەپ قەشقەرنىڭ ھېكىم
بەگلىكىگە ئۆستۈرۈلدى. سېيىت ھېكىم بەگكىمۇ پات ئارىدا ئاكىسى بىلەن
ئوخشاش دەرىجىلىك مەنسەپ ئىنئام قىلماقچىمىز. مانا بۇ، ئەمەل شوتىسىغا
يامىشىشنىڭ ئەقەللىي ساۋاتى، ئىشنىڭ ئېپى-جېپى دېگەن شۇ.
بۇ ماختاش-ئۇچۇرۇشلاردىن مەست بولۇپ ئولتۇرغان سېيىت ھېكىم
بەگنىڭ شۇ تاپتا گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەنىدى. خۇشاللىقىنى ئىچىگە
سىغدۇرالماي ئورنىدىن مۇدۇرۇپ قوياتتى. ئۇنىڭ رەقىبلىرى، ئىچىدىن
ئاداپ، ھەسەت ئازابىدا تولغىناتتى، ئۇلارنىڭ باشلىرى چۈشۈپ، خۇددى
باراڭدىن تۆۋەنگە ساڭگىلىغان قاپاققا ئوخشاپ قالغانىدى. بۇ ھالەتنى
كىشىلەر "مەنسەپ سېزىكى" دەپ ئاتاشقانىدى.
كېڭەشنىڭ رىياسەتچىسى — ئورچۇنئا ئەمدى يەنە بىر مەسىلىنى

تەمىنلەش ئىشىنى ئوبدان ھەل قىلساق؛

ئۈچىنچىدىن، ئاغى تېغىدىكى مىس كانىنىڭ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇپ، ئۆزىمىز مىس پۇل قويۇپ، مىستىن كىرىدىغان كىرىمىمىزنى ئاشۇرساق؛

تۆتىنچىدىن، يەنە...

سېيىت ھېكىم بەگ چارە-تەدبىرلىك پىكىرلىرىنى بارماق رىتمى بىلەن ساناپ سۆزلەپ "تۆتىنچى"گە كەلگەندە توختاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇددى قارچىغىنىڭ كۆزىدەك ئۆتكۈر ئىدى. ئۇنىڭ ئىلمەك بۇرنىنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراشتىن بىر ئاز ھېيىقاتتى. "تەۋەككۇلچىلىك" ۋە قارامىلىق بىلەن ئامەت مېۋىسىدىن لەززەتلىنىپ كېلى-ۋاتقان بۇ كىشى ھازىر نېمىشقىدۇر بىر ئاز ئارىسالدى بولۇپ توختىۋالدى.

— ئايىغىنىمۇ دەۋېرىڭ، دوستۇم. ھېيىقماڭ، تۆتىنچىدىنچۇ؟

ئورچۇنئا ھېيلىگەرلىك بىلەن سېيىت ھېكىم بەگنىڭ ئاغزىغا لوقما سالدى. سېيىت ھېكىم بەگ بۇ ئىندەك-ئىشارەتكە ساز بولۇپ، سۆزىنى كەلگەن يېرىدىن ئۇلاپ داۋام قىلدى:

— تۆتىنچىدىن، يەنە...، مېنىڭچە، مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە خاننىڭ بېشىغا مۇشكۇلات چۈشكەن چاغدا، خان تەرىپىدىن بېرىلگەن مەنسەپ راھىتىنى ۋە لەززىتىنى كۆرۈپ كېلىۋاتقان مۇشۇ زالدىكى مەنسەپ-دارلارنىڭ جىم تۇرۇۋالىدىغان ھەققى يوق. مېنىڭ دەيدىغىنىم، مالىيە قىيىنچىلىقىمىزنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىن ھەممىمىز خەزىنىگە مەنسەپ ھەققى تاپشۇرساق. تۆلەنگەن بەدەلنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ مەنسەپكە قويۇلسا...

بەشىنچىدىن، چېرىكلەرنىڭ خوتۇن ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش مەسە-لىسىگە كەلسەك،...بۇ تولىمۇ نازۇك...ھە، ئىنتايىن نازۇك ئىش... بۇنى پېقىر قۇللىرى ئۆزۈملا...

سېيىت ھېكىم بەگنىڭ يۇقىرىدىكى تەكلىپ-تەدبىرلىرى ئورچۇنئانى ناھايىتى خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇ گويا چۈشىدە دۆلەنگەن كىشىدەك ئىزىدىن

سىرلىق ئويۇننىڭ شەپىسى بار...

ئۇرچۇنئا سۆزىنى يەنە ئۈزۈپ قويۇپ، ئەتەي غاگزىسىنى شوراشقا باشلىدى ۋە كۆز قىرىدىن ئاڭلىغۇچىلىرىنىڭ تەلەتىگە سىناق نەزەرى بىلەن سەپسالدى.

كىگەشكە چاقىرىلغانلار ئىچىدە جىگەرلىك زاتلارمۇ بار ئىدى. بۇ كىشلەر ئىچىدە: "ئەمدى قاملاشمىغىلى تۇردىغۇ، بۇ تازىمۇ نامەردلىك بولۇۋاتىدىغۇ، چېلىش مەيدانىدىكى ئىشنى بۇنچىزا تەگەپ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىمەن دېيىش سەتچىلىك ئەمەسمۇ؟" دېيىشىپ، دەردىنى تېشىغا چىقىرىشالماي، خەپشۇك بولۇپ ئولتۇرۇشاتتى.

ئۇرچۇنئا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— ئاڭلىشىمچە، نورۇزقۇم سەيلىسىدە ئاتىغى چىققان قۇربان نوچى ئالاقاغىدا بىزنىڭ بەگلىرىمىزنى ئۇجمىگە ئېسىپ قويۇپ دۇمبالىغانىكەن. ئۇنىڭ ئاتىسى پەلەك ئۇستا ئاق شەھەردە چىنۋاڭ غوجامنىڭ بىرنەچچە مىڭ قوينى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويۇپ، ئىنتايىن ئېغىر ساداقەتسىزلىك جىنايىتى سادىر قىلغان. مېنىڭچە، ئالاقاغىلىق ئاشۇ نوچى ئاتا قەرزىنى تۆلەپ بېرىشى شەرت. ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشنى يەنىلا سىپىيت ھېكىم بەگ ئۈستىگە ئالسا دېگەن تەكلىپنى بېرىمەن. چىنۋاڭ غوجام ماقۇل بولامدىكىن؟ — دېدى.

ھېلىغىچە يا ھا، يا شا دېمەي، ئۆزىنى بېسۋېلىپ ئولتۇرغان ئەھمەت ۋاڭ سۆز قىستۇرۇشقا مەجبۇر بولدى:

— مەن خانئامبال ئالىيلىرىنىڭ سۆزىنى يىرتۋەتمەكچى ئەمەس. لېكىن، ھەرقانداق دەۋا-دەستۇر مەھكىمە شەرئى، قازى-قۇززات ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنغىنى سەلتەنەت قائىدە-نىزامىغا ئۇيغۇن بولىدۇ. بۈگۈن ئوسمان مۇدەررىس قازىلىق ۋەزىپىسىدىن قالدى. مېنىڭ تەكلىپىم: ئۇنىڭ ئورنىغا ئابدۇجاپپار داموللىنى قازىكالانلىق مەرتىۋىسىگە قويساق، دېمەكچىمەن.

ئوتتۇرغا قويدى، كۆپچىلىكنىڭ دىققتى دەرھال ئاشۇ يېڭى مەسلىگە تارتىلدى:

— مۇشۇ كۈنلەردە، — دېدى ئورچۇنئا، — تېخىمۇ مۇھىم بىر مەسلە بار. بىز ياستۇقنى ئېگىز قىلىپ، بەخىرامان ئۇخلىيالمايمىز.

ئورچۇنئا نېمىشقىدۇر ئاشۇ "مۇھىم مەسلە" دەپ تىلغا ئالغان ئىشنىڭ ئۈچىنى چىقىرىش بىلەنلا ئۇنىڭ قارامتۇل قىسىق كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرسىزلىشىۋاتقاندەك بولدى. ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان ئاچچىق، ئۇنى خامۇش ۋە زەردىگۆش قىلىپ قىيناۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ سەپراسى ئۆرلەپ، قىسىق كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالدى-دە، ئۇدۇل كەلگەن نېمىنى ئۇرۇپ چاقتى، يەرنى جان-جەھلى بىلەن بىرنەچچە قېتىم كوچەپ دەسسىدى. بۇ ئۇنىڭ ئاچچىق چىقىرىش ئادىتى ئىدى. ئۇ ھازىرمۇ زال ئىچىدە ئاشۇ ئادىتىنى يەنە بىر رەت تەكرارلاپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغانىدى.

مانا ئەمدى كۇرۇكى يېشىلگەن ئامبال بايا باشلىغان سۆزىگە قايتىپ كەلدى-دە، يەنە داۋاملاشتۇردى:

— نېمە ئۈچۈندۇر، بەزى يامان نىيەتتىكى ئادەملەر بىزنىڭ ساداقەت-مەن بەگلىرىمىزنى "بەيمۇزا كېيىكەن مۇنايىقلار" دەپ تىللاپ يۇرۇيدىكەن، سىلەر ھەممىڭلار مۇشۇ يېقىندا "نورۇزقۇم سەيلىسى"دە سادىر بولغان لەنەتچىلىكنى ئۆز كۆزۇڭلار بىلەن كۆرۈپ ئۆتتۇڭلار. نېمە ئۈچۈن مېنىڭ پالۋىنىم ئايياڭ نۇرغۇن چېلىشچىلارنى يىقىتسا ھېچكىم چاۋاك ئۇرمايدۇ، ئەجىبا ھېلىقى نۇسەي[1] يېڭىۋالسىزە...، بارىكاللا توۋلاپ، نېمانچىۋا قىلىپ كېتىشىدۇ؛ تېخى ئۇنى ئاز دەپ بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈشۈپ كېتىشىدۇ. ھەتتا قىز-چوكانلار ئۇنىڭغا گۈل ھەدىيە قىلىش ئارقىلىق مۇبارەكلىشىپتىغۇ؟ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تېخى چېرىكلىرىمىزنى بىرمۇنچە قارام لوكچەكلەر توپلە-شىپ ئۇر توقماق، سۇر توقماق قىلغانلىرىچۇ، بۇنىڭ تېگىدە چوقۇم بىر

[1] نۇسەي — قول، چاكار. يەرلىك پۇقرالارغا قارىتىلغان ھاقارەت تىل. بۇ يەردە قۇربانغا قارىتىپ ئىيتىلىۋاتىدۇ. — ئاپتوردىن.

نىپ ئىشلەپ كەلگەن بولسىمۇ، سىيىت ھېكىم بەگدەك بېيىپ كېتەلمىدى. ئۇنىڭ تاماسى ئاشۇ ئىدى. شۇڭا ئۇ، دائىم بۇ ھالىدىن ئاغرىناتتى. بېيىش ئۈچۈن ئەمەلىي ھوقۇق كېرەكلىكىنى چۈشىنىۋالغان مىرزا مۇھەممەت ئەمەلىي ھوقۇقنى چېقىمچىلىق ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈش كويىدا يۈرەتتى. بۇ جەھەتتىمۇ ئارقا تىرىكى كۈچلۈك بولغان رەقىبى سىيىت ھېكىم بەگ ئۇنىڭدىن غالىب كەلگەنىدى. شۇڭا مىرزا مۇھەممەت "ئېشەككە كۈچۈك يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى" دېگەندەك مولۇن مۈشۈكتەك كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ، موللا ئوسمان مۇدەررىسكە قارىسىغىلا بەتنام چاپلىدى:

— ئىككى كەلىمە سۆز قىلىشقا ئىجازەت سورايمەن، — دېدى ئۇ، خانئامبال بىلەن ئەھمەت ۋاڭغا بويۇن قىسىپ تۇرۇپ، — مېنىڭچە نورۇز-قۇمدىكى ھادىسىنىڭ ئارقىسىدا يوشۇرۇن كېلىمچىسى، ئالدىدا ئىلھامچىسى بار. ئاللىيۇق، ئاق مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى موللا ئوسمان پات-پاتلا كىشىلەرنىڭ باش مېڭىسىنى قايدۇرىدىغان مەزمۇنلاردا تەپسىر-مۇكالىم قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ئوت-ئاتەش ياندۇ. يەنە دېمەكچىمەنكى...، يېقىندا "گۇگگاڭ سارىيى"غا ئوت قويۇش ۋەقەسىمۇ...

مىرزا مۇھەممەتنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمىگەنىدى. ئەھمەت ۋاڭ دەرھال ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بېلىدىن ئۈزۈۋەتتى:

— ھاي، ھاي، توختىۋېلىڭ مىرزا، "نام يوللۇق، سۆز ئورۇنلۇق" بولغاي، قۇرۇق ئۇستىخاننى غاجىلاۋەرمىگەن ياخشى...

— چىنۋاڭ ئالىيلىرى راست دەيدۇ، — دېدى ئورچۇنئا دەررۇ قوشۇق سېلىپ، — گەپ ئالدى-ئارقىسىغا قاراپ قىلىنمىغاندا، بىزگىمۇ ئاۋارىچىلىك كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. پەخەس بولغىنىمىز تۈزۈك. "تامنىڭ قۇلىقى تۆت" دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ؟...

مىرزا مۇھەممەت ئوقنى ئالدىراپ خاتا ئېتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن تامغا ئۇسسۇۋالدى. غەرىزى ئىشقا ئاشماي قالغان مىرزا يەرگە كىرىپ كېتەلمىدى-يۇ، ئۇنىڭ بېرىسى بولدى.

— جايىدا، جايىدا، ئورۇنلۇق تەكلىپ، — دېدى ئورچۇنئا دەرھال ئەھمەت ۋاڭنىڭ رايىنى ئېلىپ، — مەن تەكلىپلىرىگە قوشۇلىمەن. سېيىت ھېكىم بەگ بىلەن ئابدۇجاپپار قارى مېنىڭچە، بىر پىلەكنىڭ قوش خەمەك-لىرى. خوش...، ئەمدى بۇ ئىككى قوش خەمەكنىڭ ئوبدان ماسلىشىشى ئۈچۈن، مېنىڭ تەكلىپىم: سېيىت ھېكىم بەگ بۇگۈندىن ئېتىبارەن شەھەر، يېزا، تاغ، ئورمان، دەريا، ئۆستەڭ دائىرىسى بويىچە مالىيە، ئامانلىق ئىشلىرىمىزنىڭ مەسئۇل باش تەپتىشى بولسۇن. شۇنداق بولغاندا ھەممە جەھەتتىن خاتىرجەم بولالايمىز. قېنى دوستۇم، سېيىت ھېكىم بەگ، سىز-نىڭچە...؟

— مەن چوقۇم خانئامبالنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاقلايمەن. بىزگە ئامانلىق ھەممىدىن مۇھىم، ئاندىن قالسا خىراجەت-كىرىم. بۇ ئىككى ئىشتا خانئامبال ئالىيلىرىنىڭ خاتىرجەم بولۇشىنى تەۋسىيە قىلىمەن، — دېدى سېيىت ھېكىم بەگ قەسەم بېرىپ.


شۇ تاپتا سېيىت ھېكىم بەگنىڭ يۇقىرى مەنسەپكە قويۇلغىنىنى ئاڭ-لاپ، ھەسەتتىن ئىچىگە ئوت كەتكەن بىر كىشى — ۋاڭ ئوردىسىنىڭ باش مىرزىسى مۇھەممەت غوجايار ئىدى. ئۇ، ئۇزۇندىن بۇيان ئوردا ئىچىدە سېيىت ھېكىم بەگنى، سىرتتا بولسا چوڭ مۇدەررىس ئوسمان داموللىنى ئۆزىنىڭ رەقىبى دەپ بىلەتتى. ئالدىنقىسىغا مەنسەپ جەھەتتىن، كېيىنكى-سىگە ئىلمىي نوپۇز جەھەتتىن ھەسەت قىلاتتى.

بىراق، ئۇ سېيىت ھېكىم بەگكە ئاسانلىقچە تېگەلمەيتتى. سېيىت ھېكىم بەگ بولسا ئۇنى ھە دېسىلا "مىرزا كوسا" دەپ ئۇنىڭ جېنىغا تېگەتتى ۋە ئۇنىڭغا كۆن بەرمەيتتى.

ئاق مەدرىسكە تالىپ بولۇپ ئوسمان مۇدەررىس بىلەن ئۇزۇن يىل بىرگە ساۋاق ئالغان مىرزا مۇھەممەت خەتتاتلىقى بىلەن كوسەن دىيارى بويىچە مەشھۇر ئىدى. ئاشۇ ئارتۇقچىلىقى ئۇنى ۋاڭ ئوردىسىدىكى مىرزىلىق خىزمىتىگە سۈرەپ كىرگەنىدى. ئۇ، بۇ خىزمىتىنى ئۇزۇن يىللاپ قېتىرقى-

بۇگۈنكى يىغىن مەخپىيەتلىكنى ساقلاش لازىملىقى، تامنىڭ قۇلىقى تۆت ئىكەنلىكى سەممىزگە سىلىندى. لېكىن "ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك" دەيدىغان گەپ بار. ئەگەر ھاكىمىيەتنىڭ يۈرىكى بىلەن پۇقرانىڭ يۈرىكى بىر بولسا "بۆرە بىلەن قوي بىر قوتاندا ئىناق ئۆتەلەيدۇ"، ئۇ چاغدا سىر ساقلاشنىڭ ھاجىتىمۇ قالمايدۇ. سۆزۈم تامام، ۋەسسالام...

ماشۇر خەلپىنىڭ يۈرەككە بېرىپ تەگكۈدەك بۇ ئۆتكۈر سۆزلىرىدىن ئورچۇنئا يەنە بىئارام بولۇشقا باشلىدى. بىراق، ماشۇر خەلپىگە قىرىچە تېگىپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلىدى.



زال ئىچىدە يەنە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. دەل شۇ پەيتتە
بېشىغا ئاق پوسما كىيگەن، شالاڭ، قىسقا ساقال قويۇۋالغان، ئوتتۇرا ياشتىن
ھالقىغان بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ سۆز باشلىغاندا ھەممەيلەننىڭ دىققىتى
شۇ كىشىگە تارتىلدى. بۇ كىشى — خۇيزۇ ئۆلىماسى ماشۇر خەلپە ئىدى.

— مۇشۇ پۇرسەتتە، — دېدى ئۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ، — مېنىڭمۇ
ئىككى ئېغىز سۆزۈمنى ئاڭلاپ بېقىشلىرىڭنى تەۋسىيە قىلىمەن. كونىلارنىڭ
بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن "يەر سەمرىسە ئەر سەمرىيدۇ، ئەر سەمرىسە ئەل
سەمرىيدۇ" دېگەن سۆزى بار. قەدىمكىلەرنىڭ يەنە: "ئەلدىن بەخت
كۆچسە، تەخت كۆچىدۇ" دەيدىغان ھېكمەتلىك ماقالى بار. مادامىكى،
بۇگۈنكى داۋالغۇش زامانىدا بۇنى بولۇپمۇ ئەمەلدارلار سەمىدە تۇتۇشى
لازىم. مۇبادا ئەل ئورۇقلىسا ئەمەلدارلىرىمىز نېمە بىلەن سەمرىيدۇ. يانچۇقى-
نى نېمە بىلەن تولدۇرىدۇ. يالغۇز جازاغىلا يۆلىنىپ تەختنى ساقلاپ قالغىلى
بولامدۇ. ھازىر ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدا ھاڭ پەيدا بولۇپ
قېلىۋاتىدۇ. شۇڭا، ئالدى بىلەن مەنسەپدارلار ئۈستىدىن ئادىل تەپتىش
يۈرگۈزۈش كېرەك، دەپ ھېسابلايمەن. مەن شۇنى تەكىتلەپ ئۆتمەنكى،
نورۇزقۇمدىكى چېلىش ئىشىنى تىلغا ئېلىپ يۈرۈش نامەردلىك بولىدۇ. بۇ
ئىشتا جانابلارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالغىنى ياخشى. يەنە ئالايلۇق، "گۇڭگاڭ
سارىيى"غا ئوت قويۇش مەسىلىسىنىمۇ ئادىل تەكشۈرۈپ بىرنېمە دېگۈلۈك.
بەگ-بايۋەچچىلەر خەقنىڭ خوتۇن-قىزلىرىنى ئۇ يەرگە ئېلىپ بېرىپ،
كېچىچە ئەيش-ئىشرەت يۈرگۈزسە، "چىراغ ئۆچۈرۈش" قاتارلىق ناشايان
ئىشلارنى قىلسا، پۇقرا چىداپ تۇرامدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ كېچىسى بىر
خۇيزۇ موسىپىت كىشىنىڭ قىزىمۇ ئالداپ ئېلىپ بېرىلگىنى ئۈچۈن خۇيزۇ-
لارنىڭ غەزىپى ھېلىھەم پەسەيمىدى. "ھەممە گۇناھ ئۆزۈمدە تۇرۇپ، قاپ
كۆتۈرۈپ نەگە باراي" دەيدىغان تەمسىلمۇ بار. پۇقرانىڭ ئاھى كۆپەيسە
خۇدامۇ تەسىرلىنىدۇ. پۇقرانىڭ يېشى كۆپەيسە دولقۇن پەيدا قىلىدۇ.
جاۋابكارلىق پۇقرادا ئەمەس، ئەمەلدارلاردا؛ تارازا-مىزاندا...، ھېلىراقتا،

نورۇزقۇمدىكى غەلبە شادلىقىدىن كېيىن، ساقساقلىق قىزلار قۇربان بىلەن بىرگە قايتماقچى بولۇشتى. قاياقتىندۇر، بىرقانچە چېرىك ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇشتى-دە، قىزلارنىڭ ئالدىنى قەستەنگە توسدى. بەزىلىرى تەپ-تارتماي قىزلارغا پوخۇرلۇق قىلىشقا ئۇرۇندى. قىزلار بوش كەلمەي، خولىگەنلەرنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە تۇكۇرۇشتى.

قۇربان باشتا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ جىم تۇردى. كېيىن ئۇنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرى غالىب كەلدى-دە، چېرىكلەرنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بارغان پېتى مۇشت بىلەن بىرىنى قويۇپ ھەددىدىن بەك ئېشىپ كەتكەن بىرىنىڭ خامىرىنى يېرىپ، تىك موللاق چۈشۈرۈۋەتتى. ھايت-ھۇيت دېگۈچە ئادەم مىغىلداپ كەتتى. چېرىكلەر قاچتى. ئۇششاق باللار تايغانلارنىڭ بېشىغا چالما-كېسەك ياغدۇرۇپ، خېلى ئۇزاق يەرگىچە قوغلاپ بېرىشتى.

قۇرباننىڭ يىگىتلىك جاسارىتىدىن لالە ۋە باشقا قىز-يىگىتلەر تېخمۇ سۆيۈنۈپ كېتىشتى.

— قۇربان ئاكا، يۈرۈك كېتىمىز، — لالە بېرىپ مەھبۇبىنىڭ قولىدىن تارتتى.

— خولىگەنلەرنىڭ يۈزىنى يەنە بىر قېتىم چۈشۈرۈۋېتەيمىكىن دەپ كۈتۈۋاتىمەن، — دېدى قۇربان كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بولدى، خېلى پۇخادىن چىقىۋالدۇق، يەنە مۆرىتى كېلىدۇ، — دېدى لالە قۇرباننى كېتىشكە ئالدىرىتىپ.

قۇربان ئاخىر لالە بىلەن قىزلارنىڭ سۆزىگە كۆندى-دە، بىر ھارۋىغا كىرا قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ساقساققا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

نورۇزقۇمدا چارچاپ كەتكەن قۇربان ساقساقتا خېلى ئۇزۇن راھەتلە-نىپ دەم ئالدى. لالە ئۇنى ئوبدان غىزا بىلەن كۈتتى. ھاردۇقى چىقىپ، ئۆز ئەسلىگە كېلىۋالغان قۇربان ئەمدى ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ لالەنىڭ كىچىك بېغىنى، ئۆستۈرگەن ھەر خىل گۈللىرىنى تاماشا قىلىپ، ھوزۇر ئالاتتى. لالە بولسا ئۆزى ئەجىر قىلىپ ئۆستۈرگەن گۈل-گىياھلىرىنى

## تۆتىنچى باب

# لالە گۈلدىن گۇمان

نورۇزقۇمدىكى بىر دەستە گۈلنىڭ كۆلەڭگىسى ئامبالنى ئاشۇ قەدەر ئاللاقزادە قىلىۋەتتى. ئۇ، ئەتەي پىلانلاپ ئاچقان نامەردلىك كېڭىشى قارىماققا داغدام، ئاخىرى خام بولۇپ پەلپەتىش ئاياغلاشقانىدى. بىراق، ئورچۇنئانىڭ بېشىدىكى تۇمان، كۆڭلىدىكى گۇمان تېخى تاراپ كەتمىگەنىدى.

”نورۇز قۇم گۈلى“ كۈچلۈك سېھىر قۇدرىتى بىلەن ھەممىنى ھاياجانغا سېلىۋەتتى. ئۇ، ئاددىيلا مۇھەببەت بەلگىسى ئەمەس، بەلكى ھاياتنىڭ كۈرەش شەجەرىسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى.

ھاياتلىق كۈشەندىسى بىلەن ئويغاق، مۇھەببەت ھەر جايدا رەقىبىنىڭ قەستىدىن سەگەك.

”دولقۇنىنىڭ ئەۋجى سۇنىڭ تەكتىدە“ دەپ چوت سوققان خانئامبال يوشۇرۇن شەمشىرىنى قىنىدىن قاچان سۇغۇرۇپ چىقىرىش پۇرسىتىنى كۈتەتتى. ئۇ، ئاشۇ پەيت — قىساس مۆرتى ھامان كېلىدۇ، دەپ كۆڭلى-گە پۈكۈپ قويغانىدى. ئالجىغان چاغلىرىدا ”ئۆزۈك ئۈرۈنۈپ، ئۆزىگە دۆڭگە“ ھېلىسىنى ئوينىماق بولاتتى.

كۆتۈرۈپ، ئۇتلۇق كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى. ئىككى جۈپ كۆز ئۆزئارا تويۇشماي قارىشاتتى. لالەنىڭ سۇزۇك زىبا لەۋلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاق سەدەپ چىشلىرى پارقىرايتتى. ئۇزۇن، زىچ قارا كىرپىكلىرى، ئەگمە قاشلىرى خۇددى ئەگمەياغا ئوخشايتتى. يېڭىلا تارالغان قىسقا سېكىلەك چېچى سەلكىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئاق، سۆسۈن چېچەك گۈلى كەشتىلەنگەن بېشىدىكى دوپپىسى ئۆزىگە شۇنداق ياراشقان-دى. سەھەردىكى قىزىل شەپەق ئەكسىدە ئۇنىڭ نۇرانە جامالى تېخىمۇ گۈزەللەشكەنىدى.

ئىچكىرىدىكى ئۆيدىن ئاڭلانغان يۆتەل ئاۋازى تېخى بىر-بىرىگە قاراپ تويۇنۇشمىغان كۆزلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋەتتى.

— يۈرۈك باغقا كىرىپ، — دېدى قۇربان مەھبۇبىنىڭ قولىنى تارتىپ،— بىر ئاز سىردىشايلى. مېنىڭ دەيدىغان يۈرەك سۆزلىرىم بار...

ئۇلار يېنىك قەدەم ئېلىپ باغقا قاراپ ماڭدى. هويلا ئىچىدىن شەرق تەرەپتىكى باغقا كىرىدىغان كىچىك ئىشىك بىلەن باغقا كىرىپ، بۇلۇڭ تەرەپتىكى قارا ئۆرۈك تۈۋىگە بېرىپ توختاشتى. غولى پاكار، قويۇق شاخلىق بۇ ئۆرۈك دەرىخىنىڭ بەش بۇرجەكلىك ئاق، سۆسۈن رەڭلىك چېچەكلىرى خۇش پۇراق چېچىپ تۇراتتى. لالە ئىنتىزارلىق بىلەن قۇربانىنىڭ كۆزىگە تىكىلدى. قۇربان كۆڭلىنى ئىزهار قىلىپ:

— مېنى مىس كان تېغىغا پالاشقاندىن بۇيان بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ يەردىكى كان ئىشچىلىرى ماڭا ئىجىل بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مەندىن ئايرىلغۇسى كەلمەيدۇ. مېنى تاغقا قايتىشقا دەۋەت قىلىۋاتىدۇ. لېكىن مېنىڭ قايتقۇم يوق. مەن شەھەردە قېلىپ سىز بىلەن بىللە بولاي دېيمەن، — دېدى.

لالە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. هىجران ئازابىدىن قىينىلىپ كېلىۋاتقان بۇ قىز شۇ تاپتا يۈرىكىدە پەيدا بولغان شادلىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمايلا قالدى. ئۇ جاۋابەن:

يىگىتكە چۈشەندۈرۈپ خۇشال بولاتتى.

قورۇنىڭ ئىچىگە تام ياقىلاپ تىزىۋېتىلگەن تەشتەكلەردە ئېچىلغان ھەر خىل گۈللەر — تاجىگۈل، قىزىلگۈل، روشەنگۈل، ئەتىرگۈل، چىنىگۈل، سۇمبۇللارنىڭ خۇش پۇراقلىرى كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلاتتى.

— مانا قاراڭ، ماۋۇ گۈل، — دېدى لالە باشقا ھەممە گۈللەرنى قاتارىدىن تونۇشتۇرۇپ بولۇپ، قۇربانغا ئەڭ ئاخىرىدا لەيلىگۈلنى كۆرسىتىپ، — مېنىڭ ياخشى كۆرىدىغان گۈلۈم. مەن بۇ گۈلگە كىچىكىمدىن ئامراق. بۇ گۈلنىڭ يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ سېپى چىداملىق، يىلتىزى مەھكەم، يۈرەكسىمان يوپۇرماقلىرى يېنىدا قىزىل، ئاق، سۆسۈن رەڭلىك گۈللىرى توختىماي ئېچىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ ساپ قان، پاك ۋىجدانىنىڭ سىماسى. ئۇنىڭ ئۇرۇقى شىپالىق دورا بولۇپ، زەھەرنى قايتۇرىدۇ، غەمدىن خالاس قىلىدۇ.

قۇربان بۇ مەنىلىك تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. لالە سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى:

— مېنىڭ لالە دېگەن ئەركىلەتمە ئىسمىم مۇشۇ گۈلنىڭ قىسقارتىلمىسى ئىكەن. كىچىك ئاپام ماڭا شۇنداق دەپ بەردى. مېنىڭ مىجەزىممۇ مۇشۇ گۈلنىڭ تەبىئىتى بىلەن ئوخشايدۇ. مەنمۇ زەھەرنى قايتۇرۇپ، قايغۇنى يوقىتىشقا بەل باغلىغانمەن...

لالەنىڭ ئېغىزىدىن چىققان لەيلىگۈلنىڭ تەبىئىتى بىلەن باغلانغان مۇھەببەت، غايە، ئىرادە ھەققىدىكى بۇ يارقىن سۆزلەر قۇرباننىڭ باغرىنى مۇم قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ لالەنىڭ ئىككى قولىنى ئۇشلاپ تۇتۇپ:

— ئاپىرىن سىزگە، ھەقىقىي ئاتا ۋارىسى، ئانا ۋارىسى بولغۇدەكسىز. مېنىڭ ھايات-مامات تەقدىرىم سىز بىلەن مەڭگۈ بىرگە بولىدۇ... — دېدى ئاستاغىنە.

لالەنىڭ ئانار يۈزلىرى ھۆپپىدە قىزاردى-دە، بېشىنى نازاكەتلىك بىلەن تۆۋەن سالدى. قۇربان ئوڭ بارمىقى بىلەن ئۇنىڭ ئېڭىكىنى يۇقىرىغا

دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى-دە، ئىككىيلەن ئۆرۈك تۈۋىدىن ئايرىلدى. ئۆرۈك شاخلىرىدا بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئويناپ يۈرگەن بىر جۈپ ئاق قۇشقاچ خۇددى ئۇلارنى ئۇزىتىۋاتقاندەك تېخىمۇ خۇش خۇي سايرىشاتتى.

لالە بىلەن قۇربانىنىڭ ئاشۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشى گويا ئاي نۇرىنىڭ بۇلۇتلار ئارىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ جىلۋە قىلغىنىدەك قۇربان ئۈچۈن ۋىسال ئۈمىدى بېغىشلىغانىدى.

ئۇ ئەمدى شەھەردە قېلىپ، نەۋرە ئاكىسىدىن ئۇنىڭغا قالدۇرۇپ قويغان تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدا ھۈنەر قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. لالە ئۇنىڭغا غىزا-تاماق توشۇپ بېرەتتى.

قۇربان بۇغداي ئورمىسىغىچە ھاجەتمەن دېھقانلار ئۈچۈن يېتەرلىك ئورغاق سوقۇپ تەييارلاشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، كېچە-كۈندۈز جىددىي ئىشلىدى. ئۇنىڭ ئىككى شاگىرتى كۆرۈك بېسىپ ئۇلگۇرتەلمەي قارا تەرگە چۆمۈلەتتى. ئاۋۋال قىزىل چوغ بولۇپ، كېيىن ئاقتاپ ھالىتىگە كىرگەن تۆمۈرنى قىسقۇچ بىلەن ئېلىپ بازغانلاش، سوغىرىش، يەنە قىزدۇرۇش قاتارلىق ھەممە ئۆتكەللەرگە يالغۇز ئۆزى يېتىشىپ ئۇلگۇرەتتى. ئارقىدىن قاتار-قاتار دەستىلەنگەن نۇرغۇن ئورغاقلارنى تەپمە چاق ئارقىلىق سەيقەللاپ پارقىرىتاتتى.

ئۇ، يەنە دۇكىنى ئالدىدىكى بوشلۇققا توم ياغاچلاردىن كانارگا ئورنىتىپ، قوشۇمچە ئات-ئۇلاغ تاقىلاش ئىشىنىمۇ قولىدىن بەرمىدى. بۇ ئىشنى تولىراق ھەقسىز قىلاتتى.

قۇربان ھاجەتمەنلەرنىڭ ئات-ئۇلاغلىرىنى توم ئارقان بىلەن يالغۇز ئۆزى كانارگىغا باغلايتتى. ئاندىن تالتىز بىلەن ئات-ئۇلاغلارنىڭ تۇۋاقلىرىنى كېسىپ، سىنتىراچ بىلەن بىر قۇر تەكشىلەيتتى. ئاندىن يېڭى مىخ ئۇرۇپ ئىشنى پۈتكۈزەتتى. ئىشلىرىنى پۈتكۈزۈشكەن ھاجەتمەنلەر ئۇنىڭدىن بەك مەمنۇن بولاتتى ۋە ئۇنىڭغا رەھمەت-ھەشقاللا ئېيتىشاتتى.

قۇربانىنىڭ ھۈنەر ماھارىتى ۋە سېخىي-مەردلىكى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا

— بۇ مېنىڭمۇ ئۇزۇندىن بېرى كۆتۈپ كېلىۋاتقان ئارزۇيۇم ئىدى، سىز چوقۇم بۇ يەردە قېلىڭ — دېدى.

— ئەمما، — دېدى قۇربان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇ يەردە قالغاندا ئازراق بەدەل تۆلەيمىز، نورۇزقۇمدىكى چېلىشتا يۈزى چۈشۈپ كەتكەن خانئامبال ھەرقانداق يامانلىق قىلىشتىن يانمايدۇ. زامانىنى تومان باستى، ئۇلار مەندىن ۋە لالە گۈلدىن گۇمان قىلىشماقتا.

— سىز بايا، "ھايات-مامات تەقدىرىمىز بىرگە بولىدۇ" دېگەن ئىدىڭىزغۇ، مەنمۇ شۇنداق ئىرادىگە كېلىپ قويدۇم. بىلمەيۋاتامسىز، ئورچۇنئانىڭ ھازىر بېشىغا پىت چۈشتى. ئۇ، يىلتىزى قۇرۇپ بولغان پور تېرەك. ئىت قورقىنىدىن قاۋايدۇ، نېمىگە ئەنسىرەيتتۇق.

لالە بىلەن قۇربان ئۆزئارا بىر-بىرىنىڭ يۈرىكىنى چېكىپ باقماقچى بولۇشقاندەك سىناق خاراكتېرلىك سۆھبەتكە چۆكۈپ كېتىپ، ۋاقىتنىڭ خېلى بىر چاغ بولۇپ قالغىنىنى تۇيۇشمىغانىدى. ئۆرۈك شاخلىرىدا سايراۋاتقان باھار قۇشقاچلىرىنىڭ ۋىچىرلاشلىرىمۇ ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا كىرمەيتتى. سەھەر پىنھانلىقىدا بىر جۈپ مۇھەببەت پەرۋانىسى ئۇچرىشىش شەربىتىدىن لەززەتلەنمەكتە ئىدى.

— رەھمەت سىزگە، بۈگۈن سىزنىڭ ئىرادىڭىز ۋە ئەقىل- پاراستىڭىز مېنى قايىل قىلدى. سىزگە بولغان ئەقىدەمنى تېخىمۇ چىڭىتتى، — دېدى قۇربان ئاخىرىدا.

— ھەرقاچان، ھەر يەردە، — دېدى لالە يەنە جاۋابەن، — بۇ قەلبىم سىز بىلەن قەلبىداش. مۇھەببەت داۋىنىدا جەۋرە-جاپا چەكمەي مەنزىلگە يەتكىلى بولمايدۇ...

لالە بىلەن قۇربان ئۇزۇندىن بېرى بىر-بىرىگە ئىچى-قارىنى تۆكۈشۈۋېلىش ئۈچۈن پۇرسەت تاپالماي بۇرۇقتۇم بولۇپ كەلگەنىدى. بۈگۈن بولسا ئۇلارنىڭ يۈرەك ئارمانلىرى يېشىلدى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئاخىرلىشىشىغا ئۇلگۈرۈپ لالەنىڭ كىچىك ئاپىسىنىڭ "تامىقىڭلارنى يەۋېلىڭلار"

كىرگەن پېتى ھېلىقى جىنەستە قاچىلانغان سىيۋەتنىڭ تېگىدىن بىر پارچە خەتنى ئالدى. ئۇ قاتلاقلىق خەتنى ئاۋايلاپ ئېچىپ، ئوقۇشقا باشلىدى. خەتتە مۇنداق يېزىلغانىدى:

خانئېرىقتىن گۈزەگە،
ئۈچ چاقىرىم يول ئىكەن.
يولىمىزنى توسالماس،
شۇمبۇيا، يانتاق، تىكەن.

ساقساقنىڭ سۆيى بىلەن،
زەپ ئوخشىدى جىنەستە.
ماراپ يۈرەر پايلاقچى،
بولماڭ ھەرگىز بىخەستە.

گۈللەر پۇراق چاچىدۇ،
تاڭ سەھەردە، ئاخشامدا.
يارنى مەڭگۈ ئەسلەيمەن،
قوشاق قېتىپ ناخشامدا...

— پاھ، پاھ ... لالەنىڭ قوشىقى، مانا بۇ ئۇنىڭ خېتى، ئۇنىڭ قەلىمى...

قۇربان قوشاقنى تەكرار-تەكرار ئوقىدى ۋە بىردىنلا شۇنداق دەۋەتكىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى. ئۇ، يېنىدىكى شاگىرتلىرىنىمۇ يادىدىن چىقىرىپ قويغانىدى. بىردەمدىن كېيىن، ئۇ، ئېسىنى يىغىپ ھۇيىدە بىر قىزاردى ۋە خەتنى قاتلاپ يانچۇقىغا سالدى، قۇربان قوشاق مىسرالىرىنى ئىچىدە يادلىماقتا ئىدى. توساتتىنلا رەستە كوچا تەرەپتىن ئاڭلانغان ۋاڭ-

شەھەر-يېزىلارغىچە پۇر كەتتى.

ياز پەسلى، ئىسسىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، لالە بىر نەچچە قىزنى باشلاپ ساقساقتىن يەنە قۇربانىنى يوقلاپ كەلدى. قىزلار قېتىق، نان، توقاچ، جىنەستە قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى سېۋەتلەرگە قاچىلاپ ئېلىپ كې-لىشكەنىدى.

قۇربان قىزلار بىلەن ئۇزۇن مۇڭداشتى، چاقچاقلاشتى، قىزلارنىڭ ئىچىدىكى خۇش چاقچاق بىر قىز ئاۋۋال سۆز تېشىپ:

— قۇربان ئاكا، قولىڭىز نېمىدېگەن ئەپچىل، سىز ھەممىنى بىلىدى-كەنسىز، داڭقىڭىز ھەممە يەرگە كەتتى. بىزمۇ سىزگە رەھمەت ئېيتقىلى كەلدۇق، بۇ رەھمىتىمىزگە نېمە بىلەن جاۋاب قايتۇرىسىز؟ — دېدى.

— ياقەي، ئۇنچىلىك ئەمەس، — دېدى قۇربان ھېلىقى قىزنىڭ سۆزىگە كەمتەرانە جاۋاب بېرىپ، — بىكار جۇۋاپ كېتىپسىلەر. مەن تۆمۈرچىلىككە قارىغاندا زەرگەرچىلىكنى ئوبدان بىلىمەن. مەن نېسىپ بولسىلا ھەر بىرىڭلارغا بىر جۈپتىن بىلەزۈك ياساپ ھەدىيە قىلىمەن. بۈگۈنكى رەھمىتىڭلارنىڭ ھەققىنى شۇ چاغدا تولۇق ياندۇرىمەن...

قۇربانىنىڭ بۇ سۆزى بىلەن دۇكانىنىڭ ئىچىنى كۈلكە قاپلىدى. مۇشۇنداق قىزىق كەيپىيات ئىچىدە بىر نەچچە سائەت ئۆتۈپ كەتتى. قىزلار يەنە قايتىش تەرەددۇتىنى قىلىشتى. قىزلار خوشلىشىپ دۇكان ئالدىغا چىققاندا بايىقى چاقچاقچى قىز قۇربانغا دارىتىپ:

— خوش، قۇربان ئاكا، بىزنىڭ ئەڭ مۇھىم سوۋغىمىز جىنەستە قاچىلانغان كىچىك سېۋەت ئىچىدە، ئېسىڭىزدە بولغاي، — دەپ جېكىلىدى، قىزلار كۈلۈشكەن پېتى ئۇزاپ كېتىشتى.

قۇربان قىزلارنىڭ قارىسى يىتكىچە قاراپ تۇردى. لالە ئۇلار بىلەن بىللە كەتكەنىدى. قۇربانىنىڭ يۈرىكى پىژىلداپ كۆيەتتى. پېشانىسىدە سو-غۇق تەر مۇنچاقلىرى پەيدا بولغانىدى.

قۇربان ئۈن-تىن سىزمەي ئارقىسىغا بۇرۇلدى-دە، دۇكان ئىچىگە

ئۈچ كۈندىن كېيىن مەندىن سوراق سورايدىغانلىقى دېيىلىپتۇ گ نېمە ئىش توغرىسىدا ئىكەنلىكى يېزىلماپتۇ. سىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟— دېدى.

— ياقەي، — دېدى يايى چورت كېسىپ، — مەن بىر چاپارمەن تۇرسام، نېمىنى بىلىمەن دەيسىز، قازىخانىغا بارغاندا ... ھە، شۇ چاغدا بىلىۋالامسىز، مەن ئەمسە كەتتىم. مېنىڭدىن يامانلىماڭ...

— ماقۇل، يولۇڭغا مېڭىۋەر.

قۇربان بۇ ئويۇننىڭ سىرىنى ئالدىن بىلىۋېلىشىم لازىم ئىدى، دەپ تىت-تىت بولاتتى. ئۇ ئۇزۇن خىيال سۈردى-يۇ، بۇ تېپىشماققا دەمال جاۋاب تاپالمىدى.

دەل شۇ ئەسنادا دۇكان ئىچىگە ئالاقىغىلىق ئىككى دوستى كىرىپ كەلدى. ئۇلاردىن بىرى تاغدىن كەلگەن مىس كان ئىشچىسى، يەنە بىرى ياش دېھقان ئىدى. قۇربان ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. ئەھۋال سوراشتى. ئىشچى مىتىن بىلەن لوم تۆمۈر ئۈچۈن، دېھقان بولسا ئورغاق ئۈچۈن كەلگەنىدى. قۇربان ئۇلارنىڭ سورىغىنىنى تەق قىلىپ بەردى. لېكىن ئۇنىڭ كاللىسىنى يەنىلا بايىقى ئېنىقسىز ئۇقتۇرۇش خىيالى چۇلغىۋالغانىدى. چىرايىمۇ مانا مەن دەپ چاندۇرۇپ تۇراتتى.

— چىرايىڭ باشقىچىلىغۇ، — دېدى ئىشچى ئاغىنىسى ئۇنىڭغا سوئال قويۇپ، — ئېچىلالماي تۇرسەن، مىجەزىڭ يوقمۇ-يا؟

— ھېچ ئىش يوق، — دېدى قۇربان دوستلىرىغا جاۋابەن، — ھېلىراق ئالدىنقىلاردا قازىخانىدىن بىر يايى كېلىپ بىر باغاق...

قۇربان دوستلىرىغا ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلارمۇ ھەيران بولۇشتى. ئالاقىغىلىق دېھقان سۆز قىستۇرۇپ:

— بەلكى، ئۇنچىلىك چۆچۈگىدەك ئىش بولمىسا كېرەك. ئۇلار ئەمدى قىستىۋالسىمۇ بولاتتى. ئەگەر يەنە تۆھمەت چاپلاشقا ئەدەيدىغان بولسا خاتىرجەم بول، ئارقاڭدا بىز بار. سوراق يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن

چوڭ ئاۋازى ئۇنىڭ شېرىن خىيالىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئۇ دەرھال شاگىرتلىرى بىلەن دۇكاندىن سىرتقا يۈگۈردى.

ئون نەچچە خۇيزۇ ياش ئىككى چېرىكنى باغلاپ كوچىدا سازايى قىلىپ مېڭىپتۇ. بىرمۇنچە باللار ئۇلارنىڭ چۆرىسىگە ئولىشىپ تاماشا كۆرۈۋېتىپتۇ. چېرىكلەرنىڭ ئېغىز-بۇرنى قانغا مىلەنگەن، باش-كۆزلىرى كۆكەرتىۋېتىلگەن. بۇ ۋەقەنىڭ تېگى-تەكتى مۇنداق ئىكەن: خۇيزۇ ئۆلىماسى ماشۇر خەلپىنىڭ قىزى ئىشىك ئالدىدا تاغارا سېتىۋاتقاندا ھېلىقى چېرىكلەر پۇل بەرمەي تاغارىنى ئوچۇملاپ ئېلىپ كەتمەكچى بولۇشۇپتۇ. قىز ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، تاغارىنىڭ پۇلىنى سوراپتۇ. چېرىكلەر "مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك" دېگەندەك ھېلىقى قىزغا خورلۇق قىلماقچى بولۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ خۇيزۇ ياشلىرى چىداپ تۇرالماپتۇ-دە، چېرىكلەرنى تۇت-ئۇر قىلىپ، قوللىرىنى كەينىگە قايرىپ باغلاپ مېڭىپتۇ...

قۇربان ۋەقەنىڭ تەكتىنى بىلىپ بولغاندىن كېيىن، شاگىرتلىرى بىلەن بىللە دۇكانغا يېنىپ كىردى-دە، بايىقى خۇيزۇ ياشلىرىنىڭ جۈرئىتىگە ئىچ-ئىچىدىن ئاپىرىن ئوقىدى ۋە شاگىرتلىرىغا قاراپ:

— بىز ئاشۇ يىگىتلەرنىڭ جۈرئىتىگە بارىكاللا دېيىشىمىز كېرەك. يىگىتلىك غۇرۇرى ئاشۇنداق بولىدۇ. تايغانلارنىڭ جازاسىنى بېرىپ قويىدىغان پەيت يېتىپ كەپتۇ، — دېدى.

بىراق، ئارىدىن تېخى بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتمەي تورۇپلا دۇكان ئىچىگە بىر يايى كىرىپ كەلدى-دە، يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى چىقىرىپ، قۇربانغا ئۇزاتتى. قۇربان ئۇنى ئوقىدى. بۇ قۇرباننى سوراق قىلىش ئۈچۈن قازىخانا ئەۋەتكەن ئۇقتۇرۇش ئىدى.

خەت ئېلىپ كەلگەن يايى كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ئالدىراپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، قۇربان ئۇنى دۇكان بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ بولغۇچە "ھاي، توختا!" دەپ توختاتتى.

— بۇ، خەتتە — دېدى قۇربان يايىغا سوئال نەزەرى بىلەن، —

— بۇ بىر ئويۇن، يەنە كېلىپ سىپىت ھېكىم بەگنىڭ ئويۇنى. ئۇنىڭ 72 خىل ھىيلىسى بار. لېكىن، قورقۇنچاق. ھېچنېمە قىلالمايدۇ — دېدى.

مەھجۇرنىڭ سۆزلىرى قۇربانىنى ئۆزىگە تارتتى. ئۇنىڭ قىزىۋاتقان مېڭىسى سەل-پەل پەسكارىغا چۈشەي دېدى.

مەھجۇرى بىر پىيالە چاي ئوتلىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— نورۇزقۇمدا ئابرويى تۆكۈلگەن ئورچۇنئا ئەمدى سىپىت بەگ ئارقىلىق قىساس ئېلىشنى پىلانلىغان بولۇشى جەزمەن. بۇ سىرلىق ئويۇننىڭ كەينىدە سىپىت ھېكىم بەگ، ئالدىدا بولسا ئابدۇجاپپار قازى ھۆنەر كۆرسىتىدىغىنىمۇ جەزمەن. بىز ھەم سەگەك ھەم سوغۇققان بولۇشىمىز زۆرۈر. قان قىزىقلىق، يولىمىزغا كاشىلا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. قەدىمكىلەرنىڭ "ئاچچىق ئالدىدا يۈرىدۇ، ئەقىل كەينىدە" دېگەن دانا سۆزى بار ئەمەسمۇ؟ ... بەزىدە چۈشنىڭ تەبىرى ئۇقتاسىغا كېلىپ قالىدۇ. قىياسىي ھۆكۈممۇ شۇنداق. ئابدۇجاپپار قازى ئىككى ئىشنى تەگىشى ئېھتىمال. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، قۇرباننىڭ ئاتىسى پەلەك ئۇستا قولىدىن بۇلاپ كېتىشكەن قويلارنىڭ قەرز ھۆججىتى، ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، نورۇزقۇمدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى باھانە قىلىپ لالەنىڭ نەسەبنامىسىنى تەگەپ "تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈشى" مۇمكىن.

ئارقىدىن شاھسەنۇبەرمۇ پىكىر قىلىپ:

— تېپىشماقنىڭ سىرى يېشىلدى. مەن قازىخانىغا قۇربان بىلەن بىرگە بېرىپ، ئۆلارنىڭ گۇمپىسىنى بىر كۆرۈپ باقاي، ھەق-ناھەق زاكون سورۇنلىرىغا مەن خۇشتار؛ ئۇ تىلىمنى بىلەيدىغان بىلەي تاش. "ياش تۆككىچە مۇشت تۈگ" دېگەن سۆزگە لايىق رەپتارىمنى بىر سىناپ كۆرەي! — دېدى.

بۇ ئىككى دوستىنىڭ سەممىي مەسلىھەتى قۇربانىنى خېلى ئارامغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى.

شۇنداق قىلىپ قۇربان بىلەن شاھسەنۇبەر ئىككىيلەن قازىخانىنىڭ

بولىدىكەنغۇ، خاتىرجەم بول، شۇ كۈنى مەنمۇ ئالاقاغىلىق ئەزىمەتلىرىمنى باشلاپ كېلىپ يېنىڭدا ھازىر بولىمەن، — دېدى.

مەنمۇ تاغدىن ئادەم باشلاپ چۈشىمەن، — دېدى، مىس كان ئىشچىسى دەرھال ئاۋاز قوشۇپ.

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ئاياغلاشتى-دە، يىگىتلەر سايمانلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ دۇكاندىن ئۇزاپ كېتىشتى. قۇربان دوستلىرىنى ئۇزىتىپ بولۇپ دۇكاننىڭ ئىش-ئوقەتلىرىنى شاگىرتلىرىغا ئېدىتلىق ھاۋالە قىلىپ قويۇپ، پېشىن مەھەل بىلەن دۇكاندىن يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ، ھازىر بايىقى قازىخانىدىن كەلگەن ئۇقتۇرۇش خېتى توغرىسىدا، مەھجۇرى بىلەن شاھسەنۇبەردىن ئەقىل سوراپ كۆرۈشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ئۈچەيلەن يەنە مەھجۇرىنىڭ ئۆيىگە جەم بولۇشتى-دە، قۇربان دوستلىرىغا ئۇقتۇرۇش ئەھۋالىنى بايان قىلدى ۋە تېپىشماققا جاۋاب ئىزدەپ تاپالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

— مۇنداق دەڭ، بۇ راستىنلا سىرلىق تېپىشماقكەن... — دېدى شاھسەنۇبەر ۋە ئارقىدىنلا ھەر خىل قىياسىي تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن، تېپىشماقنىڭ سىرى تېخى ئېنىق ئېچىلمىغانىدى.

ئاشۇ تاپتا قۇرباننىڭ قانلىرى قايناپ، ئاللىقانداق قىياسلار ئىچىدە قارامىلىق قىلىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. ئۇ ئىچ گېپىنى دېدى:

— مېنىڭ ئىچىم ئاداپ كېتىۋاتىدۇ. نېمىشقا تۆگمەيدىغان تۆھمەت بۇ، گېزى كەلگەندە قازىخانىغا ئوت قويۇۋېتىشتىن يالتايمايمەن.

— باشقا ئىشلاردىن خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى مەھجۇرى دەرھال قۇرباننىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

ئەلىيارخان مەھجۇرى بۇ ئىشقا سالماقلىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزدى. ئۇ، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق ئالدىراپ "چاپاننى ئوتقا سېلىشنى" خالىمايتتى. ئۇ ئەقىل كۆرسىتىپ:

ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدى. قازىخانىنىڭ سوراق زالىغا كىرگەندە ئۇلارنى ئابدۇجاپپار قازى، سېيىت ھېكىم بەگنىڭ ۋەكىلى ھەم سوت كاتىپلىرى كۈتۈپ ئولتۇرغانىدى.

سوراق زالى ئاددىيغىنە بولۇپ، زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇزۇن ۋە كەڭ بىر قارا ئۈستەل قويۇلغان، زالنىڭ تۆت ئەتراپىغا چۆرىدەپ كۇسا-ئورۇندۇقلار قاتار-قاتار تىزىلغانىدى.

ئوتتۇرا بوي، چار ساقال، بېشىغا چوڭ سېرىق داستار ئورىغان ئابدۇجاپپار قازى كۆز قىرىدا قۇربانغا ئىشارەت قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى كۇسىغا تەكلىپ قىلدى.

ئارقىدىن قوللىرى تىترىگەن ھالدا يانچۇقىدىن بىر پارچە كونىراپ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن خەتنى ئاۋايلاپ تۇرۇپ چىقىرىپ ئالدىغا قويدى. خەتنىڭ تىتىلىپ كەتكەن گىرۋەكلىرىنى ۋە پۈكلىنىپ قالغان جايلىرىنى ئورۇق بارماقلىرى بىلەن بىر ھازاغىچە تۈزەشتۈردى-دە، ئاندىن خەتنى ھەجىلەپ يۇرۇپ ئېگىز-پەس ئاۋازى بىلەن ئاران دېگەندە ئوقۇپ تۈگەتتى ۋە قۇربانىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

— مەن يۇقىرىدا ئوقۇپ ئۆتكەن بۇ تىلخەت — ئاتىڭىز پەلەك ئۇستا ئۆز گەدىنىگە ئالغان قوي قەرزى ئۈچۈن بارماق قولىنى بېسىپ قالدۇرۇپ كەتكەن ھۆججەت. ئاتىڭىز پەلەك ئاخۇن ئاق شەھەردە چىنۋاڭ غوجامنىڭ قوي پادىلىرىغا ئوبدان قارىماي بىر قورۇ قويىنى يوقىتىۋەتكەن. مۇشۇ تىلخەت ئاساسىدا ئاتا قەرزىنى ئېرىغدىۋېتىش ئىنسابلىق پەرزەنتنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ساۋابلىق بۇرچى. سىز بۇرۇن كىچىك بولسىڭىز، ئەمدى يوغان ئەر بولۇپ قاپسىز، خوش، سىز بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

قۇربان ھازىر سالماق ۋە تەمكىن ئىدى. خانىقا ئالدىدا ئۆزىنىڭ ھامىيلىرى غەزەپ بىلەن يەك تۇرۇپ تۇرۇۋاتقىنىنى بىلگەن بۇ يىگىتنىڭ كۆڭلى پۈتۈن، يۈرىكى توم ئىدى. شۇڭا ئۇ، مەنسىتمىگەن تەلەپپۇزدا:

— تەقسىر، مېنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرىم يوق. شۇنداقتىمۇ مېنىڭ

ئۇقتۇرۇش مۆھلىتى توشقان كۈنى ئۇدۇل قازىخانا تامان يۈرۈپ كەتتى.
كۆسەن دەرياسىنىڭ غەربىي ساھىلىدىكى تۈزلەڭگە بىنا قىلىنغان كۆك مەدرىسىنىڭ يېشىل سىر بېرىلگەن چوڭ گۈمبىزى بىلەن ئېگىز قەد كۆتۈرگەن مۇنار-پەشتاقلىرى بىر نەچچە چاقىرىم يىراقتىن كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.
مەدرىسىنىڭ شىمالىي پاسىلىغا تۇتاشتۇرۇپ ياسالغان كەڭ زاللىق بىنانى كىشىلەر ئىسمى-جىسمىغا مۇناسىپ ھالدا "مەھكىمەشەرئىيەئەدلى" دەپ سۈپەتلىشەتتى. ئەمدىلىكتە بولسا ئۇنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، "قازىخانا" دەپلا ئاتىشىدىغان بولۇشقانىدى.
ئىككىيلەن بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ، قازىخانا ئالدىغا توپلىشىپ دادخاھ كۈتۈپ تۇرغان نۇرغۇن دەردمەنلەرنى كۆردى. ئۇلار دادىنى يەتكۈزەلمەي گاھىلىرى بىر ئاي، گاھىلىرى بىر نەچچە كۈن تەقەززا بولغان باشپاناھسىز-لار ئىدى.
قازىخانا ئىشكى تېخى ئېچىلمىغانىدى. شۇڭا ئۇلار بۇ دەردمەنلەر بىلەن ھال-مۇڭ بولۇپ كۈتۈپ تۇردى.
ئۇلار جۇل-جۇل كىيىملىك، كۆزلىرى نۇرسىز، قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان بىر ياشانغان دېھقاننىڭ يېنىغا كېلىپ دەردىنى سورىدى. ئۇ، دەردىنى تۆكۈپ:
— دۇنيالىقتا بىرلا ئوغلۇم بار ئىدى. ئىككى يىلدىن بېرى چېرىك ئۆستىگى ھاشىرىدىن بېرى كەلمەيدۇ. ماغدۇرۇم يوق، يەرلىرىم ئاق قالدى. يەر بېجىغا ئۆي بىساتىمنى سېلىپ بەردىم. ئۆزۈم مانا تالادا قالدىم، — دېدى.
قۇربان بىلەن شاھسەنۇبەر بۇ دېھقاننىڭ ھالىغا ناھايىتى ئېچىندى. شۇ قاتاردا ئۇلار بىر نەچچە دەردمەننىڭ دەردىنى ئاڭلىدى.
ئۇزۇن ئۆتمەي قازىخانا ئىشكى ئېچىلدى-دە، بىر يايى چىقىپ قۇرباننىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى قازىخانىغا باشلاپ ماڭدى. شاھسەنۇبەرمۇ

تۈن بولۇپ، كاللا دېسە پاقالچەك دېيىلىۋاتقىنىغا ھەيران بولۇۋاتىمەن. مەن قازىكالاندىن شۇنى سورىماقچىمەنكى، قوي مۇھىممۇ، ئادەممۇ؟ يوغان ئىككى جانغا زامىن بولغان ناھەقچىلىقنىڭ ئىزدەك سورىقى بولمامدۇ؟ خۇن قەرزى مۇھىممۇ، قوي قەرزىمۇ، ئەگەر خۇن قەرزى ئېنىقلانسا، قوي مەسلىسى ئاسانلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى.

— تەقسىر، ئانچىزا ئېشىپ كەتمەيلى، — دېدى قازىنىڭ بىر سوراقچىسى، — شاھسەنۇبەرگە دارتىپ، — مېنىڭچە قوي پادىلىرىنىڭ يوقلىشى پەلەك ئۈستىنىڭ ئۆزىدىن، ئۇنىڭ ئۆلۈمى بولسا تەقدىر-قىسمەتتىن بولغان، دەپ تەن ئېلىشىمىز لازىم...

— ئۇنداقتا پەلەك ئاكىنى باغلاپ توغراققا ئاسقان ئارغامچىنى، ئۇنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرگەن چوماق، توقماقنى قاراقچىلارنىڭ قولىغا تەقدىر-قىسمەت يەتكۈزۈپ بەرگەنمۇ؟

— ھاي، ھاي تەقسىر، مۇشۇ يەردىرەك توختاپ قالايلى، باشقا-باشقا ئىككى ئىشنى ئارىلاشتۇرىۋېتىپ، ساق باشنى ساراڭ قىلىۋەتكىلى تۇردىلا.

— شۇنداق تەقسىر، سۈت بىلەن دوغىنى ئارىلىشىپ كېتىپ، ئايرىغىلى بولمايۋاتقان زامان بۇ، لېكىن، ھامان بىر كۈنى ئېقى ئاق، قارىسى قارا بولىدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىدۇ.

سۈت بىلەن سۇنى قوشۇپ كەپتۇ شۇنداق بۇ زامان،
قايسى يالغان قايسى راست ئايرىلۇر بىر كۈن ھامان.

شاھسەنۇبەرنىڭ سۆزى ئارىلىقىدا سىرتتىن بىر يايى ئۆڭى ئۆچكەن ھالدا ھاپىلا-شاپىلا كىرىپ كەلدى-دە، ئابدۇجاپپار قازىنىڭ قۇلىقىغا ئۇزۇن پىچىرلىدى. قازىنىڭ رەڭگى-روھى بىردىنلا ئالا-تاغىل بولۇپ كەتتى. ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن بايىقى يايىنىڭ قۇلىقىغا كۇسۇرلاپ بىر نېمىلەرنى دېدى-دە، دەرھال ئۇنى يولغا سېلىۋەتتى. ئارقىدىنلا سوراقنىڭ بۈگۈنچە مۇشۇ يەردە ئاياغلاشقىنىنى جاكارلىدى ۋە ئۆزىمۇ قازىخانىدىن مىرزا-كاتىپ-لىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئالدىراپ تىكىۋەتتى.

ئىككى تەلىپىم بار: بىرىنچى، ئاتام خەت يازالايدۇ. قوللىرىدىكى تىلخەتنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقاي، ئىككىنچى، ئاتام قولىدا يوقالغان شۇنچە كۆپ قويلار زادى نەگە كېتىپتۇ، ئەھمەت ۋاڭغا پەنت ئۇرىدىغان بىرەر قاراقچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتىمۇ قانداق؟ سىلەر بۇنى تەھقىقلەپ كۆردۈڭلارمۇ؟— دېدى.

قۇربان قازىنى چىك يېرىدىن ئىلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ گېپى خۇددى ئامبۇردەك ئابدۇجاپپار قازىنىڭ گېلىنى قىسىۋالدى. قازى غىققىدە بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

شۇ چاغدا سىپىت ھېكىم بەگنىڭ ۋەكىلى دەررۇ سۆز قىستۇرۇپ:

— تىلخەتنى سىزگە كۆرسىتىشكە بولمايدۇ. ئاتىڭىزنىڭ بارماق باسقانلىقى ئېنىق تۇرسا، سىز قانداق تېنىپ كېتەلەيسىز، يوقالغان قوينى شۇنچە كەڭ جاڭگالدىن قانداق تاپقىلى بولىدۇ! — دېدى...

قۇربان بۇ "ۋەكىل"نىڭ سۆزىگە ئىرەن قىلماي يەنە ئابدۇجاپپار قازىغا قارىتىپ:

— تەقسىر، مېنىڭ كاللامغا يەنە بىر يېڭى پىكىر كەلدى: ئاتامنىڭ جەستى كۆمۈلۈشتىن بۇرۇن تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلگەنمۇ-يوق؟ ئەگەر چوقۇم تەكشۈرۈلمىگەن بولسا قايتىدىن تەكشۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىمەن، — دېدى.

قۇرباننىڭ بۇ يېڭى پىكرى سوراقچىنى تېخىمۇ گاڭگىرىتىپ قويىدى. ئۇ تېڭىرقاپ بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— يىگىت بەك چىڭغا چىقىشىپ كېتىشمەيلى، ئىشنى مادارا-مۇرەسسە بىلەن ئۈزۈۋەتسەك، زىنمۇ، كاۋاپمۇ كۆيمىسە، ئاتىڭىزنىڭ قوي قەرزىنى ئازراق بولسىمۇ ئۈستىڭىزگە ئالسىڭىز دېمەكچىمەن، — دېدى.

ھېلىغىچە سۈكۈت قىلىپ، ئەمما ئىچى تىت-تىت بولۇپ تۇرۇۋاتقان شاھسەنۇبەر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مۇشۇنچىزا كاتتا دارىسسالام بىناسىدا ھەق-ناھەقنىڭ ئاستىن-ئۈس-

بۇلاپ ئەلنى سورىدى،
ئادەم گۆشى قورىدى.
جانلار قاقشاپ خورىدى،
قىلدى چەكسىز جىنايەت.

سوراقچىنىڭ كۆزى يوق،
تىلى تۇتۇق گېلى پوق.
پۇلسىزلارغا تەرى سوق،
بولدى يۇرتتا قىيامەت.

نامەلۇم ئاپتور توقىغان بۇ قوشاق دەردمەنلەرنىڭ كۆڭۈل-كۆكسىنى بوشىتىش ۋە يورۇتۇش رولىنى ئوينىغانىدى. بۇ قوشاق ناخشىغا ئايلاندۇرۇ-لۇپ، تېزلا كوچىلارغا تارالدى.

قۇربان بىلەن شاھسەنۇبەر قوشاقنى ئوقۇپ ھۇزۇر ئالغاندىن كېيىن، توپتىن ئايرىلدى-دە، مەھجۇرى بىلەن لالەنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

— دالىغا ئوت تۇتۇشاي دەپ قاپتۇ، — دېدى قۇربان يولدا كېتىۋېتىپ شاھسەنۇبەرگە، — مىنىڭدە ئەمدى يېڭىدىن ئىشەنچ تۇغۇلدى.

— مېنىڭ كۆزقارىشىممۇ شۇنداق، — دېدى شاھسەنۇبەر جاۋابەن، — لېكىن ئالدىمىزدا تېخى مۇشكۈل داۋان بار...

راست دېگەندەك، زىددىيەت-توقۇنۇشلارنىڭ ئەۋجگە كۆتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە قۇربان بىلەن لالە كېيىنكى ھاياتىدا ئاجايىپ قىسمەتلەرگە دۇچ كەلگەنىدى.



ئابدۇجاپپار قازىنىڭ ساراسىمىگە چۈشۈپ قېلىشى خانىقا ئەتراپىغا
توپلانغان قۇربانىنىڭ ھامىيلىرىنىڭ غەزەپ دولقۇنى تەشۋىشىدىن ئىدى. بۇ
ھال راستىنلا «ئەل قوزغالسا تەخت قوزغىلار» دېگەن ھېكمەتنىڭ بېشارىتى
ئىدى.

قۇربان بىلەن شاھسەنۇبەر غالىبانە قەدەم تاشلاپ ئۆزلىرىنى خانىقا
ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغان دوستلىرىنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە ئۇلارغا سالام بېرىپ،
چىن قەلبىدىن مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلدى. دوستلىرى ئۇلاردىن:

— ئاخىر قانداق بولدى. سوراقچى قېنى؟ — دەپ ئارقا-ئارقىدىن
سوراشتى. توپلانغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالنى كۆزىتىشكە ئەۋەتىلگەن ئۇنلە-
غان چېرىك تايغانلارمۇ ھوقۇشتەك يىراقتىن قاراپ تۇرۇشاتتى.

— مەن سىلەرگە، — دېدى شاھسەنۇبەر سۆز باشلاپ، — ئىككى
ئېغىز سۆزلىمەكچىمەن، بۇگۈنكى دەۋادا بىز يەڭدۇق. سوراقچى يېڭىلدى.
بىز كۈلدۇق، سوراقچى لەت بولدى. بۇ سىلەرنىڭ يار-يۆلەك بولغانلىقىڭ-
لارنىڭ ھىممىتىدىن بولدى.

ئاشۇ مەھەلدە بىر يىگىت كېلىپ قۇربان بىلەن شاھسەنۇبەرگە خانىقا
ئالدىغا يوغان قەغەزگە بىرەيلەن يازغان قوشاقنىڭ چاپلانغانلىقىنى ئېيتتى.
ئىككىيلەن دەرھال خانىقا ئالدىغا بېرىپ قوشاقنى ئوقىدى:

مەنسەپدارلار بەسلىشىپ،
ساپتۇ ساراي-ئىمارەت.
پېشايۋانلىق، ۋاسا جۈپ،
قىلىپ بېقىڭ زىيارەت.

تۈل-يېتىملەر كەپىدە،
ئەمەلدارلار مەپىدە.
مەشرەپ قىلار ھەپتىدە،
ئەيشى-ئىشرەت، خىيانەت.

ئۆزى ئۇقىغان ساقساق مەدرىسگە ئەۋەتكەنىدى. ئەمما، تۇرمۇش تەڭقىسچى-لىقىدىن ئۇ يەردە ئۇزۇن ئوقۇتالماي ئالاقاغا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى.

شۇ كەملەردە ئالاقاغدا قەھەتچىلىك جۇتلۇقى تۇپەيلىدىن زىرائەتلەر نابۇت بولغان "كەسكەك ئاپتى" ئەۋج ئېلىپ، ئەمدىلا سېرىقتال بولغان بۇغدايلار قىرىلىپ كەتكەنىدى. ئاچلىقتىن قىرىلىۋاتقان نارەسىدە ئوغۇل-قىزلار ۋە ئىگە چاقىسىز قېرى-چۆرىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق مەنزىرىسىنى قۇر-بانمۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، بۇ هالاكەتلىك قىسمەتلەرنى ئۆزىمۇ بېشىدىن كەچۈرۈپ، جېنى هايىنىغا قالغانىدى.

ئۇنى ئاز دەپ يېزىلاردا سۇ بېجى، چوقا بېجى، كۆك بېجى، تۇتۇن بېجى، ئوتۇن بېجى ۋە غەللە-پاراق قاتارلىق نەچچە ئون خىل باج-سېلىقلار دەستىدىن بەللىرى مۈكچەيگەن دېهقانلارنىڭ ئىلىكلىرى ئۈزۈلگەنىدى.

شۇ ۋەجىدىن ئادەملەر جانلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، پاناھ ئىزدەپ، ياقا يۇرتلارغا قېچىپ كېتىشەتتى. كېتەلمىگەنلىرى بولسا قاغا جىگدە، ياۋا گىياھلارنى تېرىپ-تۆشەپ يەپ جانغا دال قىلاتتى. بولۇپمۇ "شىرقى ئۇرۇقى" نىمجانلارنىڭ تەلپىگە بەكمۇ ئەسقاتقانىدى.

ئاشۇ پېشكەل كۈنلەردە نىمجان باللار، خوتۇن-قىزلار شىرقى ئۇرۇ-قىنى خۇددى "مېهرىگىياھ" بىلىپ، ئۇنى يىغىش ئۈچۈن ئېتەكلىرىنى ئېچىپ، ھەممە يەرنى ئالا قويماي قارا مالاندەك تەرەپ-تەرەپكە چېپىشاتتى. كۈن-كۈن ھەپىلىشىپ يىغىپ كەلگەن شىرقى ئۇرۇقلىرىنى قايىنىتىپ، ئاچلىقتىن زارلىنىپ تۇرغان باللىرىنى ئارام تاپقۇزاتتى.

شۇ كەملەردە ئانىلارنىڭ "ئەللەي قوشىقى"مۇ «شىرقى قوشىقى» غا ئالماشقانىدى:

هۆسنى جامالى ھەپىرەڭ بالام،
ئاچلىقتىن بولدۇڭ زەپىرەڭ بالام.

## بەشىنچى باب

# قۇربانىنىڭ تەرجىمىھالى

دۇكان كۆرگەن بالىدىن ئادەم چىقىدۇ.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

### 1

قۇربان كۇسەنىنىڭ مۇنبەت تۇپراقلىق يېزىسى — ئالاقاغىدا تۇغۇلغان. ئاتىسى پەلەك ئۇستا كىچىكىدە مەشھۇر "ئاق مەدرىسە"دە ئوقۇپ خەت ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئالاقاغىغا قايتىپ كېلىپ تېرىقچىلىق ھەم قوشۇمچە قول ھۈنەرۋەنلىك كەسپى بىلەن مەشغۇل بولغانىدى. جاھانسازلىق تەقەززاسى ئۇنى ھەممە كويلارغا، تۈرلۈك ئويلارغا سالاتتى.

پەلەك ئۇستا ئائىلىسىدە بەش جان بولۇپ بىرلا ئۇنىڭ قولىغا قارايتتى. قۇربان ئۈچ بالىنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرانچىسى ئىدى. قۇربان بالاغەت-كە يەتكەندىن كېيىن، پەلەك ئۇستا ئۇنى بىلىملىك ئادەم قىلىش نىيىتىدە،

قۇربان كىچىكىدىنلا چېۋەر ۋە زېھنىلىك ئىدى. ئاتىسىنىڭ ئېتىز-ئې-رىق ئىشلىرىغىمۇ، كىگىزچىلىك ھۈنىرىگىمۇ ياردەملىشەتتى، قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولاتتى. ئاتا سۆزىگە بويۇن تولغىمايتتى، گەپ ياندۇرمايتتى. قۇلىقى يۇمشاق، كۆيۈمى بار ئوغۇل بولۇپ يېتىلگەنىدى.

— يارايسەن قوزام، "بولۇشلۇق موزاي پوقىدىن مەلۇم" دېگەن مانا شۇ، قۇلىقىڭ يۇمشاقلىقتا مېنى دورىدىڭ، — دېدى پەلەك ئۇستا ئوغلىنىڭ رايىشلىقىغا سۆيۈنۈپ.

شۇنداق قىلىپ ئاتا-بالا ئىككىيلەن ئىش باشلىۋەتتى.

قورۇ ئىچىدە ئەسلىدە بار بولغان كىرىچ يېپىلىق ئاسما باغ دەستىگاھنى تۈزەشتۈردى. ئۇنىڭغا لوك ياغىچى بىلەن خەملە تاسمىسىنى قايتىدىن چىڭ قىلىپ بېكىتتى. ئاتىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قۇربان قولىغا مۇشتا توقمىقىنى ئېلىپ يۇڭ ئېتىشقا باشلىدى.

پەلەك ئۇستا ئۆزى بىر چەتكە چىغداپ رۇسلاپ، قۇربان ئېتىپ چىقارغان يۇڭلارنى ساۋاپ پاكىزلايتتى. ئاندىن يۇڭنى چىغدان ئۈستىگە تىزىپ، چىغ تۈرمەك قىلاتتى.

ئىشنىڭ يېرىم ھەسسىسى پۈتكەندىن كېيىن، پەلەك ئۇستا ئوغلىغا سۆيۈنۈش كۆڭلى بىلەن:

— بارىكاللا بالام، قولۇڭ دەرد كۆرمىسۇن. ئوبدان غەيرەت قىلدىڭ، — دېدى.

تۈرمەك قىلىنغان يۇڭ ئۈستىگە تەكشى سۇ سېپىپ بولۇپ، پەلەك ئۇستا ئوغلىغا دېدى:

— ئوغلۇم، يۇڭلار ئەكچىپ تاۋلانغىچە بىزمۇ بىرئاز دېممىزنى ئېلىۋالايلى، بۇ دورەمقى ئىش ماغدۇر تەلەپ قىلىدۇ.

ئاتا-بالا ئىككىيلەن داق يەردە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكەچ دەم ئالدى. پەلەك ئۇستا يەنە سۆز ئاچتى:

— ئوغلۇم، ھۈنەر-كاسىپلىقنىڭ خاسىيىتى كۆپ. "ھۈنەر سەنئەت

بىر كۈن بولسمۇ كۈن كۆرۈش ئۈچۈن،
ئاشلىق بولمىسا، ”شىرقى“ يەك بالام.

ئەجەبلىنەرلىكى، مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەردە ”غوجامنىڭ قورسىقى توق، قولى بىلەن ئىشى يوق“ دېگەندەك زالىم دورغىلار ”ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك“ قىلىپ، ئالۋاڭ تەھدىتى بىلەن دېھقانلارنىڭ يۈرىكىنى يەيتتى.

پەلەك ئۇستىنىڭ بېشىغا يەنە مۇڭ چۈشتى. ئۇنىڭ غەللە پاراق تاپشۇرغىدەك مادارى يوق ئىدى. ئۇنىڭ بېشى قېتىپ، ئاخىر ئوغلى قۇربان-غا:

— جىگەرلىك ئوغلۇم، بىزنىڭ تۆكىدىغان پاراق قەرزىمىز — بىر تاغار بۇغداي، چۈشىنىۋاتامسەن ئوغلۇم. بۇنىڭدىن بېشىمىزنى ساقىت قىلـمىساق، دەيۈزلەر بىزگە ئاراملىق بېرىشمەيدۇ. ئەمما، ئەقىللىق ئوغلۇم، ئۆزۈڭمۇ كۆرۈپ تۇرسەن، ئۆيىمىزدىن تىلىمىز بىلەن سۈپۈرسەكمۇ بىر تال دان چىقمايدۇ... — دېدى.

پەلەك ئۇستا قاتار قورۇق چۈشكەن پېشانىسىنى ئۇڭ قولى بىلەن بىر نەچچە رەت سىلىغاچ، يەرگە قاراپ خىيالغا كەتتى. قۇربان ئاتىسىنىڭ كۆزىگە قاراپ لام-جىم دېمەي ئولتۇراتتى. پەلەك ئۇستا ئېغىر بىر تىنىۋالـغاندىن كېيىن، يەنە قۇربانغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مېنىڭ ساڭا دېمەكچى بولغىنىم، بالام...، بىز ئىككىمىز بىر تەگلىمات كىگىز ئېتەيلى، ئاكاڭ چاققان تۇتۇپ بىر جۈپ مەسە-كالاچ تەييارلىسۇن. ئاندىن ئىككىيلەن شەھەرگە كىرەيلى-دە، ئۇ نەرسىلەرنى بازاردا سۇ قىلىپ، قولىمىزغا كىرگەن پۇلغا بۇغداي سېتىۋېلىپ، غەللە پاراق قەرزىمىزدىن ئادا-جۇدا بولۇپ قايتىپ كېلەيلى، ماقۇلمۇ ئوغلۇم...

— بولىدۇ، ئاتا...، دېدى قۇربان چاققانلا جاۋاب بېرىپ، — مەن ساڭا ياردەملىشىمەن.

قۇربان پۇل بىلەن ياغ قاچىسىنى كۆتۈرگەن پېتى ئىلدام قەدەمدە جۇۋازخانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. جۇۋازخانا بۇ يەرگە يېقىن ئىدى.

قۇربان جۇۋازخانىغا كىرگەندە تار ۋە قاپقاراڭغۇ جۇۋازخانىنىڭ ئىچى ئۇنىڭغا خۇددى گۆردەك بولۇپ تۇيۇلدى. ئاردىن خېلى بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن جۇۋازخانىنىڭ ئىچى ئاندىن بىر ئاز سۇزۇلگەندەك بولدى.

جۇۋازچى ئۇستىگە كۆڭلەكسىز، مايلىشىپ كەتكەن كالتە چاپان كىيىۋالغان، بېلىنى شوينا بىلەن باغلىۋالغانىدى. ئارا بوي كەلگەن بۇ ئادەم ئىككى كۆزى تېڭىقلىق جۇۋاز كالىسىنى توختىتىپ قويۇپ، ئۆزى ھەدەپ مىسران بىلەن كۈنجۈرە قومۇرۇۋاتقانىدى.

ئۇ، قۇربانىنىڭ جۇۋازخانىغا كىرگىنىنى تۇيدى-يۇ، نېمىشقىدۇر، بىلمەسكە سېلىپ ئۆز ئىشى بىلەن مەلىكە بولۇۋەردى.

جۇۋازچى كۈنجۈرىنى قومۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئېڭىشىپ ناخشا ئېيتقاچ جۇۋازنىڭ كۇپ-باچكىلىرىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. ئارقىدىنلا يەنە جۇۋازنىڭ ھاڭغۇت، خامالىرىنى، قىلچاق، كەشكۈنلىرىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ، ياغ سىرغىپ چۈشىدىغان تۇماتقىسىنى چىڭىتىپ قويدى.

قۇربان شۇنىڭغىچە لام-جىم دېمەي جۇۋازچىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرىۋەردى. ئۇ، جۇۋازچىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويماي، دەپ قورۇنۇپ سۈكۈت قىلدى.

لېكىن، جۇۋازچى يەنىلا ئۆزىنىڭ بۇ كىچىك خېرىدارىغا تۈزۈك قاراپ قويمىغانىنىڭ ئۇستىگە، جۇۋازخانىنىڭ يان تەرىپىدىكى ئۇياقتىن بىر كىچىك خالتىدىكى ياغلىق دان ئۈگۈتىنى ئالدى-دە، ئۇنى ئۈگۈت ساڭلىقىغا تۆكتى ۋە ئىنچىكە ساپلىق كىرىش قامچىسىنى بېشىدىن ئىككى-ئۈچ گەز ئېگىز ئايلاندۇرۇپ ”چۇ“ دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىغىنىچە بايىقى ”مۆمىن“ كالىسىنى يەنە ماڭغۇزدى.

قولىدا، گۈل ئېچىلار يولىدا» دېگەن سۆز بىكارغا ئېيتىلمىغان. بۇنى سەمىگىدە چىڭ تۇت ...

قىسقىلا دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئاتا-بالا يەنە ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

ئۇلار يەڭلىرىنى جەينەكتىن نېرى تۈرۈپ، يۇڭ تۈرمەكلىرىنى ئالدىغا بىر، كەينىگە بىر، نۆۋەتمۇ نۆۋەت تۇرتۇپ، چىڭداپ باراتتى. ئاندىن پىشۇرۇلغان تۈرمەكنى باغلاپ تاۋلاققا تاشلايتتى.

«يۇڭ تۈرمەك» تاۋلاققا تاشلانغاندىن كېيىن، ئارىدىكى بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ، قۇربان ئاكىسىغا ياردەم بېرىشنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى. ئۇنىڭ كۆز چېنى ھەممىگىلا يېتىشلىك ئىدى.

ئاكىسى بۇرەندە بىلەن رۇسلاپ بەرگەن قونچىغا، ئۇ چېۋەرلىك بىلەن بېخى سالاتتى، ئاكىسى قونچىغا شاڭ قاقسا، ئۇ پوزا-پۆشتەك بىلەن رەختىنىڭ يۈزىنى سىلىقلايتتى. ئاكىسى ئاياغنىڭ سوگىنى ئاپقۇتلىسا، ئۇ سىراج بىلەن ئەستەر چاپلايتتى.

شۇنداق قىلىپ تەگلىمات كىگىزمۇ، مەسە-كالاچمۇ تەق بولغانىدى. پەلەك ئۇستا بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك خۇش بولدى ۋە باللىرىدىن مىننەتدار بولۇپ:

— خۇدا رەھمەت قىلسۇن باللىرىم. مۇشۇ ھۈنىرىمىزنىڭ خاسىيىتىدىن بېشىمىزنى قىسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكتىن خالىي بولۇپ كېتەرمىز، ئىنشائاللا، — دېدى.

پەلەك ئۇستا ئارقىدىن يېنىنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ، ئاران دېگەندەك بىر نەچچە مىس يارماقنى چىقاردى-دە، ئۇنى قۇربانغا سۇنۇپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇم، ماۋۇ پۇلغا سەن بېرىپ جوۋازخانىدىن ئازراق ياغ ئېلىپ كەلگىن، قازناقتا ئازراق قۇرغۇنلۇق باردەك قىلاتتى. ئاپاڭ ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا ئاتاپ ياغ پۇرىتىپ بەرسۇن. ئىككىمىز ئەتە ئەتىگەن شەھەرگە ماڭىمىز ئەمەسمۇ، يۈگۈر بالام، تېز بول! — دېدى.

— بىلدىم بالام، بىلىپ تۇرۇپتىمەن. جوۋازچى راستىنلا "پەلەكتىن سورا" دېگەن بولسا، ئۇ بەك چىڭ يەردىن چوشۇپتۇ، — دېدى.

قانائەت قۇدۇقىدىن سۇ ئىچىپ كۆنگەن بۇ تەقۋادار ئادەم ئىچىدە يەنىلا "ئاللا، بەرگەن كۈنۈڭگە مىڭ مەرتىۋە شۈكۈر" دېدىيۇ، دەرد-ئەلەملىرىنى قانائەت سەھراسىغا قوغلىۋېتىپ، بەخۇدۇك ئەتىكى بازارنىڭ تەييارلىقى بىلەن مەلكە بولدى.

پەلەك ئۇستام ئەتىسى بامدات نامىزىدىن يېنىپ قۇربانىنى ئويقۇسىدىن ئويغاتتى ۋە نەچچە كۈندىن بۇيان تەق قىلىپ قويغان بازارلىق ماللىرىنى ئېشەككە ئارتىشتۇردى-دە، ئاتا-بالا ئىككىيلەن كۈن چىقىشتىن بۇرۇن "بىسمىللا" دەپ بوسۇغىدىن ئاتلاپ، شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## 2

ئىككى تەرەپتىكى سالا-سالا كەتكەن ئېتىزلىقلار ئارىسىدىن ئەگرى-توقاي سىزىقتەك كېسىپ ئۆتىدىغان تار ۋە توپىلىق يوللار، يولۇچىلارنى چاڭ-توزانلىرىغا كۆمۈپ تاشلايتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە قورغاق ھاۋا، پىژغىرىم ئىسسىق نەپەسنى قىساتتى. تونۇردەك قىزىپ كەتكەن يەرنىڭ ئۈستىدە بولسا ئالا سېرىق تۈس ئالغان سەرراپ ئوينايتتى.

كۈن چۈش قىيامىغا يەتكەنسېرى ئىسسىقنىڭ تەپتىدىن تەندىن تەپچىپ چىققان تەر سۈلىرى توختىماي ئاقاتتى.

ئۇلاغلىق، ھارۋىلىق ۋە يالاڭ ئاياغ كېتىۋاتقان يولۇچىلار ئايىغىدىن توزۇپ، يوقىرىغا كۆتۈرۈلگەن توزۇندۇق توپىلار ئۇچۇپ كېلىپ، تەردىن نەملىشىپ كەتكەن كىيىم-كېچەكلەرگە چاپلىشاتتى-دە، كىشىلەرنىڭ رەڭگىنى خۇددى لاي سۇغا چۆكۈپ چىققان ھالەتكە ئايلاندۇرۇۋېتەتتى.

يول ئارىسىغا يېتىپ بارغاندا ئاتا-بالا ئىككىيلەن بىر چوڭ ئۆستەڭ

قۇربان ئەمدى تاقەت قىلالمىدى. ئۇ، جوۋازچىغا:

— ئۇستام، مەن ياغقا كېلىۋېدىم، باياتىن بېرى ساقلاپ تۇرۇۋاتىمەن. مانا پۇل، ماڭا... — دېدى.

جوۋازچى سوغۇق سۆز بىلەن جاۋاب بەردى:

— شا كىچىك، بۇ يەرگە ياغلىق دان ئۇگۇتى كېرەك، بىلدىڭمۇ، ئۇگۇت كېرەك دەۋاتىمەن. بۇ ياغ بازىرى ئەمەس. ياغ بولسا مەنمۇ سېتىۋالاتتىم...

جوۋازچىنىڭ بۇ توڭ سۆزى قۇربانغا خۇددى توساتتىن ئۇچۇپ كەلگەن تاش پارچىسى بېشىغا تېگىپ ئايلاندۇرۇۋەتكەندەك بولدى-دە، ئاللاقازادىلىك ئىچىگە پېتىپلا قالدى. لېكىن، ئۇ، ئەس-ھوشىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، جوۋازچىدىن يەنە سورىدى:

— ئاكا، مەن چۈشەنمەيۋاتىمەن: سىلى ياغ تارتىپ تۇرۇپمۇ، ياغلىرى يوق بولامدۇ؟ مەن خۇش بولۇپ كېتەي، ماڭا ئازراق ياغ بەرسىلە.

قۇرباننىڭ سالجىدەك مەھكەم يېپىشىۋالغىنىغا قاراپ، جوۋازچىنىڭ باشتا غۇزژىدە ئاچچىقى كەلدى، كېيىن يەنە ئۇنىڭ ئەلەتەك ۋە سۆزىنىڭ چۈچۈكلۈكىگە قاراپ مەسلىكى كەلدى-دە، جاۋاب بېرىپ دېدى:

— ئۇكا، سەن ئىشىمغا تولا كاشىلا قىلماي يولۇڭغا ماڭ. ماڭا رودىپايدەك يېپىشىۋالما، بايىقى سوئالىڭنى سەن بېرىپ پەلەكتىن سورا، بۇ يەردىكى ياغلار خانئامبالنىڭ كېلىنىغا ئاقىدۇ. ساڭا ياغ بېرىپ قويسام سۇخەنچىلەر ئاپىرىپ مېنى چاقىدۇ. بۇنى سەن چوڭ بولغاندا بىلىۋالىسەن. ئەمدى ئۇقتۇڭمۇ؟

شۇنداق قىلىپ جوۋازخانىدىن قۇرۇق قول چىقىپ كەتكەن قۇربان [illegible] بېرىپ ئاتىسى پەلەك ئۇستىغا جوۋازخانىدىكى مۇنازىرە ئەھۋالىنى بې[illegible]ىپ بايان قىلدى.

پەلە[illegible] ئۇستا ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋېتىپ، قۇرباننىڭ باش كۆزىنى سىلاپ تۇرۇپ:

پەلەكتىن زوۋۋان چىقمايتتى. ئۇلار ئوقىغان شېئىر-نەزمىلەر پەلەككە تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى-دە، تالىپلار ئاخىر بۇ سورۇندىــ چاقچاقلا ئايلاندۇرۇپ، "چوڭ پەلەككە كۆچمىز يەتمىسە، ماۋۇ يېنىمىزدىكى كىچىك پەلەككىنىغۇ كۆچمىز يېتەر" دېيىشىپ، مېنى دومبالاپ ئويناپتتى...

پەلەك ئۇستا ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلەرنى قىزىقارلىق سۆزلەۋېتىپ ئۆزىمۇ كۈلۈپ كېتەتتى. ئۇ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— بايىقى جوۋازچى ئېيتقان پەلەك — شائىرلار تىلىدىكى پەلەك، مېنىڭ پەلەك دېگەن نامىم بىلەن ئالاقىسىز. ئۇ تەقدىر-قىسمەت، دەۋر رەپتارىغا قارىتىلغان. ئاشۇ پەلەك كۆپ ھاللاردا ھايات زوۋۋال ىسىنى تەك ئۆزمەيدۇ. ھالال-ھارامنى پەرق ئەتمەيدۇ. بۇرۇنقى ئۇستا — ئاتاملارنىڭ زامانىسىدا، ئالاقاغىنىڭ تۇرمۇشى ئەلۋەك-پاراۋان، يۇرت ئاۋات، ئاباداز ئىكەن. ئەمدىلىكتە بولسا "يەرسىز كېلىپ يەرلەندى، توقماق ئېلىپ تەيلەندى" بولۇپ كەتتى. دېھقانىنىڭ نانىسىز، بابكارنىڭ ئىشتانسىز، جوۋازچىنىڭ ياغسىز قېلىشى ۋە بۇ يۇرتنىڭ روناق تاپالماسلىقى ئاشۇ سەۋەبتىن ئوغلۇم، — دېدى.

پەلەك ئۇستا ھېكايىسىنى سۆزلەپ بولۇپ، قۇربانىنىڭ باش-كۆزىنى سىيلاپ تۇرۇپ:

—ئەمدى تۇرايلى ئوغلۇم، بازار كېتىپ قالدى،"بازار چاقانىنىڭ" دېگەن گەپ بار. كەچ قالمايلى، — دېدى.

ئاتا-بالا ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ شەھەرگە قاراپ يول ئالدى. ئۇلارنىڭ ھېلىلا ئوت-چۆپكە ئوبدان تويۇنۇۋالغان چوڭ قارامتۇل ئېشىكىمۇ ئالدىغا چوشۇپ ئىلدام قەدەم ئالاتتى. ئۇلار خېلى ئۇزاپ، ئازادىرەك بىر تۇزلەڭگە چىققاندا، پەلەك ئۇستا چوچۇك سۆزلۈك ئوغلىدىن گەپ كوچىلاش نىيىتىدە، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— قېنى ئوغلۇم، يەنە سورايدىغىنىڭ بارمۇ؟ تارتىنماي سوراۋەر. نېمىلەرنى بىلمەكچىسەن؟

ياقىسىدىكى دەرەخ سايىسىدا توختاپ ھاردۇق ئالدى. ئۇلار ئۆستەڭ سۈيىدە يۈز-كۆزلىرىنى يۇدى. بەللىرىگە تۈگۈپ كەلگەن زاغرىلىرىنى ئۆستەڭ سۈيىگە تۈگۈرۈپ يەپ قورساقلىرىنى توقلىدى. ئاندىن سايىدىكى چىم ئۈستىدە سۇنايلىنىپ يېتىپ ھاردۇق ئالدى.

پۇت-قوللىرى ئىش-ھەرىكەتتىن ئارا بولغان مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىي-مەت بىلگەن قۇربان ئاتىسى پەلەك ئۇستىغا سوئال قويۇپ:

— ئاتا تۈنۈگۈن جۇۋازچىدىن ئاڭلىغان ئاشۇ سۆز ھېلىغىچە كاللام-دىن ئۆتمەي، ئىچىمنى بىر نېمە تاتىلىغاندەك بولۇۋاتىدۇ. نېمىشقا جۇۋازخا-نىدا ياغ بولمايدۇ. نېمىشقا جۇۋازچى "پەلەكتىن سورا" دەپ ساڭا دۈگگەپ قويىدۇ؟ — دېدى.

پەلەك ئۇستا ئوغلىنىڭ بىر ئاڭلىغان سۆزگە مەھكەم يېپىشىۋېلىپ، قويۇپ بەرگۈسى كەلمەيۋاتقانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ئوغلىغا يىراقتىن ھېكايە سۆزلەپ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى چۈشەندۈرمەك بولدى:

— چېچەن ئوغلۇم، سېنىڭ سوئالىڭ توغرا، سەن بۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى چوڭ بولغانچە ئاستا-ئاستا چۈشىنىۋالىسەن. "ئاچچىق-تاتلىقنى تېتىغان بىلىدۇ؛ يىراق-يېقىننى يۈرگەن بىلىدۇ؛ ياخ-شى-يامانىنى كۆرگەن بىلىدۇ". مەن ساڭا بېشىمدىن ئۆتكەن بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرەي: مەن ساقساقتىكى ئاق مەدرىستە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا سېنىڭ ھازىرقى ياش قۇرامىڭچىلىك ئىدىم. مېنىڭ خەلپىتىم موللا مۇسا[1] ئىدى.

باھار-ياز كۈنلىرى ساقساق ئۆستىڭى بويىدا شائىرچاق تالىپلار موللا مۇسانىڭ ئەتراپىغا توپلىشىۋېلىپ، شېئىر-نەزم ئوقۇشاتتى. شۇ سورۇندا مەنمۇ بولاتتىم. ئۇلار ئوقۇغان شېئىر-نەزمىلەردە تولىراق "پەلەكنىڭ تەتۈر-لۈكى"، "پەلەكنىڭ ئادالەتسىزلىكى"نى سۆكەتتى. ئۇلار قانچە ئوقۇسىمۇ

---

① بۇ يەردە ئاتاقلىق تارىخچى موللا مۇسا سايرامى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. — ئاپتوردىن.

پەلەك ئۇستا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ، ئېشەكنىڭ نوختىسىنى تارتتى. ئېشەك يورغىسىنى توختىتىپ، ئاستا مېڭىشقا باشلىدى.

پەلەك ئۇستا چارلاشقان قويۇق بۇرۇتىنى ئوڭ قول بارماقلىرى بىلەن بىر قۇر سىيلاپ قويغاندىن كېيىن، ئوغلىنىڭ بايىقى سوئالىغا جاۋابەن دېدى:

— سۆزۈڭ مەنىلىك، مېغىزلىق ئوغلۇم. جۇۋازغا قاتقان كالىنى مۆڭگەلمەسلىكى ئۈچۈن، جۇۋازنىڭ ھاڭغۇتىغا يېقىن قىلىپ باغلايدۇ، كالا يورۇقنى كۆرۈپ ماڭماي تۇرۇۋالمىسۇن دەپ، ئۇنىڭ كۆزىنى مەھكەم ئېتىپ قويىدۇ. بېشى باغلانغان، كۆزى ئېتىلگەن مۆمىن كالا جۇۋازچىغا بويسۇنۇپ غىڭ قىلماي ئىشلەيدۇ. ئەمدىزە چۈشەنگەنسەن، ئوغلۇم.

— چۈشەندىم، ئاتا، بۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتى شۇنداق ئىكەن-دە!

— دېدى.

ئۇلار ئاشۇنداق قىزىق پاراڭلار بىلەن بولۇپ، شەھەرگە قانداق كېلىپ قېلىشقانلىرىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشقانىدى.

ئاتا-بالا ئىككىيلەننىڭ شەھەرگە كىرگەن ۋاقتى دەل پېشىن بولغان چاغ ئىدى. پەلەك ئۇستا ئالدىراپ پېشىن نامىزى ئۆتىدى. ئاندىن ئاتا-بالا ئىككىيلەن ئاۋۋال پاراق سېغى ئەھۋالىنى كۆزەتمەك بولدى-دە، دەرھال ئاشلىق ئامبىرى تەرەپكە ماڭدى.

ئاشلىق ئامبىرىنىڭ ئالدى كەڭ مەيدان بولۇپ، تۆت پاسىلى ئېگىز قورغان تام بىلەن قورشالغان. ئوغرى-يالغاندىن پەخەس بولۇش ئۈچۈن قورغان تاملىرى ئۈستىگە ئۇزۇن تۆمۈر زىخچا بىلەن قويۇق شوخا تىكەن پاتۇرۇۋېتىلگەن.

بۇ دەل مولۇق بېجى تاپشۇرۇلىدىغان ئايلار بولغىنى ئۈچۈن چوڭ مەيدانغا كىرىش ئېغىزىدىكى قوش قاناتلىق ئېگىز دەرۋازا كەڭ ئېچۈېتىلگەنىدى.

كەڭ مەيدان سەيناسىغا نۇرغۇن كىگىز-پالاسلار سېلىنغان بولۇپ،

قۇربانمۇ نەچچە قېتىم سوئال سوراشقا تەمشىلىپ، ئاتىسىدىن قورۇن-
غانلىقتىن، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تۇراتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا يول ئېچىلدى-دە،
سورىدى:

— ئاتا، بابا سەن بوۋامنىڭ زامانىسىدا ھال-كۈنىمىز تۈزۈك ئىدى،
دېدىڭ، ئەمدى بىزدە نېمىشقا مۇشۇ بىرلا ئېشەك قالدۇ، نېمىشقا شۇنداق؟

— ئۇبدان سورىدىڭ ئوغلۇم، — دېدى پەلەك ئۇستا، — بابا
دېگىنىمدىكىدەك بوۋامنىڭ ۋاقتىدا كەڭرىچىلىك ئىدى. ئادەملەرنىڭ كۆز-
قارنى توق، ئىنساپ-ديانەتلىك كېلەتتى. يۇرت ئوغرى-قاراقچىلاردىن خا-
لىي ئىدى. كۈنلەپ، ھەپتىلەپ ئىشىك، پەنجىرىلەر ئوچۇق تۇراتتى.
پۇقرالارنىڭ ھال ئوقتى ئاينىغاندى. مەن كىچىك چېغىمدا، نەچچە يۈز
قوي-كالىمىز پادا-پادا بولۇپ ئىشىك ئالدىدا يايلاپ يۈرەتتى. ئەمدىلىكتە
بولسا ئىنساپ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. "زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ" بولۇپ،
يۇرت بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىۋاتىدۇ. زۇلۇم قىلغۇچىلار سەمرىدى، پۇقرالار
ئورۇقلاپ ھالىدىن كەتتى. ھارام يول تاپتى، ھالال خارلاندى. پۇقرالارنىڭ
قان-ئىلىكى بەدىلىگە ئەمەلدارلار ساراي-ئىمارەتلەر سېلىۋاتىدۇ. "سۇنىڭ
بېشى لاي، ئايىغىمۇ لاي" بولۇۋاتىدۇ. بىز ھازىر كۆرۈۋاتقان ئويۇن ئەنە
شۇنداق، ئوغلۇم...

پەلەك ئۇستا ئوغلىنىڭ سوئالىغا ئاشۇ جاۋابنى بېرىپ بولغاندىن
كېيىن، چارچىغاندەك ھېس قىلدى-دە، دەرھال بېرىپ، ئىشىكنىڭ نوختى-
سىنى تۇتۇپ ئۇستىگە مىنىۋالدى. قۇربان ئاتىسىغا ياندىشىپ، بىللە مېڭى-
ۋېتىپ، يەنە يېڭى بىر سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇپ دېدى:

— ماڭا قارىغىنە ئاتا، مەن ئەمدى سەندىن...

— ھە، دەۋەر بالام، قۇلىقىم سەندە.

— جۇۋازچى نېمىشقا جۇۋاز كالىسىنىڭ كۆزىنى تېڭىپ قويىدۇ،
ئۇنىمۇ پەلەك شۇنداق بۇيرۇغانمىدى؟

— بەللى، بەللى ... مۇنداقمۇ سوئالىم باردە تېخى...

تۇرغان دېھقانلار قانداقتۇر بىر خىياللار ئىلكىدە تېگىرقاپ يۈرۈشەتتى.

ھۆسنى-جامالىنى يېپىپ، مەستۇرە بولۇشۇۋالغان خوتۇن-قىزلار بىرەر نائەھلىنىڭ قاراقولىنى ئۇزارتىشىدىن ۋەھىم ئەيلىشىۋاتقاندەك خۇددى ئالماندىن ئۇركىگەن دالا توشقىنىدەك غىپچىنىپ، تام ياقىلاپ، دالدا جايلارغا سوقۇنۇۋېلىشاتتى.

ھەممە كوچىلاردا دېگۈدەك خانتۇ-بەگلەر ئاچ بۆرىلەردەك مارىلاپ يۈرۈپ، كوچىلارنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە ئالا قويماي چارلاپ، ھۈنەرۋەن ۋە كاسىپلارنى قاقتى-سوقتى قىلاتتى.

دەل قۇياش قايرىلغان چاغدا، خانتۇلاردىن بىرى پەلەك ئۇستا تەگلەمات كىگىز تۇتۇپ تۇرغان دوقمۇشقا كېلىپ، تەھقىقلەپ سورىدى:

— بۇ نېمىلەرنى باجلاتقان خېتىڭ قېنى؟

— مەن تېخى بۇ نەرسىلىرىمنى سۇ قىلالمايۋاتسام؟— دېدى پەلەك ئۇستا، — خانتۇ بەگكە جاۋاب بېرىپ.

— ھەي ئۇستا، كاللاڭ ئىشلەمدۇ-يوق، ماۋۇ قولۇڭدىكى مەسە-كالاچىنى كىم تىكتى، تەگلىمات كىگىزنى كىم باستى دەۋاتىمەن، كالا كومشا، قېنى دېمەمسەن؟

— خوش بېگىم، ئۆزىمىزنىڭ قولىدىن چىققان ... شۇنداق، ئۆزىمىزنىڭ ھالال قول ھۈنەر مەھسۇلاتى.

— ھە ... بەللى، ئەمدى راست سۆزلىدىڭ ئۇستا. ئۇنداقتا ھۈنەر بېجى، تىجارەت بېجى دېگەنىنىڭ باشقا-باشقا ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭمۇ؟ بۇ نەرسىلىرىڭنى ساتالمايۋاتقىنىڭمۇ راستتەك قىلىدۇ. لېكىن، ھۈنەر بېجىغا نېمە دېمەكچىسەن؟ ...

پەلەك ئۇستا ھودۇقۇپ قالدى. خانتۇ بەگ چاپارمەنلىرىگە كۆز قىسىپ قويدى-دە، پايلاقچىلار ئالمان-تالمان بېرىپ پەلەك ئۇستىنىڭ قولىدىن مەسە-كالاچىنى تارتىۋالدى. ئارقىدىن قۇربانىنىڭ قولىدىكى تەگلىمات كىگىزگە ئېسىلىۋېدى، قۇربان يېقىن كەلتۇرمەي ئۇلار بىلەن تۇتۇشۇپ

ئاشلىق بېجى تاپشۇرغىلى كەلگەن دېھقانلارنىڭ ئاشلىقى ئاشۇ پالاسلارنىڭ ئۈستىگە تۆكتۈرۈلەتتى. تۆكتۈرۈلگەن ئاشلىقلارنىڭ ئىگىلىرى ئاۋۋال ئاشلىقىنى غەلۋىر بىلەن تاسقايتتى. ئاندىن يەنە سورۇپ چاۋادىن ئايرىپ پاكىزلايتتى. ساڭ بەگلىرى ئۇنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، يارامىلىق بولغان ئاشلىق دۆۋىلىرىگە ”قىزىل چەنزە“ قاداپ قوياتتى-دە، ئارقىدىن خوجى بەگ كېلىپ نۆۋەتى بىلەن كەملەپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا نازارەت قىلاتتى. چىڭداپ دۆۋىلەپ ئۇسۇلغان چارەكنىڭ بېتى قىرغا بىلەن قىرىۋەتمەستىنلا تاغارلارغا قاچىلىناتتى.

ئۇنىڭدىن سىرت ئېتەك ھەققى دەپ ئېتەكلىرىنى كەڭ ئېچىپ گۆشەيىپ تۇرىدىغان ئابداللارمۇ سىقىمداپ ئاشلىق ئېلىۋالمىغۇچە دېھقانلارنى ماڭدۇرمايتتى.

شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ باج ئۈچۈن مىڭ بىر جاپادا ئېلىپ كېلىشكەن ئاشلىقلىرى چىقىش قىلماي، كەملەپ قالاتتى-دە، بارماقلىرىنى چىشلەپ، غەمگە چۆكەتتى. ئۇنى ئازدەپ، ئەگەر ئامبار بېگىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويىدىغان دېھقانلارنىڭ ھالىغا ۋاي ئىدى.

مۇشۇ ئۇچۇرلارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن،پەلەك ئۇستا ئوغلى قۇربانىنى باشلىۋېلىپ، ئامبار دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغا قايتىپ چىقتى-دە، چوڭقۇر ئويغا پاتتى. بېشى تاشتەك قاتقان ئاتا، ئوغلىغا غەمكىنلىك بىلەن دېدى:

— ئوغلۇم، قارىماسەن ... ئىشىمىز يەنىلا چاتاقتەك قىلىدۇ. بىر تاغار بۇغداي غەملىگىنىمىز بىلەن غېمىمىز تۈگىمىگىدەك. ئۆزۈڭمۇ كۆردۈڭغۇ؟ ئۇ يەردىكى ئوغرى مۇشۇكلەر نېمە دېگەن كۆپ: قونچۇم ئوغرىسى، قوينۇم ئوغرىسى، چارەك ئوغرىسى، تارازا ئوغرىسى!...

ئەتىسى قايناق بازار بولىدىغان چوڭ بازار كۈنى ئىدى. كۈن نەيزە بويى ئۆرلە-ئۆرلىمەي بازارنىڭ ھەممىلا كوچىلىرى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. سودا-سېتىق ۋاڭ-چۇڭلىرى ئادەمنىڭ قۇلاق پەردىلىرىنى ياراتتى.

كۆزلىرى ئىچىگە كىرىپ كېتىشكەن، رەڭگى-روھىدىن توپا ئۆرلەپ

— بىز بۇگۈن قۇرۇق قول كېلىپ قالدۇق، — دېدى پەلەك ئۇستا ئۆز ھالىنى تۆكۈپ، — بىزنىڭ بېشىمىزغا بۇگۈن بىر كاساپەتچىلىك كەلدى.

پەلەك ئۇستا ئۇلارغا ھېلىلا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

لالەنىڭ كىچىك ئاپىسى بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ بەك ئېچىندى ھەم ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى ئېيتىپ:

— تايغان دەيۇزلەرنىڭ زىقى توشۇپ قالاي دېگەنچە ئاشۇنداق قىنىدىن چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەدىبىنى يەيدىغان كۈنلەرمۇ كېلەر، ئۇلار بىر كۈن ئەمەس بىر كۈنى قارنى يېرىلىپ ئۆلەر، بۇ ئىشنى ئانچىزا ئىچلىرىگە ئېلىپ كەتمىسلە ئۇستام ... — دېدى.

بۇ چاغدا لالە بىر تەرەپتە، قۇربان بىر تەرەپتە گەپ تىڭشاپ ئولتۇراتتى. پەلەك ئۇستا دەرھال ئېسىنى يىغىپ لالەگە قارىدى-دە، ئۇنى يېنىغا چاقىردى ۋە:

— ئوھۇ ... قىزىم لەيلىگۈل مانا چوڭ بولۇپ قاپتۇ، نېمە دېگەن چىرايلىق قىز بولغان، ھە...، بۇگۈن ھوش-كاللام جايىدا ئەمەس، ساڭا قارىماي ئۆز دەردىم بىلەن بولۇپ كەتكىنىمنى قارا، مېنى كەچۈرگىن قىزىم، — دېدى.

پەلەك ئۇستا بىر تەرەپتىن سۆزلەپ، بىر تەرەپتىن لالەنىڭ قويۇق، يۇمران سېكىلىكىنى سىيلاپ قوياتتى. ئۇنىڭ بوي تارتقان سىياقىغا، ئاناردەك قىزىل مەڭزىگە زەن سېلىپ سۆيۈنۈپ كەتكەنىدى.

پەلەك ئۇستا ئارقىدىن لالەنىڭ كىچىك ئاپىسىغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ:

— مەن بۇ قىزىمنى ئۆزلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن چېغىمدا ئېھتىمال تۆت-بەش ياشلاردا ئىدى. بۇنىڭغا مانا ئون نەچچە يىل بولۇپ قاپتۇ. بۇ ئۆيگە ھەر قېتىم كەلسەم ئۇنىڭ بويىنىڭ بىر غېرىچ ئۆسكەنلىكىنى كۆرىمەن. بالا، بېقىش تاپقاندا شۇنداق تېز ئۆسىدۇ. بۇ كۆچەتنى ئەجىر

كاللەكلىشىپ كەتتى. ئاخىر چاپارمەنلەر كۆپلۈك قىلدى-دە، ئۇنىڭ قولىدىن تەگلىماتنى يۇلۇپ تارتىۋالدى. قۇربان تەن بەرمەي تەگلىماتقا يەنە ئېسىلدى، شۇ ئارىدا پەلەك ئۇستا يالۋۇردى:

— بولۇپتۇ، بىرنۆەت بالام. باش-كۆزىمىزنىڭ سادىقىسى بولسۇن. بىزگىمۇ خۇدايىم بىر كۈن ئېيتار، — دەپ قۇرباننىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ ماڭدى.

لېكىن، ئاچچىقىنى باسالماي قالغان قۇربان ئاتىسىغا كايىپ دېدى:

— نېمىشقا ئارىغا كىرىپ سالا قىلىدىغانسەن ئاتا، مۇشۇنداق بوزەك قىلىشقىمۇ ماقۇل دېگىلى بولامدۇ؟

— راست دەيسەن بالام، — دېدى پەلەك ئۇستا ئوغلىنى بەزلىمەك بولۇپ، — تەقدىر پەلەكنىڭ ئويۇنى مانا مۇشۇنداق ئويۇن. ھازىر بۇ ئويۇندا ”قىلدەك ھوقۇقنىڭ پىلدەك كۈچى“ ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە. لېكىن، كۆپچىلىكنىڭ ئاھۇ-زارى تۆتقان كۈنى ھوقۇق بىناسى كۆل بولۇپ توزۇيدۇ. تەقدىر-پەلەك ئۆز سەھنىسىدىن باشقىچە ئويۇن كۆرسىتىدۇ. شۇ ئويۇن كەلگىچە سەن ئۆزۈڭنى قوغداشقا چېۋەرلىك قىل بالام...

كەچ پېشىن بولاي دېگەندى. ئاتا-بالا ھېلىغىچە گېلىغا بىر يۇتۇممۇ سۇ ئىچمىدى. ئۇلار بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قايماق بازىرىغا باردى-دە ئىككى ھېجىر قېتىق سېتىۋېلىپ، بەللىرىگە تۈگۈپ كەلگەن زاغرا نېنىنى قېتىققا ئارىلاشتۇرۇپ يەپ، ئېسىگە كېلىشىۋالدى.

— تۇرە ئوغلۇم ئورنۇڭدىن، — دېدى پەلەك ئۇستا ئوغلىنىڭ قولىنى ئۇشلاپ تۇرۇپ، — پۇت قوللىرىمىزغا بىزە ماغدۇر كىردى. بىز بۈگۈن كېچە ساقساقتىن كېتىپ دەم ئېلىپ، ئاندىن بىر نېمە دېيىشەيلى...

ئۇلار قۇرۇق قول خانىرىققا قاراپ ماڭدى. ئاتا-بالا ئىككىيلەن لالەنىڭ قورۇسىغا كىرگەندە ۋاقىت دەل شام بولغانىدى.

لالە ۋە ئۇنىڭ كىچىك ئاپىسى ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇلار ئۆزۈن مۇڭداشتى.

غەمدە. بۈگۈن مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىممۇ مۇشۇ ئىشتىن ئىدى. بىز بۈگۈندىن باشلاپ بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلايلى. مەن يەنە بىر گەپنى سەمىلىرىڭگە سېلىپ ئۆتەي: قۇربانىنىڭ بىر نەۋرە تۆمۈرچى ئاكىسى ئاغرىقچان بولۇپ قالغانلىقتىن، دۇكان ئىشىنى قۇربان قولىغا ئالسا دەپ ئۆزۈندىن بېرى تەلەپ قىلىپ كەلگەنىدى. شۇڭا ئۇ، بۇ دورەم شەھەردە قېلىپ بىر مەزگىل ھۈنەر ئۆگەنسۇن، ھەم سىلىگە ھەمراھ بولسۇن. مەن قايتىپ بېرىپ ئاپىسى بىلەن بىرلىكتە توي تەرەددۇتىنى قىلايلى ... — دېدى پەلەك ئۇستام.

— ناۋاتتەك گەپ قىلدىلا ئۇستام، ئىلاھىم، ئاشۇ كۈنلەر كەلگىچە باش-كۆزىمىزنى ئامان-ئېسەن قىلىپ، مۇرات-مەقسەتلىرىمىزگە يەتكۈزگەي، — دېدى جاۋابەن لالەنىڭ كىچىك ئاپىسى.

پەلەك ئۇستا ئىشنى ئاشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇپ ئەتىسى تەنھا ئالاقىغا يۈرۈپ كەتتى.

قۇربانىنىڭ ياشلىق ھاياتىنىڭ ئەڭ پەيزى چاغلىرى مۇشۇ يىللار بولدى. ئۇ قېتىرقىنىپ ھۈنەر ئۆگىنىۋالدى، ئەليارخان مەھجۇرى، شاھسەنۇبەر قاتارلىق ئەقىل ئۇستازلىرى بىلەنمۇ مۇشۇ چاغدا دوستلۇق ئورناتتى. بولۇپمۇ لالەگە بولغان سۆيگۈ رىشتىسى مەڭگۈ ئۈزۈلمەس بولۇپ باغلانغانىدى.

ۋاقىت ئۆتۈپ باراتتى. قىش-زېمىستان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئالاقىدىن خەۋەر كەلدى. قۇربانىڭ ئاپىسى ئورۇن تۇتۇپ قاتتىق يېتىپ قالغانىدى. لالە ئەھۋالنى بىلىپ ئاھۇ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى. ئۇ قۇرباننى ئالاقىغا ئۆزىتىپ قويۇپ، خۇدىنى يوقاتقانىدى.

## 3

پەلەك ئۇستا شەھەردە تەگلىمات كىگىزى بىلەن مەسە-كالاچنى تارتقۇزۇپ قويۇپ، دەرد-ئەلەم بىلەن ئالاقىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزۈنغىچە قورساق كۆپۈكىدە بىئارام بولۇپ يۈردى. ئۇ خۇددى تەپ

قىلىپ ئۈستۈرگەنلىرىگە كۆپ رەھمەت، — دېدى.

— رەھمەتنى ئالدى بىلەن ئۆزلىرىگە دېسەك بولار، — دېدى لالەنىڭ كىچىك ئاپىسى كەمتەرلىك بىلەن، — ئاشۇ يىغىلىق ۋاقتىدا ئۇنى سىلى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىلا. بولمىسا قالغان باللارغا ئوخشاش بۇمۇ چىپىلىپ كېتەر ئىدى. شۇڭا بۇنى مۇشۇنچىلىك ئەي قىلىپ قاتارغا قوشۇشنا ئۇستامنىڭ سەۋەبچىلىكى ھەممىدىن ئارتۇق. ئەمدىكى گەپكە كەلسەك، كۆچەت كىچىك چېغىدا، پەرۋىش غېمىدا بولىدىكەنمىز، بوي تارتىپ قالغاندا ئۇنى قوغداش غېمىدە بولىدىكەنمىز. كېيىنكى غەم ئالدىدىكىسىدىن چوڭ بولىدىكەن. بۇ غەمنى ئىككىمىز تەڭ تارتساقمىكىن دەيمەن ... — دېدى.

سۆز مۇشۇ يەرگە كەلگەندە لالە ھۇپپىدە قىزاردى ۋە دەرھال ئىچكەرىكى ئۆيگە كىرىۋالدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قۇربانمۇ كىرىپ كەتتى. ئۇلار سۆز ئورامىنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدە كېتىۋاتقىنىنى سېزىۋالغانىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن بولسا ئۇلار كىچىك بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى ھېس قىلمايتتى.

لالە بىلەن قۇربان ھازىر دالان ئۆيدە تۇرۇپ، بۇ تەرەپتە قىلىنىۋاتقان سۆزلەرنى يوشۇرۇن تىڭشىماقتا ئىدى.

لالەنىڭ كىچىك ئاپىسى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل بۇرۇن بۇ ئىككىسى بىللە ئاق مەدرىستە ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئاكا-ئۇكا بولۇپ ئويناپ، ھېچنېمىنى ئۇقمايتتى. ئەمدى بولسا ھەر ئىككىسى بالاغەتكە يەتتى. ھەممىنى ئۇقىدىغان يېشىغا بېرىپ قالدى. مېنىڭ ھېلى قىلغان گېپىمنىڭ ئۇچى چىقا-چىقمايلا تېگى-تەكتىنى بىلىۋېلىپ، دالان ئۆيگە كىرىپ كېتىشكىنىنى قارىمامدىلا، ئەمدى سىلى لالەنى قوللىرىغا ئۆتكۈزۈۋالىدىغان ۋاق كەلدى. مەن بولسام ...، — دېدى.

— گەپلىرى ئورۇنلۇق، «قۇشقاچ يىغىلىقى»دا مەرھۇم مۇھەممەت ئېلى بۇغرا ماڭا شۇنى ھاۋالە قىلغانىدى. لېكىن، ئاشۇ يىغىلىقتىن كېيىن، قولۇم قىسقا بولغانىنىڭ ئۈستىگە، كۆڭلۈمگە تۇزۇككىنە ئاراملىق بولمىدى. مېنىڭمۇ ئېسى-يادىم مۇشۇ باللارنىڭ غېمىدە. قۇربانىنىڭ ئاپىسمۇ شۇ

پەيدا بولدى. پەلەك ئۇستامنىڭ كۆڭلى بىردىنلا شام يورىغاندەك يورۇپ كەتتى.

— خۇيمۇ ئوبدان چاغدا كەلدىڭ بالام، سالامەت ئىكەنسەن، قانداق تۆمۈرچىلىككە قولۇڭ ئەپلىشىپ قالدىمۇ؟ ئاپاڭ قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ، ساڭا خەت ئەۋەتكەندۇق، ھېلىمۇ خەۋەر تېپىپ كېلىپسەن، — دېدى پەلەك ئۇستا خۇشاللىقىنى باسالماي.

پەلەك ئۇستا ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي قۇرباننىڭ كەلگىنىدىن سۆيۈنۈپ سۆزلەپ كەتتى. قۇربان ئاتىسىغا جاۋابەن:

— قولۇم ھۈنەرگە كۆنۈپ قالدى، ئاتا، ھۈنەرنىڭ كىرىمىمۇ ياخشى بولىدىكەن. ئاشۇ كىرىم بىلەن مەن بۇلتۇرقى مولۇق بېجىنى بوينىمىزدىن ساقىت قىلىۋەتتىم. غېمىڭ تۈگىدى، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتا پەلەك ئۇستام ئۆزىنى باسالماي قالدى ۋە ئوغلىنىڭ پېشانىسىغا سۆيۈپ كەتتى. ئارقىدىن:

— ئەقىللىق ئوغلۇم مەن سەندىن رازى. ئاپاڭمۇ مانا ياخشى بولۇپ قالدى. بۇمۇ بىزنىڭ بەخت-تەلىيىمىز. ئەمدى ئاپاڭ بىلەن مېنىڭ ساڭا قويىدىغان بىر مەسلىھەت پىكرىمىز بار. ھازىر مانا قىش پەسلى. نەۋرە ئاكاڭ ئاغرىپ قالغانلىقتىن تۆمۈرچىلىك دۇكىنىنى تاقاپ تۇرۇۋېلىپ. مۇشۇ پۇر-سەتتىن پايدىلىنىپ بىز ئىككىمىز بايغا بېرىپ ئوقەت قىلغاچ ئازراق ياغنىڭ ئىشىنى قىلىپ كەلسەك، سەن ماڭا ھەمراھ بولساڭ، ئۆزۈڭنىغا قالماي قايتىپ كېلىمىز. بۇرۇن ھەمراھسىز مېڭىپ، بۇرنۇمغا يېگەن. ئۆزۈڭمۇ بىلسەن، ھازىر جاھان ئەنسىز. ئاپاڭنىڭ كېسىلى يانچۇقىدا، ئۇنىڭ كۆزى ئوچۇق چېغىدا تويۇڭنى قىلىۋەتمىسەك بولمايدۇ. توي قىلىدىكەنمىز ياغ-پاغ كېتى-دۇ، بالام. بۇ ئىشنى ئەمدى كېچىكتۈرۈۋەرسەك بولمايدۇ.

پەلەك ئۇستا شۇلارنى دېگەچ مۇلايىم قىياپەتتە قۇرباننىڭ كۆزىگە قارىدى. ئۇنىڭ ئالدىدىراق قۇربان ئۆزىنىڭ ئاپىسى تىلىدىنمۇ شۇ مەزمۇندا گەپ ئاڭلىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دورمم ئۇ لالە بىلەن خوشلاشقىلى

كېسلىكگە دۇچار بولغان ئادەمدەك كۆندىن-كۆنگە جۈدەپ باراتتى.

كېچىلىرى ئۇخلىيالماي ئۆيان-بۇيان تولغىناتتى، تاڭ سەھەرلىكتە كۆزى ئەمدى ئۇيقۇغا باراي دېگەندە كوچا-مەھەللە تەرەپتىن ئاڭلانغان خانتۇ-يايلارنىڭ يىرگىنىچلىك ئاۋازى ئۇنى چۆچۈتۈۋېتەتتى-دە، ئاجىز نېرۋىسى قايتا ئازابلىنىشقا باشلايتتى.

— يا رەببىم! نېمە تۈگىمەس بالا-قازا بۇ، ھە! "زورلۇق بوسۇغىدىن كىرسە، ئادالەت تۈڭلۈكتىن قاچار" دېگەن مۇشۇ ئىكەن-دە.

پەلەك ئۇستا بىر كۈنى تاڭ سەھەرلىكتە ئاشۇ سۆزنى قىلىۋېتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى-دە، دەرھال تاھارەت ئۇشرىقىغا سۇ ئېلىپ، ھويلىغا چىقتى.

تاڭ ئېتىش ئالدىدىكى تۈن پەردىسى جىمي نەرسىلەرنىڭ يۈزىنى قاپلاپ تۇراتتى. ئەرش سەھنىسىدە سانسىز يۇلتۇزلار جىلۋە قىلاتتى. باش توخۇنىڭ چىللىغان ئاۋازى، سەھرا ئىتلىرىنىڭ ھاۋشىشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ سەھەرنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى.

مانا دورغىلارنىڭ يىرگىنىچلىك ئاۋازى پەلەك ئۇستا قورۇسىغا ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— مولۇق تاپشۇرمىغانلار ئاق شەھەر[1]گە پالىنىدۇ. بىلىپ قىلىش خالايىق...

تەرەت ئېلىۋاتقان پەلەك ئۇستا ئاشۇ دەھشەتلىك خىتابلارنى ئاڭلىغان ھامان ئۇشرىقىنىڭ قولىدىن قانداقىسىگە ئاجراپ، يەرگە دومىلاپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ بىلەلمەيلا قالدى.

كاج پەلەك ئۇزۇندىن بېرى پەلەك ئۇستامنى شۇ تەرزدە قىيناپ كەلمەكتە ئىدى.

ئاشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قۇربان شەھەردىن قايتىپ كېلىپ ئۆيدە

---

[1] ئاق شەھەر — كۇچا ۋاڭ تەۋەلىكىدىكى كەڭ مەيداننى ئىگىلىگەن بىنام يەرلەرنىڭ نامى. — ئاپتوردىن.

خۇدۇكسىرەپ يۈرەكزادە بولاتتى.

ئۇلار تاڭ ئاقارغان مەھەلدە، ئۆگەن دەرياسىنىڭ ئۇچۇستەڭ كەنتى تەرىپىدىكى كېمە قاتناش ساھىلىغا يېتىۋالدى.

ياز كۈنلىرى بۇ يەردىن يولۇچىلار غەۋۋاسلارنىڭ ياردىمى بىلەن كېمىگە چۈشۈپ، دەريانىڭ نېرىقى ساھىلى — ئاقيار، ئىچچىرىق مەھەللىسىگە ئۆتۈپ تۇراتتى. ھازىر بولسا قارا قىش، قەھرىتان سوغۇق، دەريادا قېلىن مۇز قاتقان، قاتناشمۇ مۇز ئۈستىدە راۋان ئىدى. بۇنداق چاغدا كېمىچىلەر ئۇلاغلارنىڭ ئۆتۈشىگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، مۇزنىڭ ئۈستىگە پات-پات توپا-كۈل تۆكۈپ تۇراتتى. پەلەك ئۇستا بىلەن قۇربان ئېشىكنى توپا-كۈل تۆككەن مۇز يولغا سېلىپ ماڭغۇزدى ۋە ئوڭايلا نېرىقى قاشقا ئۆتۈۋالدى-دە، كۆڭۈللىرى ئەمىن تاپتى.

دەريانىڭ نېرىقى قېشىغا — ئاقيا، ئىچچىرىق تەرەپكە ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن، كۆڭلى پۈتۈن بولغان قۇربان ئاتىسىدىن:

— ئاتا، سەن، "سەپەر سۆزگە زورلايدۇ، ھۈنەر كۆزگە" دېگەنىدىڭ. بۇ دورەمكى سەپىرىمىزنىڭ يولى خېلى باردەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر سوغۇق ئەۋجىگە چىققان "قاپاق ياردى" مەزگىلى، سۆزلىشىپ ماڭساق، سەن كۆپ قېتىم "قوشقاچ يېغىلىقى[1]" نى ئېغىزىڭغا ئالغان. بۇ زادى قانداق ئىش؟— دەپ سورىدى.

— ئوبدان يەردىن سورىدىڭ ئوغلۇم. بىز سۆزلىشىپ ماڭايلى. دېمىسىمۇ قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتىدۇ. قارىغىنە بالام، ئاۋۇ مەھەللىگە، — ئۇ ئىچچىرىق مەھەللىسى. مەۋلانە ئەرشىدىن پىرىم[2]گە تۇغلۇق تۆمۈرخان[3]

---

[1] قوشقاچ يېغىلىقى— ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قوشقاچ ئالۋىڭى ھەممە يۇرتتا ئەۋج ئالغانىدى. بۇ ھاقارەتلىك ئالۋاڭغا بىرىنچى بولۇپ كۇچا دېھقانلىرى قارشى چىقىپ ئىسيان كۆتۈرگەن، "قوشقاچ يېغىلىقى" دېگەن نام شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.

[2] مەۋلانە ئەرشىدىن — مەۋلانە جالالىددىننىڭ ئوغلى، ئالىم ۋە ھەدىسشۇنلىس. شىمالىي شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى كەڭ تەرغىب قىلغان. مازىرى كۇچا مازار باغدا، ئاتىسىنىڭ مازىرى — ئاقسۇ ئايكۆلدە.

[3] تۇغلۇق تۆمۈرخان — 14-ئەسىردە ياشىغان ھەربىي مۇلكى ھۆكۈمران. ئاۋۋال ئاقسۇدا، كېيىن قورغلستا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. تۆمۈرلىك نەسەبىدىن. مەۋلانا ئەرشىدىنگە قول بېرىپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن.

بارغاندا ئۇنىڭ بوسۇغىسى ئالدىدا يىغلاپ قالغىنىنى كۆڭۈل ئەينىكىدىن ئۆتكۈزدى-دە، ئاتا-ئانىسى ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلەرگە ماقۇل بولۇپ:

— ماقۇل، مەن سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلايمەن، — دېدى.

ئۆي ئىچى بىردىنلا خۇشال كەيپىياتقا چۆمدى. پەلەك ئۇستا ئېتىكلىشىپ دەرھال ئورنىدىن تۇردى-دە، قۇرباننىڭ قولىدىن تارتىپ تۇرغۇزۇپ، كاڭنىڭ ئالدىدا ئىككىيلەن بوي تەڭلەشتۈردى ۋە ئوغلىنىڭ قەددى-قامىتىدىن زوقلىنىپ:

— ئوغلۇڭلارنىڭ قامىتىگە بىر قاراپ قويۇڭلار، ئانىسى، مەنمۇ خېلى بەستلىك ئادەم، قاراڭلار، مېنىڭدىن ئېشىپ چۈشۈپتۇ. بەدەن قۇرۇلۇشىمۇ سوقا-سەندەلدەك پۇختا ئۆسۈپتۇ. قەدىمكىلەرنىڭ ”دۇكان كۆرگەن بالىدىن ئادەم چىقىدۇ“ دېگەن سۆزى راست -دە!— دېدى.

ئۆي ئىچىدە پاراقىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. قۇربانمۇ ئۆزىنى توختىتالماي كۈلۈۋەتتى.

شۇنداق قىلىپ، پەلەك ئۇستا بىلەن قۇربان يەنە سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشتى. ئانىسى ”دېۋزە نان[1]“ تەييارلىدى.

پەلەك ئۇستا بىلەن قۇربان كىگىز قۇيۇشقا كېرەكلىك يىپنىڭ ئەسۋابلىرىنى تاغارغا جايلىدى. ئەل-ئاياغ بېسىققان بىر ئاخشىمى ئاتا-بالا ئىككىيلەن ئۆيدىكىلەر بىلەن ئامانلىشىپ، باي سەپىرىگەخۇپپىيانەيۇرۇپ كېتىشتى.

ئايدىڭ كېچە. ھاۋا قاتتىق سوغۇق، ئۇكەر يۇلتۇزى ئاستا-ئاستا غەربكە سۆرۈلۈپ باراتتى. ئەتراپ جىمجىت. پەقەت ئېشەكنىڭ توڭ يەرگە دەسسىشىدىن پەيدا بولغان ئەكس سادا ۋە ئارىلاپ بۇرنىنى پۇشقۇرۇتۇشتىن كېلىپ چىققان كۆڭۈلسىز ئاۋاز كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى.

پەلەك ئۇستا بىلەن قۇربان ئۆگەن دەرياسىدىن ئۆتۈۋالغۇچە يەنىلا تەشۋىشتە ماڭدى. خانتۇ-يايلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىپ قېلىشىدىن

---

① دېۋزە نان — ئاشۇ زامانلاردا دېھقانلارنىڭ بىر خىل زاغرا نېنى. — ئاپتوردىن.

تەقدىردۇر مۇغەمبەر، ئۇينايدۇ ئويۇن،
خالىغان ۋاقىتىدا چىقىرىپ قويۇن.
بەزىگە قاش ئاتار، بەزىلەرگە تاش،
بەزىگە كۆڭلى موم، بەزىگە چۆيۈن.

بۇ نەزمە خۇددى تاشقا مۆھۈر باسقاندەك زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

تەقدىرنىڭ ئەنە شۇنداق سېھىرلىرى بىلەن يۇرتىمىزدا خېلى زاماندىن بۇيان كىشىلەر ”ئاق ئۇستىخانلار“ ۋە ”قاراچۇقلار“ دېگەن دەرىجىگە ئايرىلىپ كەلدى، تەڭسىزلىكنىڭ دەستىدىن دېھقانلار، قول ھۈنەرۋەنلەر ئېغىر ئازاب چەكتى. ھەممە دەردۇ-بالالار، ئالۋان-ياساق، باج-سېلىقلار ئاشۇ قاراچۇقلار گەدىنىگە ئارتىلدى. خوتۇن-قىزلىرى دەپسەندە قىلىندى. ئۇنى ئاز دەپ ”قۇشقاچ ئالۋىنى“ قويۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ ئار-نومۇسىمۇ ئاياغ-ئاستى قىلىندى. بۇنىڭغا چىدالمىغان ئالاقاغا، پەيلو، ئۇچچۆستەك يېزىلىرىدىكى دېھقانلار ئاقساقىلى مۇھەممەت ئېلى بۇغرا، ئىبراھىمشاھلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ”قۇشقاچ ئالۋىنى“غا قارشى چىقىشتى. ئاشۇ چاغدا بۇ يەردە ئالۋان يىغىپ يۇرگەن سېيىت ھېكىم بەگ تۇن كېچە بىلەن شەھەرگە كىرىپ، ”قاراچۇقلار“ ئىسيان كۆتۈردى، دەپ ئامبالغا چېقىپتۇ. ئامبال شۇئان چېرىك-تايغانلىرىنى ئەۋەتىپ يېزىلارنى قورشىۋاپتۇ ۋە ئۆيمۇئۆي ئاختۇرۇپ، ئۇر-چاپ قىلىپ، ئاشۇ يېزىلارنى قانغا بوياپتۇ. دېھقانلار ئارا-گۇرجەك، تاياق-توقماق، پالتا-كەكە بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ.

پەلەك ئۇستا ھېكايىسىنى مۇشۇ يەرگىچە سۆزلەپ كېلىپ، ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغانىدى. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مانا شۇ چاغدا، ئىچبىرىق تەرەپكە چېكىنگەن مۇھەممەت ئېلى بۇغرا ئەر-خوتۇن ئىككىسى مېنى قىچقىرىپ ئەمدىلەتىن تۆت-بەش ياشلارغا كىرگەن قىزى لالەنى ساقساقتىكى كىچىك ئاپىسىغا ئاپىرىپ بېرىش ياكى مېنىڭ بالا قىلىپ بېقىۋېلىشىمنى جېكىلەپ، ماڭا ئامانەت قىلىپ تۇتقۇزدى.

ۋەخپى قىلىپ بەرگەن جاي. ئۇنى ھازىر ئەرشىدىن مەۋلانىنىڭ ئەۋلادى ئىسھاق غوجا[1] تەسەررۇپ قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى پەلەك ئۇستا.

ئۇلار ماڭا-ماڭا ئاقيار، جاي بۇزرۇكۋار توغراقلىقى ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ئۇگەن دەرياسىنىڭ باش تەرىپىدىكى بوستانلىق ئىچى بىلەن چۆلتاغنىڭ يامزىلىغا ئۇلىشىۋالدى.

تاغ باغرىدىن غەربكە قاراپ سوزۇلغان ئەگرى-بۈگرى ساي يولىنىڭ جەنۇب تەرىپى ئۇچۇقچىلىق بولۇپ، بۇ يەردىكى قۇرۇق سوغۇق، چاياندەك تېگىپ، جانلارنى قاقشىتاتتى. سوغۇقنىڭ كۈچى بولۇشىغا تەسىر كۆرسەت-كەن ئېشەكنىڭ تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ، پاچاقلىرى دىر-دىر تىترەيتتى، يەرگە تۇۋاقلىرىنى ئاياپ دەسسەيتتى. بۇرۇن تۆشۈكلىرى ئەتراپىغا مۇز توڭلاپ كەتكەنلىكتىن پات-پات پۇشقۇرتۇپ قوياتتى.

پەلەك ئۇستا بىلەن قۇربانمۇ قاتتىق سوغۇقنىڭ دەردىنى مۇشۇ يەردە بولۇشىغىچە تارتتى.

ئۇلار باشلىرىغا مالىخاي تۇماق، ئۇچىلىرىغا ئاشلانغان تېرىدىن قىسقا ئاق جۇۋا كىيگەن، بەللىرىنى ئىنچىكە شوينا يىپ بىلەن باغلىۋېلىشقانىدى. قارا ماتا ئىشتانلىرى بىلەن مايماق پاشىلىق كونا ئۆتۈكلىرى بۇ يەرنىڭ قارا سوغۇقىغا دال بولالمىغانىدى.

— ئاتا، قېنى سۆزلىمەمسەن! بۇ يەرنىڭ سوغۇقىنى ھېكايە بىلەن يەڭمىسەك، بىزنى ئاني تاپقۇدەك...

— بولىدۇ، بالام، مەن بۈگۈن بىلگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دەپ بېرەي.

مەن كىچىكىمدە ساقساق مەدرىسىدە ئوقۇغان چېغىمدا ئالىملارنىڭ ئېغىزىدىن مۇنداق بىر نەزمىنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغانىدىم:

---

[1] ئىسھاق غوجا — ئىككىنچى قېتىملىق "قۇشقاچ بېغىلىقى" (كۈچا دېھقانلىرى قوزغىلىڭى)نىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدىكى ئىقتىدارلىق لەشكەر بېشى، خەلقپەرۋەر زات. مازىرى، توقسۇ جاي قەبرىستانلىقىدا.

بىلەن باغلاپ، كۇچاغا ئەپچىقىپ كۆپلىرىنى ئاتقا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشتى. سەركەردە مۇھەممەت ئېلى بۇغرا بىلەن ئىبراھىمشاھنى بولسا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى يەتتە كۈن سازايى قىلغانىدى...

تارىخنىڭ ئاشۇ قانلىق سەھىپىسى ئەسلەنگەن ھېكايە مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئاتا-بالا ئىككىيلەن يەنە بىر مەھەل جىمىپ كېتىشتى.

تارىمدىن ئوتۇن-توغراق ئېلىپ ئۆگەن كەنتكە قايتىۋاتقان يارىيار ھارۋىلىق ئوتۇنچىلار ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. بۇ ئوتۇنلارنىڭ كۆپى سېلىق ئۈچۈن، بەزىلىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىدى. قارا سوغۇقنىڭ ئەلىمىنى، يول جاپاسىنىڭ دەردىنى ئېسىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئوتۇنچىلار ئۆزلىرىنى ھەدەپ ناخشىغا زورلايتتى.

ئوتۇن كەسلەپ تارىمدا،
ئاران كەلدىم چۆل تاڭقا.
يارىم كۈتۈپ تۇرغاندۇ،
يولغا قاراپ بۇچاققا.

قوللار قانسا مەيلى،
پۇتلار ئۈششىسە مەيلى.
ئاش پىشامدۇ قازاندا،
ئوت قالماي ئوچاققا.

ئوتۇنچىلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، قۇربان ئاتىسىدىن سورىدى:

— ” قۇشقاچ يېغىلىقى“دا بولغان ئىشلارنى ياخشى سۆزلەپ بەردىڭ ئاتا، ھېلى سەن مەۋلانە ئەرشىدىن پىرىمنىڭ ئەۋلادى ئىچكىرىلىق ئىسھاق غوجا توغرۇلۇق دارىتىپ ئۆتۈپ كەتتىڭ. ئۇ كىشىنىڭ بۇ ھېكايە بىلەن نېمە چېتىشلىقى بار، مەن بۇنى ئاڭقىرالمىدىم؟

مەن بۇ ئامانەتنى شۇ چاغدىلا ھەق دادىغا يەتكۈزدۇم، كېيىن ئاڭلىسام قىرغىنچىلىق ئەۋج ئالغاندا مۇھەممەت ئېلى بۇغرا باشچىلىقىدىكى يۈزلىگەن ئاتلىق دېھقان ئۆگەن دەرياسى ئۈستىگە ئات سېلىپ ئىچىپىرىق تەرەپكە ئۆتۈۋالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ خوتۇن، بالا-چاقىلىرى كېمىگە چۈشۈپ، بىز بايا ئۆتكەن يەردىن ئۆتكىچە ئارىلىقتا تايغانلار ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئوق ياغدۇرۇپ، ھەممىسى دېڭىزدەك دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا قازا تېپىپتۇ. ئۆگەن دەرياسىنىڭ سۈيى ئۇلارنىڭ قىزىل قانلىرى بىلەن بويۇلۇپ كېتىپتۇ. بىرى ياقتىكى قاشقا، ئاتلىق بالدۇر چىقىپ كۈتۈپ تۇرغان مۇھەممەت ئېلى بۇغرا باشلىق ئىسيانكارلار ئۆزلىرىنىڭ خوتۇن، بالا-چاقىلىرىنىڭ پاجىئەسىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپتۇ-دە، ئاخىر كۆن پېتىش تەرەپكە چېكىنىپتۇ. ئۇلار كۈسەننىڭ قەدىمكى شەھىرى ئۈچقاتقا يېتىپ كەلگەندە، كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن ئاتلىق تايغانلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى كەينىگە چېكىندۈرۈپتۇ.

پەلەك ئۇستا سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ قۇربانغا:

— ئوغلۇم ئەنە قارا، ھازىر بىز دەل توقسۇ تەۋەلىكىدىكى قەدىمكى شەھەر — ئۈچقاتنىڭ① روبىرۇسىدا كېتىۋاتىمىز. شۇ قەدىمكى شەھەر يېنىدا مۇھەممەت ئېلى بۇغرا باشچىلىقىدىكى ئاتلىق دېھقانلار تازا ئوغۇل باللىقىنى كۆرسەتكەنىدى، — دېدى.

قۇربان ھېكايىغا بارغانچە قىزىقىپ، ئاتىسىنى يەنە سۆزگە ئۈندەيتتى. پەلەك ئۇستا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇلار ئۈچقاتتىن غەربكە قاراپ چېكىنگەندە ئاقسۇ قارىتال ئەتراپىدا مۇھاسىرە قىلىنىپ ئەسىرگە چۈشۈپتۇ. زالىم تايغانلار ئەسىرلەرنى زەنجىر

---

① ئۈچقات — ئۈچ قېتىم سېپىل بىلەن ئورالغان قەدىمكى شەھەر. كۈسەن مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمكى مەركەزلىرىدىن بىرى. ھازىر 1- دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان جاي قىلىپ بېكىتىلدى. توقسۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.

چېتىپ قويۇش ھەققىدە پۈتۈشكەن لەۋزىمىز بار ئىدى. ھازىر سەنمۇ، لالەمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭلار. بۇ لەۋزىنى سادىقلىق بىلەن بەجا كەلتۈرۈش بوينۇمدىكى قەرز. ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇ قىزغا پەقەت بىز باشپاناھ بولۇشىمىز كېرەك. بۇ ئىشنى ئاپاڭمۇ مەندەك ئويلاپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ توغرىدا ئىلگىرى ساڭمۇ ئازراق پۇرىتىپ ئۆتكەن. بۈگۈن يەنە بىر قېتىم سەمىڭگە سېلىپ قوياي ئوغلۇم.

قۇربان ئاتىسىنىڭ بۇ قىستۇرما سۆزىنى ئاڭلىغان ھامان ۋىللىدە قىزاردى. يۈرىكىدىن يېنىپ چىققان ئوت يۈزىگە ئۇرۇپ، يىڭنىلا خەت تارتقان بۇرۇتلىرىغا چاپلاشقان نېپىز قىرو-مۇزلارنى پارغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ تېخى يېقىندىلا ساقساقتا لالە بىلەن خوشلىشىپ ماڭغاندا بوسۇغىسى ئالدىدا يىغلاپ قالغان مەھبۇبىنى ئەسلىدى-دە، پۈتۈن ۋۇجۇدى گۈلخان بولۇپ ئۆرتەندى. سۆيگۈ ئوتى لالە بىلەن قۇرباننى ئاللىبۇرۇن مۇھەببەت سەۋداسىغا مۇپتىلا قىلغانىدى. پەلەك ئۇستا سۆزلىگەن ھازىرقى ھېكايە ئاشۇ مۇھەببەتكە تېخىمۇ مۇستەھكەم ئۇل سېلىش رولىنى ئوينىدى.

ئاشۇ ۋەجىدىن پەلەك ئۇستا ئوغلىنىڭ كۆڭۈل سۆزىنى ئاڭلاشقا تەقەززا ئىدى. قۇربان سىرىنى ئىزھار قىلدى:

— بولىدۇ، ئاتا.... مەن سىلەرنىڭ رايىڭلارغا باقىمەن.

— يارايسەن ئوغلۇم، سەندىن مەن رازى، ئاپاڭمۇ رازى. بۇ ئىشنى بايدىن قايتىپ بارغاندا، ئىنشائاللا...

ئاتا-بالا ئىككىيلەن خېلى ئۇزۇنغىچە بىر-بىرىدىن سۆيۈنۈپ مېڭىشتى. قۇرباننىڭ ئىچىنى ئاتىسى سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىنىڭ ھارارەتلىك جەزبىسى بويسۇندۇرغانىدى. ئۇلار چۆلتاغنىڭ ئىچىگە كىرىپ جىلغا يولى بىلەن ”ئۇلاق ئۆتمەس داۋىنى“ يېنىغا قانداق كېلىپ قالغىنىنى سەزمەي قېلىشتى.

”ئۇلاغ ئۆتمەس داۋىنى“ يىراقتىن قارىسا خۇددى پەلەمپەيلىك ئوقۇرغا ئوخشايتتى. ئۇ قورام تاشلاردىن كامالەكسىمان ھاسىل بولغان،

— سەنزە ... ، ھەممىنى ئۇققۇڭ كېلىدۇ-دە، بالام. بولىدۇ، بۇنىمۇ دەپ بېرەي. ئەسلىدە مۇھەممەت ئېلى بۇغرا بىلەن ئىسھاق غوجا بىر پىكىرلىك كىشىلەر ئىدى. بايىقى بالا-چاقىلار دەريادىن ساق-سالامەت ئۆتتۈۋالغان بولسا ئۇلارنى ئىسھاق غوجا باشپاناھلىققا ئالماقچى ئىكەن. لېكىن، تەقدىر بۇيرۇماپتۇ. ئىسھاق غوجا، بۇ زات ھازىرمۇ پۇرسەت كۈتۈپ، ئىنتىقام ئېلىش كويىدا بولۇۋېتىپتۇدەك. بۇ زاتنىڭ كارامىتىنى كېيىن كۆرىسەن دەپ جاۋاب بەردى پەلەك ئۇستا.

— رەھمەت ئاتا، بۇگۈن سەندىن بەكمۇ رازى بولدۇم، — دېدى قۇربان رازىمەنلىك بىلەن، — ئىلگىرى ئاڭلاپ باقمىغان نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىۋالدىم. بۇلارنى مەڭگۈ ئېسىمدە ساقلايمەن. بۇ ئىشلاردىن سېنىڭ بۇنچىلىك خەۋەردار ئىكەنلىكىڭنى بۇرۇن بىلمىگەن ئىكەنمەن.

— راست دېدىڭ بالام. سەن ئەمدى چوڭ بولدۇڭ. بۇرۇن بولسا گۆدەك ئىدىڭ. ھازىر قورامغا يەتتىڭ. ئەمدى قانچە سۆزلىسەم قۇلىقىڭدىن ئەقلىڭگە ئۆتىدۇ. تارىخ، چوڭلارنىڭ كىچىكلەرگە ئېيتىپ بېرىشى ئارقىلىق ئۇلىنىپ ماڭىدۇ. مەن ئاشۇ غەرەزدە ساڭا بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ كېلىۋاتى-مەن، — دېدى پەلەك ئۇستا مەمنۇنىيەت بىلەن.

— توغرا، توغرا دېدىڭ ئاتا، مەنزىلىمىزگە يەتكۈچە يەنە گەپلىرىڭ بولسا سۆزلەپ بەرسەڭ، مەن ئاڭلىۋالاي، — دېدى قۇربان ئىنتىلىش تۇيغۇسىدا.

پەلەك ئۇستا ئوغلىنىڭ بۇ قىزغىن ئىنتىلىشىدىن كۆڭلىگە باشقىچە ئوي پەيدا بولدى-دە، ئۇزۇندىن بۇيان تېشەلمەي كېلىۋاتقان بىر مۇھىم سىرنى يوشۇرماي ئوتتۇرىغا قويدى:

— ماقۇل ئوغلۇم، مەن دىلىمغا پۈكۈپ كېلىۋاتقان يەنە بىر سىرنى سەمىڭگە سېلىپ ئۆتەي. "قۇشقاچ يىغىلىقى" پارتلاش ئالدىدا مۇھەممەت ئېلى بۇغرا كىچىك قىزى لالەنى ماڭا ئامانەت تاپشۇرغانلىقىنى بايا مەن پۇرتىپ ئۆتۈپ كەتتىم. ئۇ زات بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا ئاشۇ قىزنى ساڭا

مىس داڭقاننى ئېلىپ، ئىچىگە قار-مۇز سالدى-دە، بىردەمدە قايناق سۇ قايناتتى. داق يەرگە تاغارنى يايدى. مىس تاۋاقلىرىنى ئېرىغداپ قايناق سۇ ئۇستى. سەپەر توقاچلىرىنى تىزدى. ئاندىن بېرىپ ئاتىسىنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ، بىللە غىزالىنىشقا باشلىدى. پەلەك ئۇستا بىر پارچە ناننى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ:

— ھەي دەرىخا، بۇ كاج پەلەكنى قارىمامسەن، ئوغلۇم؛ "بالا بولدى" جىلغىسىنىڭ جاپاسىدىن قېچىپ "ئۇلاغ ئۆتمەس داۋىنى"نىڭ مۇشەققىتىگە تۇتۇلغىنىمىزنى ... — دېدى.

قۇربان، كۈلۈپ ئۈچىيى ئۈزۈلەي دېدى. ئالدىدىكى قايناق سۇنى بىر ئوتلىۋېتىپ، ئارقىدىن ئاتىسىنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەردى:

— ئاتا سېنىڭ سۆزۈڭگە ئازراق قوشۇق سالىدىغاندەك قىلىمەن، ئېغىزىمنى غېرىچلىدى دېمىسەڭ. مەنمۇ ئاق-قارىنى خېلى پەرق ئېتىدىغان بولۇپ قالدىم. قارىغۇدەك بولسام ھاياتلىقتا تاش بىلەن تۇپراق، تەقدىر بىلەن پەلەك، ئادەم بىلەن ئادەم بىر-بىرى بىلەن گىرە ئىكەن. تاش-تۇپراق ئەجىر قىلغاننى بىلىدىكەن، تەقدىر-پەلەكمۇ ئەسلى ھالىتىدە ئادىل ئىكەن؛ ئاسمان ئەمدۈرىدىكەن، تۇپراق يېگۈزىدىكەن. لېكىن، چاتاقنىڭ يىلتىزى، گۇناھى كەبىرنىڭ بارى ئادەمنىڭ ئۆزىدىن ئىكەن. ئادەم ئادەمنى يەيدىكەن. ئۆتكەن يىلى شەھەردە تەئلىمات كىگىزىمىزنى، مەسە-كالىچىمىزنى بۇلىغان، "بالا بولدى تاغلىرى"دا سېنىڭ بېشىڭغا بالا كەلتۈرگەن ئەنە شۇ ئادەم ئەمەسمۇ؟ ئۇنداقتا چوڭ پەلەك بىلەن كىچىك پەلەكنىڭ نېمە گۇناھى بار؟

پەلەك ئۇستا ئوغلىنىڭ مەنىلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، سۆيۈنۈپ تۇرۇپ:

— كېپىڭ ئورۇنلۇق ئوغلۇم، لېكىن، ئادەمنىڭ يەنە بىر نامى — ئىنسان، ئۇنىڭ مەنىسى "ئۇنۇتقاق" دېگەن بولىدۇ. ئىنسان گۇناھ سادىر قىلغان بولسا ئۇنىڭ ئۇنۇتقاقلىقىدىن بولىدۇ، — دېدى.

ئۇنىڭدىن ئۇلاغ تۇگۇل ياياق ئادەملەرمۇ قىينىلىپ ئۆتەتتى. پەلەك ئۇستا بىلەن قۇربان چىشلىرىنى چىشلەپ تۇرۇپ، ئېشەكنى داۋاندىن ئۆتكۈزۈشكە نىيەت قىلىشتى.

قۇربان ئېشەكنىڭ بويىنىنى ئارغامچىدا مەھكەم باغلاپ، داۋاننىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ كۈچەپ تارتتى. ئېشەك بولسا قاشاڭلىق قىلىپ، كەينىگە تېپىشاتتى. پەلەك ئۇستا بولسا ئېشەكنىڭ سوگىدىن يۆلەيتتى، ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئۇزۇن ھەپىلەشتى. ئېشەك ئوتتۇرا بەلگە يېتىپ بارغاندا ئارغامچا پاسسىدە ئۈزۈلدى-دە، قېرىشقانغا قىيىشقاندەك، ئېشەك گۈپلا قىلىپ يەرگە دوملاپ چۈشتى ۋە ئىزىدا قىمىر قىلماي جان ئۈزدى.

— ھەي قارغىش قېپى، ھەي شور پېشانە، — دېدى پەلەك ئۇستا ھەسرەتلىنىپ.

ئۇ ئېشەكنىڭ يېنىدا ئېگىكىنى تۇتقان پېتى ئۇزۇنغىچە ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇزۇندىن بېرى ئاياپ كېلىۋاتقان بۇ مەخلۇقتىن ئايرىلىپ قالغىنىغا چىدىمىغانىدى.

پەلەك ئۇستا بۇرۇنمۇ باي تەرەپكە كۆپ قېتىم سەپەر قىلغان. ئەمما بۇ تەرەپ بىلەن ماڭمىغانىدى. كۈچانىڭ "بالا بولدى" تاغ جىلغىسى ئارقىلىق سەپەر قىلغان. "بالا بولدى" تاغلىقىدا كۆپ قېتىم بالاغا ئۇچرىغانلىقى ئۇنىڭ ئېسىدە قالغانىدى. ئاشۇ خاتىرىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ دورەم مۇشۇ يېڭى يولنى تاللىغانىدى.

قۇربان ئاتىسىغا تەسەللى بېرىپ:

— ئاتا، بۇنىڭغا نېمانچىزا ھازا تۇتۇپ كەتكۈلۈك. بۇ بەرىبىر ھايۋانغۇ؟ ئادەملەرنىڭ جېنىغا كېلىۋاتقىنى ئازمۇ؟ — دېدى.

پەلەك ئۇستا بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، قۇربانغا بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ، ئېغىزىنى ئۆمەللىدى-يۇ يەنە جىم تۇرۇۋالدى.

قۇربان دەرھال قۇرۇپ قالغان ئاق يانتاقلارنى يىغىپ بىر يەرگە توپلىدى، يېقىن بىر جايغا تاشتىن ئوچاق ياسىدى. تاغرى ئىچىدىن كىچىك

لېكىن قۇربان كەينىگە تارتىشاتتى. ئۇ، بۇ يەرنىڭ يىگىتلىرىگە ئېچىكىپ قالغانىدى. قولى بوشىغان چاغلىرىدا بۇ يەردىكى ياش يىگىتلەر بىلەن چېلىشتا، مەشرەپلەردە بىرگە بولۇپ يۈز-ئابروي تاپقانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇربانغا ئېجىل بولۇپ قالغان مۇزەپپەر ئىسمىلىك يىگىت بېشى ئۇنى قويۇپ بەرگۈسى كەلمىدى. مۇزەپپەر ئۇنى قېيىرگە بېرىپ ئۇۋ ئۇۋلاشقا قىزىقتۇرغانىدى. قۇربان ئەتەي بىر باھانە تېپىپ، ئاتىسىنى كۆڭ-دۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ:

— ئاتا، سەندىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمايدۇ، مەن بىر نەچچە تۇياق چارۋا قىلىپ كەينىڭدىن يېتىپ بارسام، دەردىمىزگە ياراپ قالار، ھېچ بولمىسا تويۇمغا ئەسقېتىپ قالار، — دېدى.

"تويۇمغا" دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ پەلەك ئۈستىنىڭ دىلى بىردىنلا ئېرىپ كەتتى-دە، ماقۇللۇقنى ئىزھار قىلىپ:

— ماقۇل بالام، ئورۇنلۇق گەپ قىلىۋاتىسەن، لېكىن، ئوبدان بالام، ئاپاڭ يىغلاپ قالمىسۇن، بىزنى يولۇڭغا قاراتمىغىن! — دېدى.

4

يىگىت بېشى مۇزەپپەرنىڭ يۇرتى تېزەكقاغا، يەنە بىر يۇرتى قېيىر ئىدى. يېڭى تونۇشقان بۇ ئىككى ئاغىنە پەلەك ئۈستىنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، قېيىرغا قاراپ قەدەم قويدى.

— ئۇ يەردە كۆكۈللۈك ئۆتمىز ئاداش، — دېدى مۇزەپپەر يولدا ئاتلىق كېتىۋېتىپ، دوستى قۇربانغا قېيىرنى ماختاپ، — بۇ دورەم بېرىپ ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەندە راست ئىكەن دەيسەن...

قېيىرنىڭ تولپارلىرى ئۇلارنى ناھايىتى تېزلا قېيىرگە يەتكۈزدى. مۇزەپپەر دوستىنى ئالدى بىلەن قازانچى مەھەللىسىدىكى تۆمۈرچى تۆغقىنى-نىڭكىگە باشلىدى. بۇ ئۆيدە ئۇلار ئوبدان كۈتۈلدى. بۇ ئەسنادا مۇزەپپەر

— ياقەي، ئاتا. مېنىڭچە، ئىنسان ياخشىلىقنى ئاسان ئۇنتۇيدۇ. يامانلىقنى خۇمار قىلىپ تۇرۇپ ئىشلەيدۇ. سەن بۈگۈن ئۇزۇن يولدا ئاجايىپ ياخشى ھېكايە سۆزلىدىڭ. ئىنسان نېمە ئۈچۈن "ئاق ئۇستىخان"، "قاراچۇق" دەپ ئايرىلىپ تەڭسىزلىكتە ياشايدۇ. نېمىشقا قاراچۇقلارنىڭ خوتۇن-قىزلىرى تايغانلارغا سولاپ بېرىلىدۇ. يەنە نېمىشقا تايغان-تايپىلەرنىڭ ئەرلىك دورىسى ئۈچۈن "قۇشقاچ ئالۋىنى" قويۇلىدۇ. بۇنى غەرەزلىك دەپسەندە قىلىش دېمەي يەنە نېمە دەيمىز؟— دېدى قۇربان ئاتىسىنىڭ سۆزىگە جاۋابەن.

—باركاللا بالام، دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى ھەق."قۇشقاچپېغىلىقى" ئاشۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان. ئىككىمىزنىڭ پىكرى بىر يەرگە جەم بولدى. ئەمدى ماڭايلى ئوغلۇم. كەچ كىرگىچە داۋاندىن ئۆتۈۋالايلى، تۇرە ئورنۇڭدىن ... — دېدى پەلەك ئۇستام قۇرباننى ئالدىرىتىپ.

ئاتا-بالا ئىككىيلەن يۈك-تاقلىرىنى ئىككى قىلىپ تاڭدى.

ئۇلار داۋاندىن ئاشقاندا كەچ كىرگەنىدى. غەيرەتكە كەلگەن ئاتا-بالا ئېغىر-يېنىك يۈكلىرىنى يۈدۈپ، پىيادە نۇرغۇن ساي، توقايلىقلارنى كەينىدە قالدۇردى ۋە ئاران تەسلىكتە ئونبېشى كەنتىنىڭ بىر كىچىك مەھەللىسىگە ئۇلىشىۋالدى.

شۇ كەملەردە بايىنىڭ يېزىلىرىدا ھۈنەرۋەن-كاسىپ قىس ئىدى. شۇڭا ئاتا-بالا ئىككىيلەننىڭ ھۈنىرى تېزدىنلا روناق تاپتى.

ئۇلار يېزىمۇيېزا يۆتكىلىپ ھۈنەر قىلىپ، بىر ئىككى ئاي ئىچىدىلا خېلى كۆپ پۇل، ماي غەملىۋالدى. تىزەكقاغا يېزىسىدىن يەنە ھېلىقى داۋاندا قازا قىلغان ئېشەكنىڭ ئورنىغا ئىككى تېمەن ئېشەك ئىزلىۋالدى. ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن پەلەك ئۇستا ئوغلىغا مەسلىھەت سېلىپ:

— ئوغلۇم، ئەمدى قايتساقمىكىن دەيمەن. ئاپاڭ ئاغرىق قالغان، ئۇنىڭدىن سىرت، ئۆينىڭ نۇرغۇن ئىشلىرى بىزگە قاراشلىق تۇرىدۇ، — دېدى.

بەك بەستلىك ئىدى. ئۇ ھەرقانداق كۈچلۈك ئۆكۈزنى كۆتۈرگەن پېتى يەرگە ئۇراتتى. چېلىش مەيدانلىرىدا بولسا ھېچكىممۇ ئۇنىڭ بېلىنى تۇتۇشقا پېتىنالمايتتى. ئاكامنىڭ ئەنە شۇنداق كۈچتىڭگىرلىكىگە قاراپ، يېزىمىزدىكى چوڭ-كىچىك كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا مەسلىكى كېلەتتى. ئۇنى ئەيسا پالۋان دەپ ئاتاپ سۆيۈنۈپ ھۆرمەت قىلاتتى. شۇنىڭغا يارىشا ئاكاممۇ كۆزى ئېچىلغانسېرى يېزىمىزدىكى دېھقانلارنىڭ ھامىيسى بولۇپ قالدى. ئۇ كەم-لەردە مەن كىچىك ئىدىم. مۇزات دەرياسىنىڭ ھەممە ئېقىنلىرى قۇرۇپ كېتىپ، ئېتىز-ئېرىق چۆلدەرەپ، قەھەتچىلىك يۈز بەردى. بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، دورغا-يايىلار ئۆيمۇئۆي ئاختۇرۇپ، "ئېھتىيات سېڭى"غا ئاشلىق يىغاتتى. ئۆيلەردە قۇرغۇنلۇق قىلغۇچىلىكمۇ ئۇن قالدۇرمايتتى. ئاچارچىلىق كۈچەيدى، ئانىلارنىڭ كۆكسىدە سۈتى بولمىغاچقا بوۋاقلار قىرىلىپ باراتتى، ھەپتىلەپ نان كۆرمەي ئېچىرقاپ كەتكەن نارەسىدە بالىلارنىڭ "ئاپا، نان ..." دېگەن نالە-زارلىرىغا چىدىمىغان ئاتا-ئانىلارنىڭ يۈرەك باغرى قان بولاتتى. مۇشۇلارغىمۇ پىسەنت قىلماي، بىر كۈنى بىر نەچچە يايى يېزىمۇ-يېزا يۈرۈپ، ھەيۋە-سۈرەنلىرى بىلەن يەنە بىزنىڭ مەھەللىمىزگە كەپتۇ. ئاشلىق بېرەلمىگەن بىر بوۋاينىڭ يېشىغا يەتكەن قىزىنى زورلۇق بىلەن "ئاشلىقنىڭ ئورنىغا" دەپ سۆرەشتۈرۈپ ئېلىپ كەتمەك بولۇپتۇ. قىز يەرگە دومىلاپ يىغلاپ يېتىۋاپتۇ. بۇ ۋەقەدىن ئاكام ئەيسا گۆمبەز خەۋەر تېپىپ، يۈگۈرۈپ بېرىپتۇ-دە، بايىقى يايىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇپ، ئېغىز-بۇرۇنلىرىنى گوداڭ يالىغان ئىتتەك قىلىۋېتىپتۇ. بوۋاينىڭ قىزى شۇنىڭ بىلەن قۇتۇلۇپ قالغانىدى. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي ئاكامنى تۇتۇشقا 40-50 ئادەم قوراللىق كەلدى-دە، ھايداپ كېتىپ دىگزىغا[1] سولاپ قويدى.

قۇربان، ئەيسا گۆمبەز توغرىسىدىكى بۇ ھېكايىنى ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا تىڭشاۋاتاتتى. مۇزەپپەر بىردىنلا "ئاغىنە قارا، ئەنە تۈلكە ..." دەپ

---

① دىگزا — قاماقخانا، ئەينى زامان تىلىدا "دىگزا" سۆزى ئومۇملىشىپ قالغان.

ئاغىنىسىگە قېيىرنىڭ قىشلىق مەنزىرىسىنى تونۇشتۇردى.

باھار پەسلىنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقىنىغا قارىماي، قېيىرنىڭ تاغلىرى ئاپپاق قارغا كۆمۈلۈپ ياتاتتى، تاغ باغرىدىكى قويۇق قارىغايلارمۇ ئاق لېچەككە پۈركەلگەن، مۇزلاتتىن ئېقىپ چۈشىدىغان شاۋقۇنلۇق ئالتۇنقۇش دەرياسىمۇ كۆك مۇز ئاستىدا ياتاتتى. قارلىق جىلغىلار ئىچىدە ئوۋچىلار زىنقى توشقان جانلارنىڭ پېيىدە ماراپ يۈرۈشەتتى.

ئىككىيلەنمۇ باشلىرىغا ئۇزۇن مويلۇق تۈلكە تۇمىقى، پۇتلىرىغا چورۇق، ئۇچىلىرىغا كالتە جۇۋا كىيىپ ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى.

ئۇلار قويۇق ئۆسكەن قارىغايلىق ئىچىدە ئايلىناتتى. ئېدىرلىقتىكى قېلىن قار-مۇزلارنى كېچەتتى، تاغ چوققىلىرىغا چىقىشىپ، تاغ تېكىلىرىنى قارىغا ئالاتتى. ئەجەل پەيمانىلىرى توشقان قىممەت مويلۇق ھايۋانلارمۇ ئۇلارنىڭ نىشانىدىن قاچالمايتتى.

بىر كۈنى ئۇلار خۇددى گۈمبەزگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر سوپىلىق چوققا ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، دەم ئالغاچ زامان سەۋدالىرى ئۈستىدە سۆزلەشتى.

— بۇ چوققىنى، — دېدى مۇزەپپەر قۇربانغا تونۇشتۇرۇپ، — ھازىر ھەممە ئادەملەر ”ئەيسا گۈمبەز چوققىسى“ دەپ ئاتىشىدۇ. مەن ھېكايەمنى ھازىر مۇشۇ يەردىن باشلايمەن، ئاغىنە.

ئەيسا گۈمبەزنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىشى بىلەنلا قۇربان بىردىنلا روھلىنىپ، ئولتۇرغان ئورنىدىن دەررۇ قوزغالدى-دە، ئاغىنىسىنىڭ بېقىنىغا يېقىن كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ، بۇ مەشھۇر پالۋاننىڭ نامىنى ۋە داڭقىنى كوچادا كىشىلەر ئېغىزىدىن كۆپ قېتىم ئاڭلىغان. ئەمدى بولسا ئۇنىڭ ئۆز يۇرتىدا، ئۆز ئىنىسىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولۇۋاتقىنى قۇربان ئۈچۈن بەكمۇ خاسىيەتلىك پۇرسەت بولۇپ تۇيۇلدى.

مۇزەپپەر سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مانا مەن ئەيسا گۈمبەزنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى بولىمەن. ئاكام

ۋە خېنىمنى قوغداش ئۈچۈن ئۈچ-تۆت تايغاننى بەلگىلەپ قويۇپتۇ. كىچىك دارىن خېنىم ئەتەي ئاكامنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋاپتۇ. قېيىرگە يېتىپ بارغاندا تايغانلارنى قازانچىدا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئاكامغا يول باشلى-تىپ، ئالتۇنقوش دەرياسىنىڭ باش تەرىپىدىكى قارىغايلىققا كېتىپتۇ...

مۇزەپپەر سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئايغىنى دەيمۇ دېمەيمۇ، دەپ ئارسالدا بولۇپ، بىر مەھەل تۇرۇپ قالدى. قۇربان ئۇنىڭ كۆڭلىنى تۇيۇۋېلىپ:

— ئاغىنە، سۆزۈڭنى داۋەر، ھېكايەڭنىڭ قىزىق يېرى ئەمدى باشلان-دى، تونۇر قىزىمىسا نان پىشامدۇ، قېنى داۋامىنى سۆزلە، قولىقىم سەندە، — دېدى.

— مەن ئاكامنىڭ ئاغىنىلىرىنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلىغانمەن، — دەپ قىستۇرۇپ قويدى مۇزەپپەر ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىر يېشىل دۇخاۋىدەك قويۇق ئۆسكەن چىمەنزارلىق ئىچىدە يانمۇيان بولۇپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. كىچىك دارىن خېنىم ئاۋۋال سۆز ئېچىپ: "مەن يېقىندا يۇرتۇمغا بېرىپ كېلەي دەۋاتىمەن، مېنى قارا شەھەرگىچە ئاپىرىپ قويامسىز" دەپتۇ. ئاكام دەرھال ماقۇللۇق بىلدۈ-رۈپتۇ.

ئارقىدىن كىچىك دارىن خېنىم يەنە: "ماڭا نېمە سوۋغات قىلىسىز؟" دەپتۇ. ئاكام: "ئالتۇنقوشتىن يەنە بىر نەچچىنى سوۋغات قىلاي، سىز ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپسىز" دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

كىچىك دارىن خېنىم بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ چىمەنلىك ئۈستىدە كېپىنەكتەك ئېغىناپ كېتىپتۇ. كۈلكىسى توختىغاندىن كېيىن: "تاپتىڭىز، تاپالمىدىڭىز ..." دەپتۇ ۋە ئاكامنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ نازلىنىپ تۇرۇپ:

— راستىنى دېسەم، مېنىڭ پەرزەنت كۆرۈش دەۋرىم بىكار زايە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. مەن تېخى ئەر كۆرۈپ باققىنىم يوق. ئامبالنىڭ ئەپيۇن بىلەن

پەس ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى-دە، دەرھال ئۇۋ مىلتىقىنى بەتلەپ قارىغا نىشانلىدى. لېكىن تۈيغۇن تۈلكە تېزلىكتە كۆزدىن غايىب بولدى. مۇزەپپەر: ”بۇ تۈلكىنىڭ قوۋلۇقىنى ... ھەسسىنەي!“ دېگەن پېتى ئېگىكىنى سىلاپ قويدى. ئارقىدىن بايىقى ھېكايىسىنى يەنە باشلىدى:

— ئاكام دىڭزىغا سولانغاندىن كېيىن كالدىرلاشنى خېلى ئۆگىنىپ قاپتۇ. شۇ كەمدە باي تەۋەسىگە كىچىك دارىن[1]دەيدىغان بىر ئەپيۇنكەش ئادەم ئامبال ئىكەن. ئۇنىڭ تەتىيى كىچىك دارىن خېنىم: ”باي بازىرىنىڭ سۈيى ماڭا خىل كەلمىدى، ئالتۇنقۇش دەرياسىنىڭ سۈيى ئىرىك سۇ ئىكەن، مەن شۇ سۇنى ئىچىمەن“ دەپ تۇرۇۋالىدىكەن. ئامبال ئىلاجىسىز ماقۇل بولۇپتۇ. ئالتۇنقۇش دەرياسىنىڭ سۈيىنى توشۇشقا ئاكام ياراپ قاپتۇ. ئاكام كۆچلۈك بولغانىنىڭ سىرتىدا قەددى-قامىتى كېلىشكەن يىگىت ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئاكام ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم، ئىككى ئات، ئىككى سوغا بىلەن كىچىك دارىن خېنىمغا سۇ توشۇيدىكەن. بىر كۈنى ئاكام بىر دانە ئالتۇنقۇشنى قەپەزگە سېلىپ، كىچىك دارىن خېنىمغا ھەدىيە قىلىپتۇ. بۇ قۇش ئىسمى-جىسمىغا مۇناسىپ كۆركەم بولۇپ، خۇشناۋالىق سايرىشى بىلەن ئۆلۈككە جان كىرگۈزىدىكەن. ئالتۇنقۇش سايرىغان چاغدا كىچىك دارىن خېنىم ئىزىدا ئولتۇرالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ.

ياندۇرقى يىلى ياز ئېيىدا كىچىك دارىن خېنىم ئامبالغا: ”سىلى زېرىكسىلە ئەپيۇن چېكىپ خۇمارلىرىنى بېسىقتۇرىدىكەنلا، ھازىر كۈچاغا كېڭەشكە بارىمەن دەيدىلا، مەنچۇ؟ مەن يالغۇز ئۆي ئىچىدە بۇتتەك قالىدىكەنمەن. زېرىكىپ ئۆلەي دېدىم، مۇشۇ قەپەزدىكى ئالتۇن قۇشۇم بولمىسا، بۇ دوزاخ ئۆيدە تىرىك ئۆلەركەنمەن. شۇڭا مەنمۇ تالا-تۈزنى كۆرۈپ باقاي، ئالتۇنقۇش دەرياسىنى سەيلى-ساياھەت قىلىپ كېلەي، قاند-داق دەيدىلا ...“ دەپتۇ. ئامبال ئىلاجىسىز بۇ تەلەپكىمۇ ماقۇل بولۇپتۇ

[1] كىچىك دارىن — ئەينى زاماندا كۈچا ئامبىلى چوڭ دارىن، باينىڭ ئامبىلى كىچىك دارىن دېيىلەتتى.

تۇرسىلا بۇ يۇرتتا ئابرويلىرى قالامدۇ؟ ئۇلارنىڭ قارا نىيىتى سىلىنىڭ يۈزلىرىنى تۆكۈش، سىلى مېنى يا ئاق قىلسىلا، يا كۆك قىلسىلا. مېنى ئەمدى يۇرتۇمغا يولغا سېلىپ قويسىلا، مېنىڭ بۇ يەردە تۇرغۇچىلىكىم قالمىدى...

— بولدى، بولدى، مەن ئۇ تۆھمەتكە ئىشىنىپ كەتمەيمەن. سەن ئۆزۈمگە ئاق، — دەپتۇ ئامبال ئورنىدىن تۇرۇپ، خېنىمغا يالۋۇرۇپ، — ماقۇل سېنى يولغا سېلىپ قوياي...

ئامبال خېلىلا تەڭشەلگەنىكەن، كىچىك دارىن خېنىم نېمىلا دېسە ماقۇل دەيدىغان ھالغا چۈشۈپتۇ.

— ئۇنداق بولسا ئەيسانى دىڭىزدىن ئازاد قىلىشقا ھازىرلا خەت يازسىلا، ئۇ مېنى قارا شەھەرگىچە ئاپىرىپ قويسۇن.

— ماقۇل، ئۇنى مەن ھازىرلا ئازاد قىلىۋېتەي. لېكىن، ئۇ قارا شەھەرگىچە بارسا بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئۇنىڭغا قەست قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. بۇ توغرۇلۇق مېنى قىستىما.

ئامبال دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، موي قەلىمى بىلەن گۆندىپايغا ئاكامنى قويۇۋېتىش مەزمۇنىدا بۇيرۇق خېتى يېزىپتۇ-دە، ئاكام شۇ كېچىسى دىڭىزدىن قۇتۇلۇپ، تېزەككاغىغا قايتىپ چىققانىكەن.

مۇزەپپەر سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە يەتكەندە قۇربان سۆز قىستۇرۇپ:

— ئاداش، بۇ راستىنىلا قالتىس ھېكايە ئىكەن. قارىغايلىقنىڭ ئىچىدىكى سوۋغات راستىنىلا كارغا ياراپتۇ. لېكىن، ئۇ چوڭ بولۇپ، بۇ يەرگە ئامبال بولۇپ كېلىپ، بىز قاراچۇقلارنىڭ ئەدىپىنى بەرمىسىلا بولاتتىغۇ؟ — دېدى.

قۇربانىنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ئىككىلەن پاراقىدە كۈلدى. قۇربان ئارقىدىنلا يەنە سورىدى:

— ئەيسا گۇمبەزنىڭ كېيىنكى پاجىئەسىنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقىنى سۆزلەپ بېرەلەمسەن؟

ئۇرۇقىمۇ، كۆكلىمۇ تەك ئۆلگەن. سىز ماڭا بىر بالا سوۋغات قىلسىز . .. ئالتۇنقۇش بىلەن بىللە ... — دەپتۇ-دە، ئاكامنىڭ بوينىغا گىرە سېپتۇ ...

يىراقتىن تايغانلارنىڭ ماراپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇلار كىيىم-كې-چەكلىرىنى كىيىشىپ، بىللە يەنە قازانچىغا قاراپ مېڭىپتۇ. بايىقى ماراقچى تايغانلار موللا مۈشۈك بولۇپ، كەينىگە ئۆرۈلگەن پېتى قازانچىغا ئالدىن بېرىۋېلىپ، ھېچنېمىنى بىلمىگەن-كۆرمىگەن بولۇۋاپتۇ.

لېكىن، ئارىدىن بىرەر ھەپتە ئۆتۈپ ئامبال كوچادىن قايتىپ كەلگەن-دىن كېيىن، تايغانلاردىن بىرى ئۇنىڭغا ئەھۋالنى يەتكۈزۈپتۇ، ئامبال چېچىلىپ، بۇ ئىشنى تەرگەشكە باشلاپتۇ:

— سەن ھېلىقى سۇ توشۇيدىغان مەھبۇس قاراچۇق[1] بىلەن يالغۇز قارىغايلىق ئىچىگە كىردىڭمۇ؟

— راست، ئۇنى باشلاتقۇزۇپ سەيلى قىلىپ، كۆڭلۈمنى ئاچتىم، بۇ توغرىدا مەن سىلىگە باشتا ئېيتىپ رۇخسەت ئالغانتىمغۇ؟— دەپتۇ كىچىك دارىن خېنىم.

— ھىم ... مۇنداق دېگىن.

— شۇنداق بولمايچۇ، قاراچۇق سۇ توشۇپ بەرسە ئىچىدىكەنمىز، نېنىنى يەيدىكەنمىز، ئاشلىقىنى تارتىۋالىدىكەنمىز، ئۇلارنى ئاچ قويۇپ ئۆلۈشكە مەجبۇر قىلىدىكەنمىز، بىزدە ئىنساپ دېگەن نەرسە بارمۇ-يوق؟

كىچىك دارىن خېنىم بوش كەلمەي ئامبال بىرنى دېگۈچە ئۇننى دەپ، تويغۇزۇپ قويۇپتۇ. بۇ ئاۋال ئامبالنىڭ ئەپىۇن غاڭزىسىغا كەينى-كەينىدىن ئوت يېقىپ تۇتاشتۇرۇپ، كۆزىنى ئەلەڭ-سەلەڭ قىلىپ، دىلىنى يۇمشىتىپ-تۇ-دە، ئارقىدىن ئۇستۇنلۇككە ئۆتۈپ سۆزلەپتۇ:

— سىلى تۆھمەتخور يامان ئادەملەرنىڭ تۆھمىتىگە قۇلاق يوپۇرۇپ

---

[1] قاراچۇق — يەرلىكلەرنى پەسلەشتۈرىدىغان ھاقارەتلىك نام. — ئاپتوردىن.

لىقى توغرىسىدا سۇرەن سالىدىكەن. ئاكام چوققىدا تۇرۇپ: "يېنىمغا بىر پالۋان چىقسۇن، چوققىدا چېلىشىمىز، يەڭسەممۇ، يېڭىلسەممۇ ئۆز تەلىيىم. مەن چېلىشىپ بولۇپ، ئاندىن پەسكە چۈشىمەن..." دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىر ئاياڭ يامىشىپ يۈرۈپ، چوققىغا چىقىپتۇ. ئاكام بىلەن ئاياڭ چوققىدا تۇتۇشۇپتۇ. ئەيسا گۈمبەز بۇرۇن يېزىمىزدا ئۆكۈزنى ئېلىپ ئۇرىدىغان پالۋان بولغاچقا ئاياڭنى بىر كۆتۈرگەن پېتى "قىيالىققا تاشلايمەن" دەپ قورقۇتۇپتۇ. ئاياڭ: "ئامىنابا" ئۇقۇپ يالۋۇرۇپتۇ. ئاكام مەردلىكىگە ئېلىپ ئاياڭنى قويۇۋېتىپ چوققىدىن بىللە پەسكە چۈشۈپتۇ. ئاكامنى ئۇلار ئالداپ كۇچاغا ئېلىپ بېرىپتۇ...

— لېكىن، — دېدى مۇزەپپەر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — شەيتان ۋەسۋەسىگە سالغاندا پالۋان قاپقانغا دەسسەيدۇ. ئاكامدەك پالۋاننىڭ ئاقىۋىتىمۇ شۇ بولدى. ئۇلار ئۇنىڭ بوينىغا زەنجىر بوخسۇق سېلىپ، بىر ھەپتە سازايى قىلغاندىن كېيىن، كۇچانىڭ سېپىل دەرۋازىسىغا مىخلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىشتى. بۇ، كۇچادىكى "قۇشقاچ يېغىلىقى"نىڭ سەردارى مۇھەممەت ئېلىخان بۇغرانىڭ دارغا ئېسىلىشى بىلەن بىر مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ...، — دېدى.

"ئەيسا گۈمبەز چوققىسى" ئۈستىدە ئېيتىلغان بۇ مەنىلىك ھېكايە قۇربانىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. ئۇ، ئاغىنىسى مۇزەپپەرگە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

— بۇ شۇم خەۋەر يېزىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، — دېدى مۇزەپپەر، — پۈتۈن مەھەللە ماتەم قايغۇسىغا چۆمگەنىدى. ئاسماننى مۇسىبەت تۇمانلىرى قاپلىۋالدى، كۆز يېشى قىلمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىغانىدى. ئاكام ھەققىدە قوشاقچىلار نۇرغۇن قوشاقلارنى توقىدى. مەن ساڭا ئاشۇ قوشاقلاردىن بىر قانچىسىنى ئېيتىپ بېرەي، سەنمۇ ئاڭلاپ باققىن:

— ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلەر، — دېدى مۇزەپپەر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ھەممىسى مەن بىلىدىغان، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ئۆتكەن ئىشلار...

كىچىك دارىن خېنىم يۇرتىغا كېتىپ، تېخى بىرەر ئاي ئۆتمىگەن چېغى ئىدى. تايغانلار يەنە ئاكامنىڭ پېيىگە چۈشۈۋالدى. ئۇلار قىلىش ئېلىش پەيلىدىن يانمىغانىكەن. بىر كۈنى كۆپلىگەن تايغانلار يېزىمىزغا يېتىپ كەلدى-دە، چوڭ-كىچىك ھەممەيلەننى بىر مەيدانغا يىغدى ۋە ئاشلىق تىزىملايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئاكام ئورنىدىن تۇرۇپ: ”ئاشلىق يەمسىلەر، ئادەم گۆشىمۇ؟ ئاشلىق دېسەڭلار، ئەمدى يوق، ئورۇق بولسىمۇ ئادەم گۆشى يېمەكچى بولساڭلار، مانا تۇرۇپتىمىز...“ دېدى. تايغانلارنىڭ غۇزۇرىدە ئاچچىقى كېلىپ، بىر نەچچىسى ئاكام تەرەپكە ئېتىلدى. ئاكام كۈچلۈك مۇشتۇمى بىلەن ئۇرۇپ، بىر نەچچىسىنىڭ قوۋۇرغىسىنى سۇندۇرۇپ قويدى. ئاكامنىڭ مۇشتۇمىنىڭ تورى ئەنە شۇنداق قالتىس ئىدى. قىيا-چىيا ئىچىدە تايغانلار بازار ئىچىگە تىكىۋەتتى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. يېزىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن ئىدى. بۇ جىمجىتلىقنىڭ كەينىگە ھىيلە-مىكىر ۋە خۇپىيانە پىلان يوشۇرۇنغانىكەن. ئاشۇ قاپقاننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاكام يېرىم ساناچ سۇ، يېرىم خالتا توقاچ تەييارلىۋېلىپ، يېزىدىن ئاتلىق غايىب بولدى. ئۇ تاغ ئارقىسىدىكى ئاقيايلاق تەرەپكە ئۆتۈپ كەتمەكچى ئىكەن. ماراپ تۇرغان تايغانلار كەينىدىن قوغلاپتۇ. كۈچادىن ئالدىنئالا ئەۋەتىلگەن ۋە يوللاردا بۆكتۈرمە بولۇپ ساقلىغان تايغانلار ئالدىنى توسۇپتۇ. ئاخىر ئاكام مۇشۇ بىز سۆزلىشىۋاتقان چوققىغا چىقىپ قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ. تايغانلار تۆت تەرەپتىن كېلىپ چوققىنى قورشىۋاپتۇ. بىر نەچچە كۈنگىچە تىركىشىپ بېقىپتۇ. ئاكامنى چوققىدىن چۈشۈرەلمەپتۇ. ئۇلار ئاكامنى تىرىك تۇتماقچى ئىكەن. تايغانلار قاتارىدا سىپىت ھېكىم بەگ، كۈچا ئامبىلىنىڭ ئايپاڭ ئاتلىق ياش پالۋىنىمۇ بار ئىكەن. ئۇلار پەستە تۇرۇپ ئاكامغا كېپىللىك قىلىدىغان-

ئوقۇپ بەردى. قۇربان ئۇنى خاتىرىلىۋالدى.

ئۇلار چوققىدىن ئايرىلىپ پەسكە قاراپ ماڭغاندا قۇياش غەربكە پەسەيگەنىدى. ئىككىيلەن تۈزلەڭگە چۈشكەندىن كېيىن، قۇربان ئېغىز ئاچتى:

— مېنىڭچە، بۈگۈن ئاجايىپ ھېكايىلەرنى، ئېسىمدىن مەڭگۈ كۆتۈرۈلمەيدىغان ساۋاقلارنى ئاڭلىدىم. ئۇ چاغدىكى ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر، ھەممىسى ئالدىنىشتىن كېلىپ چىققان، دەپ قارايمەن.

قۇربان بۇ سۆزنى قىلىۋېتىپ، مۇزەپپەرنىڭ كۆزىگە سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— تايغانلار ھازىر "تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال" بولۇپ، پوتقوللىرىدا جان قالمىدى. ئۇلار ئەمدى يۈگرىدىن كېلىدىغان لەك يوق، تۆۋەندىن يەك يوق، ياتىدىغان دەك يوق، پۇتى كۆيگەن توخۇ بولۇپ، ساڭگىلاپ قېلىۋاتىدۇ. شۇڭا مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، بىزمۇ "ئەيسا گۇمبەز چوققىسى"دا يەنە بىر قېتىم ئويۇن كۆرسىتىپ باقساقمىكىن، دەيمەن...

مۇزەپپەر ئاڭلاپ پاراققىدە كۈلۈۋەتتى ۋە سورىدى:

— يارايسەن ئاداش، جىگىرىڭ بار ئىكەن. قېنى سۆزلە، بۇ ئويۇننى قاچان، قانداقىسىگە ئوينايمىز؟

ئويۇننىڭ قارارىنى ھازىر بىر نېمە دېمەيلى. گېپى كەلگەندە ۋاقىت ئۆزى بەلگىلەيدۇ. ئالدى بىلەن بىر نىيەتكە كېلىۋالايلى. بۇ ئويۇنغا بىز ئىككىمىزلا مۇناسىپ ئىكەنمىز. سەن بولساڭ ئەيسا گۇمبەزنىڭ ئىنىسى، مەنچۇ، مەن بولسام "قۇشقاچ يىغلىقى"نىڭ سەركەردىسى مۇھەممەت ئېلىخان بۇغرانىڭ بولغۇسى كۈيئوغلى.

— مۇنداق دېگىنە تېخى...

— شۇنداق، ئىنشائاللا، مەن مەھبۇبەمنى ئېلىپ، سېنىڭ يېنىڭغا

— مۇشۇ جايغا كېلىشىم مۇمكىن. شۇ چاغدا مۇراد- مەقسەتلىرىمىز ئۈستىدە

”ئالتۇنقۇش“نىڭ سۇلىرى،
ئۇيناپ چۇشەر مۇزاتتىن.
ئەل غېمىنى يەپ كەلگەن،
ئەيسا گۇمبەز ئۇزاقتىن.

قوۋۇرغىسى ئاجرىلىپ،
تايغان ئۆلۈك يېتىپتۇ.
ئەيسا گۇمبەزنى ماختاپ،
خەلق قوشاق قېتىپتۇ.

”ئاق يايلاق“قا كېتەي دەپ،
ئەيسا گۇمبەز ماڭغاندا.
تايغان قورشاپ ئېلىپتۇ،
تاڭ ئاقىرىپ قالغاندا.

سىپىل تېمى بويالدى،
ئەيسا گۇمبەز قېنىدىن.
ئەل-يۇرتنى دەپ ئايرىلدى،
مەردلىك بىلەن جېنىدىن.

”ئەيسا گۇمبەز چوققىسى“،
تىنك تۇرىدۇ قىيىردا.
ياد قىلغانلار كۆرىدۇ،
غول يېنىدا — ئېدىردا...

قۇربانىنىڭ تەلپى بويىچە، مۇزەپپەر بۇ قوشاقنى بىر قانچە رەت

بۇ چاغدا قوي پادىلىرى پېتىراپ قېچىشاتتى، بەزىدە كەينىگە تېپىشىپ غوجىمەك بولۇشۇۋالاتتى.

قۇربان مىڭ بىر جاپادا "بالا بولدى" تاغلىرىنى كەينىدە قالدۇرۇپ، ئۇچۇقچىلىقتا چىقىۋالدى-دە، سۆيۈنۈپ، ئۆز-ئۆزىگە: "يارىمبىم، كۆڭلۈم ئەمدى ئېزىغا چۈشتى" دېدى.

ئۇ، كەڭ سايدا يەنە ئالدىغا مېڭىۋەردى. يىراق، نەچچە كېچە-كۈندۈزدىن بېرىكى ئۇيقۇسىزلىق، ئاچلىق ئۇنى ھالسىزلاندۇرغانىدى.

قۇربان قويلىرىنى بىر ئويمانلىقتىكى ئوتلاقتا قويۇۋېتىپ، ئۆزى داق يەر ئۈستىدىلا ئۇيقۇغا كەتتى.

كۈن چاشكا بولغان چاغ ئىدى. قاياقتىندۇر، بىر نەچچە ئاتلىق كىشى كېلىپ، ئېغىر ئۇيقۇدا ياتقان قۇرباننىڭ بېشىدا توختاشتى، ئۇلار "بالا بولدى" تاغلىرىدىكى چىلبۆرىلەرنىڭ جىنسىداشلىرىدىن بولغان مىرشاپ، جىسا دېگەنلەر ئىدى.

قۇربان يەنىلا ئۆلۈكتەك قاتتىق ئۇخلىماقتا ئىدى.

— ھەي لەقۋا سولتەك. كىمسەن، تۇرە تۇرنىڭدىن!

مىرشاپلارنىڭ قاتتىق ۋارقىراش-جارقىراشلىرىدىن قۇربان چۆچۈپ ئويغاندى؛ ئۇ، كۆزىنى ئالاق-جالاق قىلىپ، ئۆزىنى قورشىۋالغانلارغا بىر قۇردىن قاراپ چىقتى.

— نېمىگە قارايسەن، كىمسەن دەۋاتىمىز، نەدىن كېلىۋاتىسەن؟

مىرشاپلار، بىرى توختىسا بىرى كەينى-كەينىدىن سوئال ياغدۇراتتى.

قۇربان ئالدىرىماي ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى.

— ئىسمىم قۇربان، قېيىردىن كېلىۋاتىمەن.

— يول خېتىڭ قېنى؟

— ... ...

— بۇ قويلارنى نەدىن ئالدىڭ؟

— قېيىردىن.

يەنە سۆزلىشەرمىز.

— بولىدۇ، مەنمۇ سىزنىڭدەك ئەزىمەتنى كۆزلەپ يۈرەتتىم. ۋەدىمىز ۋەدە!

ئىككى دوست قول سىقىشىپ، كەلگۈسى غايىلىرى يولىدا قەسەمياد قىلىشتى.

## 5

ياز مەۋسۇمى باشلىنىپ، ھاۋا راسا ئىللىغان چاغ. قۇربان ئاتىسىغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئۇنتۇمىغان ئىدى. ئۇ قىيىردىن ۋە جىگەرلىك دوستى مۇزەپپەردىن ۋاقىتلىق ئايرىلىش قارارىغا كەلدى. مۇزەپپەر ئۇنى كۆڭۈلدىكىدەك ئۇزىتىپ قويدى.

قۇربان ھازىر خۇددى چوپانغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ، سۇ ۋە ئوت قوغلىشىپ ئاستا ئىلگىرىلەيتتى. يولدا كېتىۋېتىپ مۇزەپپەر سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەرنى ئېسىگە ئالاتتى. مەھبۇبىغا بولغان سۆيگۈ ئارزۇسى ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۈچ بېرەتتى.

ئۇ، بىر ئېشەك ۋە ئون نەچچە قوينى ئالدىغا سېلىپ مېڭىپ "بالا بولدى" تاغلىقى ئىچىگە قانداق كىرىپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ سېزەلمەي قالدى. بۇ يەردىكى تىلسىماتلار ھەيۋىسىدىن دەسلەپتە ئۇنىڭ كۆڭلى بۆلەكچە بولۇپ، بەدىنى سىرقىرىدى ۋە بېشى گاڭگىرىغانىدى. كېيىنرەك ئۇنىڭدا جۈرئەت پەيدا بولدى-دە، يۈرىكىنى توختاتقاندىن كېيىن، ئۆزىگە ئۆزى كۈچ بېرىپ: "قېنى دىۋە تۈگۈل، يەتتە باشلىق يالماۋۇز بولسىمۇ كېلىپ باقمامدۇ" دەيتتى.

قويلارنىڭ تۇۋاقلىرىغا ئۇرۇلۇپ، ئەكس سادا پەيدا قىلغان شېغىل تاشلارنىڭ ئاۋازى تۈن جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. ئېچىرقاپ كېتىشكەن بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشقان قورقۇنچلۇق ئاۋازى پات-پات ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئالاقائغا — ئاتا-ئانىسىنىڭ قېشىغا تېزرەك بېرىش قارارىغا كەلدى.

قۇربان چېغىر يوللارنى ئارىلاپ يۈرۈپ ئۆيگە يېقىنلاشتى. ئۇ كۈندۈزى يورۇقتا ئۆيگە كىرەلمەي، ئەل-ئاياغ بېسىققان، تۈن يېرىم بولغان چاغدا پۈتىنىڭ ئۇچى بىلەن دەسسەپ ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىدى-دە، پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇيقۇسىراپ كەتكەن بۇ يىگىت شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەتىسى پەلەك ئۇستا ئادىتى بويىچە تەرەت ئېلىش ئۈچۈن ئورنىنى كۆتۈرۈپ ئىچكىرىكى ئۆيدىن ھويلىغا چىقتى. قورۇ ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى.

پەلەك ئۇستا قاراڭغۇدا سۇپىدا ئۆلۈكتەك ئۇيقۇغا كەتكەن ئوغلىنى كۆرەلمىدى. تەرەتتىن كېيىن پەرىجە چاپانلىرىنى كىيىپ، بامدات نامىزى ئۈچۈن مەسچىتكە ماڭدى.

نامىزىنى ئادا قىلىپ ئۆيگە قايتقاندا پەلەك ئۇستا يان تەرەپتىكى ئۈجمە شېخىغا باغلاپ قاڭتىرىپ قويۇلغان بوز ئېشەككە كۆزى چۈشتى-دە، ئېشەكنىڭ ئالدى-كەينىگە ئۆتۈپ، ئۇزۇنغىچە زەن سېلىپ قارىدى.

— ھوي، بۇ بىزنىڭ مەھەللىمىزدە كۆرۈپ باقمىغانلا ئېشەككۇ، — دېدى ئىچىدە، ھەيرانۇھەس بولۇپ.

بۇ تاڭ ئاقىرىپ، خېلى يورۇق چۈشكەن، شەرقتە شەپەق چوغلۇقتەك قىزارغان، قۇياش ئۇپۇق سىزىقىدىن ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ چىقىش ئالدىدا تۇرغان چاغ ئىدى.

بالدۇر ئويغانغان ئاق قۇشقاچلار تاللارنىڭ شاخلىرىدا ۋىچىرلىشىپ، ئەتىگەنلىك نەغمە-ناۋاسىنى باشلىغانىدى.

پەلەك ئۇستا بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ، قورۇسىغا كىرىپلا سۇپىدا ياتقان ئوغلىنى كۆردى-دە، دەررۇ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، بېشىدىن ئايىغىغىچە قاراپ چىقتى: قۇرباننىڭ چەپ يۈزى كۆكەرگەن، جىسا ئۇرغان قامچىنىڭ ئىزى تېخى ئەسلىگە كەلمىگەنىدى. ئاتا بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىچى سىرىلدى، كۆزىدىن ياش تامچىلىرى توختىماي تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

— باجلاتتىڭمۇ؟

— ھالال ئەمگىكىمدىن كەلگەن قويلار تۇرسا، نېمىشقا باجلىتىمەن؟

قۇرباننىڭ ئاخىرقى جاۋابى ئېغىزىدىن چىقار-چىقماي، مىرشاپ بىر تەرەپتىن، جىسا بىر تەرەپتىن "بىزگە تىل يالدۇرۇپ گەدەنكەشلىك قىلدىڭ" دېگەن باھانە بىلەن بۆرىدەك ئېتىلىپ بارغان پېتى قۇرباننىڭ باش كۆزىنى قامچا بىلەن قانغا مىلىۋەتتى. تەرەپ-تەرەپتىن ئۇرۇلغان قامچا-تاياق ئۇنى بىھوشلاندۇرۇۋەتكەنىدى.

قۇربان بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، كۆزىنى ئاچتى. قارىسا قويلىرىدىن بىرىمۇ يوق. مىرشاپ بىلەن جىسا ئۇنى بىھوشلاندۇرغاندىن كېيىن، ئۇلجا قويلارنى ئالدىغا سېلىپ بەدەر تىكىۋېتىشكەنىدى.

ئۇ ئورنىدىن ئاستا سوزۇلۇپ تۇرۇپ، ئەتراپقا قارىدى. قويلىرى ھەيدەپ كېتىلگەن بولسىمۇ ئېشىكى ئويماندا ئوتلاپ يۈرەتتى. ئۇ ئاستا پىچىرلىدى: "ھەر نېمە بولسا خېلى ئىنسابلىق ئوغرىلار ئىكەن. ئېشىكىم بولسىمۇ قاپتۇ" دېدى. دارىتمىلاپ ئېيتىلغان بۇ سۆزنىڭ تەكتىگە چوڭقۇر غەزەپ يوشۇرۇنغانىدى. كۆپكۆندۈزدىلا يۈز بەرگەن بۇ بۇلاڭچىلىق تۆپەيلى، ئۇنىڭ قەھرى ئۆرلىگەنىدى. ئۇ، ئاچچىق نەپرەت بىلەن خىتاب قىلدى: "پاھ، نېمە دېگەن بوزەك قىلىش، خەپ توختاپ تۇرۇش، ئەگەر ئاتا-ئانامنى دېمەيدىغان بولسام..."

ئۇ، بىزارلىقتا تۆت تەرەپكە قارايتتى، قەھرى بىلەن ھەر تەرەپكە نەپرەت كۆزىنى تىكەتتى...

غەربىي شىمال تەرەپتىكى كۆگۈلسىز كۆرۈنىدىغان "بالابولدى" تاغلىرى بىلەن جەنۇبتىكى "قۇمتۇرا" تاغلىرى گويا تاشلاندۇق قوشكېزەكلەردەك كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئىلگىرى ئېتىقاد قىلىنىدىغان نۇرغۇن ئىلاھلار ۋە ئەۋلىيالارنىڭ ئەرۋاھلىرى بۇ يەردە جەم بولۇشقانىدى.

ئاشۇ ئەرۋاھلارنىڭ روھلىرى قۇربانغا مۆجىزە كۆرسەتكەندەك، ئۇ ئەمدى بايىقى ئاچچىقىدىن خېلى پەسكايغا چۈشتى-دە، ئالدى بىلەن

ئوغلىنىڭ ئاچچىقىنى پەسكويغا چۈشۈردى:

— ئوغلۇم، خۇيما ئوبدان پەيتتە يېتىپ كەلدىڭ. بىز تۆت كۆز بىلەن يولۇڭغا قاراپ تۇرغانىدۇق. قارىغىنا، سېنىڭ بەست-قامىتىڭنى، بۇرۇتۇڭمۇ بىر چىرايلىق خەت تارتىپتۇ. شۇ تاپتا سېنى كۆرگەن ھەممىلا ئادەمنىڭ مەسلىكى كېلىدۇ. بالام، سېنىڭ بىزگىمۇ ئىچىڭ ئاغرىسۇن. مەن ھازىر بۇنچىلىك ئۆرە تۇرغىنىم بىلەن، ئىچىم پارە-پارە بولۇپ كېتىكلىك. مېنى رازى قىلاي دېسەڭ، كۆزۈمنىڭ يورۇقىدا سېنى ...

پەلەك ئۇستا ئارقىدىنلا سۆز ئۇلاپ:

— ئاناڭ توغرا ئېيتىدۇ، ئوغلۇم. ساڭا چۆلتاغ يولىدا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلىرىم ھېلىمۇ ئېسىڭدىدۇر. بىزنىڭ مەسلىھەتىمىز ئاللىقاچان پىشۇرۇلۇپ قويۇلغان. ئاناڭ دېگەندەك، جان دېگەن كۈندە چىچەكلىمەيدۇ. جان، قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا. بىز سېنىڭ لەۋزىڭگە قاراشلىق، — دېدى.

— مەن، — دېدى قۇربان جاۋابەن، — چوڭلار باشلىغان كېچىككە كىرمەسلىككە ھەققىم يوق، لېكىن، ئالدىنئالا دەۋالدىغان كىچىككىنە سۆزۈم بار. ناۋادا مەن ئالۋان-ياساق تۈپەيلىدىن ياكى باشقا بىرەر نامەلۇم بالا-قازا سەۋەبىدىن يەنە دىشۋارلىق تارتىپ قالغۇدەك بولسام، ئۇ چاغدا بۇ ئىش قانداق بولار. چۈنكى، ماڭا كۈشەندىلىكنىڭ سايىسى رودۇپايدەك ئەگىشىپ يۈرۈۋاتىدۇ. مەن بۇ قېتىم "بالا بولدى" تاغلىرىدا دۇچار بولغان كاساپەتچىلىك يەنە يۈز بېرىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قۇرباننىڭ ئانىسى ئۆز كۆڭلىنى يەنە ئىزھار قىلىپ:

— بالام، مۇندىن كېيىنكى ئىشلارنى ياراتقان ئىگەم ئۆزى بىلىدۇ. ئالدىراپ ئېغىزىمىزنى ئۇششىتىپ يۈرمەيلى، يوقىلاڭ خىيال بىلەن جېنىمىزنى ئۇپرىتىپ يۈرسەك بولماس. گۆلدەك بېشىڭ ئامان بولغاي، جېنىم ئوغلۇم، ناۋادا بېشىڭغا بالا-قازا يېتىپ قالغۇدەك بولسا، بىز تاللىغان جوراڭ

ئۇ ئاستا كەينىگە ئۆرۈلدى-دە، تېخى ئەمدىلا ئېغىر كېسەلدىن ئۆرە بولغان خوتۇنىغا ئەھۋالنى ئوقتۇردى. ئانا چىدىمىغانىدى. ئۇ يۈگۈرگەن پېتى ئۆيدىن چىقىپ، قۇربانىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى ۋە ئۆكسۈپ يىغلىغىلى باشلىدى. ئانىنىڭ ئاللا-تۇۋا سېلىپ يىغلىغان ئاۋازىدىن قۇربان چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئورنىدىن دۈيلۈپ تۇرۇپ كەتتى.

ئاتا بىلەن ئانا ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە سۆيەتتى، ئۇنى نۆۋەتلىشىپ باغرىغا باساتتى. ئۇلار ئاندىن قۇرباننى باشلاپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى.

قۇربان تېخى ئۇيقۇغا قانمىغانىدى. ئۇنىڭغا ئېغىر ھاردۇق يەتكەچكە، ئاتا-ئانىسى بىلەن مۇڭداشقۇچىلىك ھال-مادارى يوق ئىدى. ئۇ، كاڭ سۇپىسىدا ئولتۇردى-دە، بىر چەتكە قىڭغىيىپلا يەنە قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. پەلەك ئۇستا خوتۇنىغا پىچىرلىدى:

— بولۇپتۇ، ئانىسى ...، بالىمىزغا بەكلا ھاردۇق يېتىپتۇ. ئۇيقۇسىغا قېنىۋالسۇن. سىلى ئاۋۋال سۇيۇق-سەلەك بىر نېمە قىلىڭلار. ئاندىن يېڭى كۆڭلەك-ئىشتان ھازىرلاڭلا. ئورنىدىن تۇرغاندا كىيىم-كېچەكنى يەڭ-گۈشلىۋالسۇن.

قۇربان ئۇيقۇسى ئېچىلغاندىن كېيىن، كىيىم-كېچەكنى كىيدى. ئانىسى بۇ كىيىم-كېچەكلەرنى بۇرۇنلا تەييارلاپ، ساندۇقىغا سېلىپ ئۇنىڭ كېلىشىگە ئاتاپ قويغانىدى. ئارقىدىن ئۇلار بىللە غىزالاندى. قۇربان بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى ئاتا-ئانىسىغا سۆزلەپ بەردى ۋە "بالا بولدى" تاغلىرى يېنىدا بولغان ئاشۇ ۋەقە ئۈستىدە يەنە سەپرايى ئۆرلىگىلى تۇردى.

پەلەك ئۇستا دەرھال ئوغلىغا ھاي بېرىپ:

— ئاچچىقىمىزغا ھاي بېرەيلى، جېنىم بالام. ھەممە ئىش گېزى كەلگەندە ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، — دېدى.

قۇربانىنىڭ ئانىسى ئارقىدىنلا سۆزىنى يېڭى بىر مەزمۇنغا يۆتكىدى-دە،

يىگىت بېشى بۈگۈنكى چېلىشنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. كەڭ مەيداننىڭ ھەممىلا يېرىدە چېلىش بىردىنلا قىزىغىلى تۇردى. ئاخىرىدا بىر نەپەر تەمبەل، نەۋقىران يىگىتنىڭ ئۈزۈپ چىققانلىقى مەلۇم بولدى-دە، ئۇنىڭغا مۇقابىل قىلىش مەقسىتىدە مەيداندىكى ھەممە يىگىتلەر قۇرباننى مەيدانغا چۈشۈشكە تەكلىپ قىلىپ، چىڭ تۇرۇۋېلىشتى.

قۇربان مەيدانغا چۈشتى. كىشىلەر ئۇنىڭ مەردانە قىياپىتى بىلەن قاملاشقان سىياقىنى زوقمەنلىك بىلەن تاماشا قىلماقتا ئىدى.

ئۇ، ئادەت بويىچە رىقابەتچىسىگە ئالدى بىلەن دوستانە سالام بەردى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى.

ئىككىيلەن مانا ئەمدى ئەركىن تۇتۇشۇشقا باشلىدى، تۇتۇشۇش ئانچە ئۇزۇن داۋام قىلمايلا رىقابەتچى يىگىت يېڭىلگەنلىكىگە تەن بېرىپ، قۇرباننىڭ بېلىنى قويۇۋەتتى ۋە مەيداندىن چىقىپ كەتتى. ئۇ، قۇربانغا "پىلدەك كۈچى بار ئىكەن" دەپ قول قويدى.

بۈگۈنكى چېلىشنى كۆزىتىپ تۇرغان ئالاقاغىنىڭ مەشھۇر بىر ئاقساقىلى سېخىيلىق بىلەن ئۆزى مىنىپ كەلگەن ئاق بوز ئېتىنى ئىگەر جابدۇقلىرى بىلەن قوشۇپ قۇربانغا ھەدىيە قىلىۋەتتى. بۇ چاغدا مەيداندىن ئايرىلىشقا قىيماي تۇرۇۋاتقان يىگىتلەر، قىزلار چاۋاك چېلىپ قۇرباننىڭ غەلىبىسىگە، ئاقساقالنىڭ سېخىيلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇشتى.

تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەن قىزلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ھېسسىيات قۇشلىرى ئەمدىلا ئۇچۇشقا باشلىغان بۇ قىزلار ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك بىر خىل پاسوندا كىيىنگەن، بىر-بىرىنىڭ بويۇنلىرىغا قاتارى گىرە سېلىشىۋالغان ھالدا، قىزىل ئالمىدەك رەڭدار مەڭىزلىرىنى بىر-بىرىنىڭ يۈزلىرىگە يېقىن چاپلاشتۇرۇپ، نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىشاتتى. ئۇلار قۇرباننىڭ كېلىشكەن قامىتىدىن زوقلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى.

قۇربان ئالاقاغىلىق ئاقساقالنىڭ "ھەدىيە تۇلپارى"غا مىنىپ ئۆيىگە ماڭغاندا، بىر قىز دەرھال ئاتنىڭ ئالدىنى توسىدى-دە، قۇربانغا لەيلىگۈل

چوقۇم قولۇڭغا قول، پۇتۇڭغا پۇت بولالايدۇ.

ئانىنىڭ مېھرىبانلىق بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى قۇربانىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدى ۋە تېزلا مايىللىقنى بىلدۈردى-دە، پۈتۈن ئائىلە ئىچى خۇشاللىققا چۆمدى.

6

ئېتىز-ئېرىق چاڭقورونلۇقى ئاياغلىشىپ، كۆز كىرگەن چاغلىرىمۇ ئالا-قاغا يېزىسىنىڭ ھاۋاسى خېلىلا ئىللىق ئىدى. ئېتىز ئېگىزلىرىدا چارۋىلار توپ-توپى بىلەن ئوتلاپ يۈرۈشەتتى.

سانسىز چوكىلاڭ قارغىلار چارۋىلار ئارىسىدا ئۇياق، بۇياق ئۇچۇشۇپ يۈرۈپ، ئوزۇقلۇق ئىزدەيتتى.


بۇ مەۋسۇمدە يەمچۈك ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلىدىغان قارا قۇشقاچلار تېخىمۇ كۆپ بولاتتى.

"كۈزنىڭ ئاپتىپىغا قىزىقنى سال، ئەتىيازنىڭكىگە كېلىنىڭنى" دېگەندەك، كۈندۈزلىرى قورۇقتىكى باغلارنىڭ شورا تاملىرى تۈۋىدە، ئالتۇن كۈزنىڭ ئىللىق ئاپتىپىغا قاقلىنىپ، ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرىشىدىغان قېرى خوتۇن ، قىز-جۇۋانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ قوڭغۇراقتەك كۈلكە ئاۋازى يىراق-يىراقلارغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

كۈزلۈك يېغىمدىن كېيىن تۈزلەنگەن كەڭرى قوغۇن ئېگىزلىرىدا يىگىتلەرنىڭ چېلىش بەيگىسى قىزىپ باراتتى.

قۇربانىنىڭ قايتىپ كەلگەن خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئۇنىڭ دېمەتلىرى ئۇنى بۈگۈن ئاشۇ چېلىش مەيدانىغا تەكلىپ قىلىشقانىدى.

قۇربانىنىڭ قاۋۇل بەستى، تەرەققىي قىلغان مۇسكۇللىرى ئالاقاغىلىق يىگىتلەرنى ھەيران قالدۇراتتى. قارىماققىمۇ، ئۇنىڭ تەقى-تۇرقىدىن، بىر دېمەتلىرى ئارىسىدا ئۇنىڭدەك كۈچتۈڭگۈرى يوقتەك كۆرۈنەتتى.



يوپۇرمىقى كەشتىلەنگەن بىر دوپپىنى ھەدىيە قىلىپ سۇندى ۋە قىزارغان پېتى بېرىپ قىز دوستلىرى قاتارىغا كىرىۋالدى.

بۇ ساھىبجامال قىز، قۇربانىنىڭ سۆيگۈنى لالە ئىدى. ئۇنىڭ ساقساق-تىن كېلىپ تۇرۇشى بىلەن مەيداندا چېلىشنىڭ باشلىنىشى تەڭ بولغانىدى.

ئىككىيلەننىڭ بۇلتۇر ساقساق ئۆستەڭ بويىدا — لالەنىڭ ئىشكى ئالدىدا ۋاقىتلىق ئايرىلغىنىغا ئالاھازەل بىر يىلچە بولۇپ قالغانىدى.

قۇربان بوز ئېتىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئاتنىڭ چولۋۇرىنى مەھكەم تارتتى-دە، لالەنىڭ چىرايىغا ئۇزۇنغىچە قاراپ تويمىدى. ئۇنىڭ سەۋرى قامىتى، ئالمىدەك مەڭزى، بەرگى-قىياقتەك قاشلىرى، قاپقارا ئاھۇ كۆزلىرى، ئۇزۇن، قارا ئۇقيا كىرپىكلىرى، سەككىز ئۆرۈم بوستان چاچلىرى، قىزىل ياقۇتتەك سۆزۈك لەۋلىرى ...، قۇربانىنىڭ كۆز ئەينىكىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتتى-دە، ۋۇجۇدىدا مۇھەببەت ئوتى لاۋۇلداپ يېنىشقا باشلىدى.

قۇربان گويا بىھوشلانغان ئاشىقتەك ئۆيگە يېتىپ كەلدى.

ئۇ، ئالدى بىلەن ئاتنى ھويلىسىدىكى تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇپ، ئانا-ئانىسىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزدى:

— خۇش خەۋەر، جۇپ خۇش خەۋەر!، مەن بۈگۈن چېلىشتا ئۇتۇپ چىقتىم. ئالاقاغىنىڭ ئاقساقلى ماڭا بىر ئات ھەدىيە قىلدى. ئەنە ھويلىدا ... تۈۋرۈككە باغلاپ قويدۇم، ئىشەنمىسەڭلە، بېرىپ قاراپ بېقىڭلار...

قۇربانىنىڭ ئاتا-ئانىسى يۈگۈرۈپ ھويلىغا چىقتى-دە، ئاق بوز ئاتنى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ كېتىشتى.

— ئانا، يەنە بار، — دېدى قۇربان يانچۇقىدىن دوپپىنى چىقىرىپ،

— ماۋۇ دوپپىنى قارا، بۇنى بىر قىز سوۋغات قىلدى.

— بېشىڭغا كىيىپ باققىنە ئوغلۇم، مەن بىر كۆرەي. ئانىسىنىڭ تەلىپى بويىچە قۇربان دوپپىنى بېشىغا كىيدى.

— زەپمۇ خىل كەلدى، — دېدى ئانا ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنۈپ، — بېشىڭغا قۇيۇپ قويغاندەك، پەمىچە، بۇ دوپپىنى ھەرقاچان بېشىڭنى

ئەمدى كۆتۈلمىگەن بىر پاجىئە بۇ مەھەللىدە يەنە يۈز بەردى. ئەنسىزلىك تۇمانلىرى بىردىنلا شادلىق بوستانىنى قاپلىۋالدى. سەۋدايى زامان سەھنىسىنىڭ قارا پەردىسى قۇربان بىلەن لالەنىڭ مۇھەببەت ۋىسالى بوستانىغا يېڭى كۆلەڭگە يايدى.

قورۇ ئالدىدىكى ئۈجمىلىك سەيناغا نۇرغۇن ئادەم توپلانغانىدى. ئۇلار قوشقاچ سولانغان قەپەزلىرىنى ئالدىلىرىغا قويۇپ، سەينادا چەمبەر ياساپ ئولتۇرۇشاتتى.

سەينانىڭ بىر چېتىدە سېپىل ئىچىگە قوشقاچ توشۇش ئۈچۈن تۇتۇپ كېلىنگەن دېھقان ھارۋىلىرى توختىتىپ قويۇلغان.

ئۈجمىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولسا بىر قانچە خانتۇ، پەيتولار دېھقانلارغا ھەيۋە كۆرسىتىپ، توختىماي سۈرەن سالاتتى.

— تۇتۇن بېشىغا قويۇلغان قوشقاچلارنىڭ ئەركىنىنى تالاپ، ئېدىن- لىق ھېسابلاپ ھارۋىلارغا جايلاشتۇرۇڭلار...

ساناقنى توشقۇزغان كىشىلەرنىڭ قەپەزلىرىگە قىزىل بەلگە قويۇلاتتى. تاپشۇرمىغانلارغا ئىبرەت جازاسى بېرىلەتتى. بەزىلىرى ئاق شەھەرگە، بەزى- لىرى ئاغىغا پالىناتتى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمىگەن ئەسنادا قوشقاچ تاپشۇرۇشقا ئۈنىمىغان "گەدەنكەش" يىگىتتىن بىرنى تۇتۇپ كېلىشتى-دە، ئۈجمە شېخىغا ئېسىشتى ۋە باش كۆزىگە قامچا بىلەن ئۇرۇپ ئايلاندۇرۇۋېتىشتى.

بۇ خەۋەر تۆت ئەتراپقا پۇر كەتتى. بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا مەيدانغا ئادەم لىق تولدى. قۇربان ئىشكىنىڭ ئالدىدا سادىر بولۇۋاتقان بۇ زوراۋان- لىققا چىداپ تۇرالمىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاسماقتا دومبا يەپ، يۈز-كۆزى قانغا بويالغان بۇ يىگىت ئۇنىڭ جان-جىگەر ئاغىنىسى ئىدى. قۇرباننىڭ غۇررىدە ئاچچىقى كەلدى-دە بارغان پېتى ئاغىنىسىنى باغلاقتىن بوشىتىۋەتتى.

خانتۇ، پەيتولار ئالمان-تالمان كېلىپ، قۇربانغا سۈر كۆرسەتمەكچى

چەنلىۋالغان بىر قىز تىكىپ كەلگەن ئوخشايدۇ. مۇبارەك بولسۇن، ئوغلۇم. ئېيتە بۇنى ساڭا قايسى قىز سوۋغا قىلدى؟

شۇ ئەسنادا قۇرباننىڭ سىڭلىسى زەينەپ قورۇقتىن لالە باشلىق بىرمۇنچە قىزلارنى هويلا ئىچىگە باشلاپ كىردى. قىزلارنىڭ هەممىسى قۇرباننىڭ بېشىدىكى دوپپىنى كۆرۈپ:

— بەك يارىشىپتۇ، قۇربان ئاكا، دوپپىڭىزغا مۇبارەك! ئۇتۇقىڭىزغا مۇبارەك، — دېيىشىپ قۇرباننى ماختاپ كېتىشتى.

— سىلەردىن ئايلانسۇن، سىلەرگە رەھمەت! — دېدى قۇربان ۋىلىلدە قىزارغان هالدا.

قىزلارنىڭ ئىچىدىكى گەپتانراق بىرى دەرهال قوشۇق سېلىپ:

— قۇربان ئاكا، ئالدى بىلەن لالەگە رەھمەت دەڭ، "بازاردا بار مىڭ كىشى، كۆڭۈلدە بار بىر كىشى"، لايىق جۈپ كەلسە، پۈتىدۇ ئىشى...

هويلا ئىچىدە شۇئان كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئارقىدىن قۇرباننىڭ سىڭلىسى زەينەپ قىز دوستلىرىنى دالان ئۆيگە باشلاپ ماڭدى. بايىقى شىنىلە قىزنىڭ چاقچىقى بىلەن دالان ئۆيدىنمۇ كۈلكە ئاۋازى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

قورۇ ئىچىدىكى بۇ قىزغىن كەيپىيات گويا قۇربان بىلەن لالەنىڭ توي تەنتەنىسىدىن دېرەك بەرگەندەك قىلاتتى.

دېمىسىمۇ بۇ ئۆيدە توي هازىرلىقى جىددىي باشلىنىپ كەتتى. لالەنىڭ كىچىك ئاپىسىنى خەۋەرلەندۈرۈش ئۈچۈن ساقساققا خەۋەرچى ماڭدۇرۇلدى. توي ئوتۇنى، توينىڭ نېنى، قىزنىڭ كىيىم-كېچەكى قاتارلىق ئىشلارغىچە مەسئۇل ئادەم بېكىتىلدى. پەلەك ئۇستامنىڭ بالا-چاقىلىرى، قۇرباننىڭ ئەل-ئاغىنىلىرى پايپېتەك بولۇپ ئىشلەشكە كىرىشتى.

شۇنداق قىلىپ، كېيىنكى هەپتىدە بولىدىغان توي ئىشى پەلەك ئۇستام ئائىلىسىنى بالدۇرلا خۇشاللىققا چۆمدۈرۈۋەتكەنىدى.

خانئامباللارنىڭ شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەرلىك ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش مەقسەت قىلىنغان نومۇسسىز سىلىق "قوشقاچ ئالۋىنى" قايسى تارىختا بولغان؟ مانا مۇشۇنداق شەرمەندە چارىلەر بىلەن خوتۇن-قىزلىرىمىزنى ئاياغ-ئاستى قىلىشقا سىلەردەك ۋىجدانسىز يۇندىپۇ-رۇچلار چىداپ تۇرمىسا، باشقا ۋىجدان ئەھلى قانداقمۇ چىدىيالىسۇن؟

ئۇجمىلىك مەيدانىغا يىغىلغان ياشلار قۇرباننىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ، ئۇنىڭغا كۈچلۈك مەدەتكار بولۇپ تۇراتتى. خانتۇ، پەيتولار بىر مەھەل ئالاقزادە بولۇپ، شۈكلەپ كېتىشتى.

قۇربان ئاخىردا غالىبانە روھ بىلەن:

— خوش قاراچۇق بەگلەر، بىز كەتتۇق، ئەمىسە! — دېدى.

قۇربان سۆزىنى تۈگىتىش بىلەن تەڭ بايىقى باغلاقتىن بوشىتىلغان ئاغىنىسىنى ۋە ئالاقاغىلىق ياشلارنى ئارقىسىغا ئەگەشتۈرۈپ مېڭىشقا تەمشىلـ-ۋىدى، خانتۇ-دورغىلار كېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسىدى. ئىچكە دەرد-پىغان توشۇپ، تاشالماي تۇرغان ئالاقاغا ياشلىرى كەينى-كەينىدىن ئالدىغا ئېتىلىپ چىقتى-دە، خانتۇ-دورغىلارنى ئارقىغا ئىتتىردى. ئىش ئۇلغايماقتا ئىدى. قۇربانغا بولۇشۇش ئۈچۈن كەلگەن دېھقانلارنىڭ سانى بارغانسېرى ئۇلغىيىپ باراتتى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ كۆزىگە قاتتىق غەزەپتىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. دورغىلارنىڭ بىر قانچىسى ئۈجمە شاخلىرىغا ئېسىۋې-تىلدى. كىچىك باللار بولسا ئاسماقتىكى دورغىلارنى چالما-كېسەك قىلىشقا باشلىغانىدى.

جېدەلنىڭ يوشناپ كېتىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ، يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن بىر قانچىسى ئاتلىق يېتىپ كەلدى-دە، ياشلارغا ھاي بېرىپ، ئۇلارنى نەسىھەت بىلەن تارقىتىۋەتتى. باغلاقتىكى دورغىلارنى بوشىتىپ يولغا سېلىۋەتتى.

ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىگەنىدى. ئىزا-ئاھانەت ھار كەلگەن ھېلىقى خانتۇ-دورغىلار پالاقلىشىپ بارغان پېتى بولغان ۋەقەلەرنى بىرنى مىڭ قىلىپ كۆپتۈرۈپ ئامبال مەھكىمىسىگە چېقىپ باردى.

بولدى. قۇربان غەزەپ بىلەن:
— سەنلەر نېمە دېيىشمەكچى، نېمە قىلماقچى، مەن كۆرۈپ باقايچۇ، قېنى؟ — دېدى، قەھرى بىلەن خانتۇلارغا تىكىش قىلىپ.
— ھەي سولتەك، قۇشقاچ سىلىقىنى ئۆزۈڭ تاپشۇرمىغانىنىڭ ئۈستىگە، — دېدى خانتۇ شالىنى چاچرىتىپ ۋە ئالدىغا دېۋىنىپ بېرىپ، — باشقىلارغىمۇ يەل بېرىسەن، سەن تېخى ئۇقماي يۈرەمسەن، بۇ دېگەن خانئامبال ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى، سەن بۇنى بىلمەمسەن؟
— بىلمەن، مەن يەنە شۇنى بىلىمەنكى، بۇ سەندەك ئۈيات-نومۇسنى ساتقان شەرمەندە يالاقچىلارنىڭ ئويۇنى.
بۇ چاغدا يەنە بىر خانتۇ كېلىپ ئاۋۋالقىسىغا يانتاياق بولۇپ:
— ھەي گەدەنكەش تەتۈر، سەن ئەربابلار بىلەن تولا ئويناشما. ياخشىسى ھېلى باغلاقتىن بوشىتىۋەتكەن گەدەنكەشنى بىزگە تاپشۇرۇپ بەر. بولمىسا ئۆزۈڭ بالاغا قالىسەن، — دەپ قۇربانغا دەبدەبە كۆرسەتمەكچى بولدى. لېكىن قۇربان خانتۇنىڭ ھۆركىرەشلىرىگە مىت قىلىپ قويمىدى ۋە:
— بۇ گەپلىرىڭگە كۆنىدىغان ئوغۇل بالا مەن ئەمەس. مېنىڭ جاۋابىم شۇكى: "ئۆلمەك بار، كۆنمەك يوق " — دېدى.
چاكار، بەگلەر قۇرباننى ھەر نېمە قىلىپمۇ گەپكە كۆندۈرەلمىدى. ئۇلار ئالدىراپ ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويسا ئىشنىڭ يوغىناپ كېتىشىدىن ھەزەر ئەيلىگەندى.
قۇربان تېخىمۇ تۇرگۇنلىشىپ، قەتئىيلىك بىلەن خىتاب قىلدى:
— ھەي خانتۇ، پەيتو بەگلەر، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار: سىلەر غالچا قاراچۇقلارسىلەر، بىز بولساق پۇقرا قاراچۇق. بۇ نېمە دېگەن ھاقارەتلىك نام. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەڭرى تەرىپىدىن باراۋەر يارىتىلغان بەندىلەرنىڭ ساپ ئېتىقادى، پاك ئەقىدىسىنى، ئىنسانىي ۋىجدانىنى مۇشۇنداق شەرمەندىلەرچە دەپسەندە قىلىش، ئېيتىڭلارچۇ، قېنى قايسى ئەقىلدا بولۇپ باققان.

قاراشتىن كۆزىنى قاچۇرۇپ، قولىغا ئېلىۋالغان بىر قۇرۇق ياغاچنى سۇندۇ-
رۇش بىلەن بەنت بولدى-دە، ئاخىرىدا:
—ساقساققا بېرىشنىڭ يوللۇق بالام، ئىككىڭلار بېرىپ، ئۈششىگەنلارنى
تۆگىتىپ، تېزرەك يېنىپ كېلىڭلار، — دېدى.
شۇنداق قىلىپ قۇربان ۋە ئۇنىڭ يىگىت قولدىشى شۇ كۈنى نامازشام
ۋاقتى بىلەن ساقساققا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.
ئىككىيلەن ئاتلىق هالدا تېز يۈرمەكتە ئىدى. يېرىم يولغا بارغاندا،
ئۇلارنىڭ كەينىدىن باشقا ئىككى ئاتلىق ئادەمنىڭ سوگدىشىپ ئىز قوغلاپ
كېلىۋاتقان شەپىسى ئاڭلاندى-دە، قۇرباننىڭ كۆڭلىدە گۇمان تۇغۇلدى.
تەھقىقلەش غەرىزىدە قۇربان بىلەن ئاغىنىسى ئىزىدا بىردەم توختىدى ۋە
ئارقا تەرەپكە زەن سالدى. لېكىن، ئىزلىشىپ كېلىۋاتقان كۆلەڭگىلەرمۇ جىم
بولۇۋېلىپ، ئۆزىنى كۆرسەتمىدى. بۇ كۆلەڭگىلەر ئۇلار ماڭسا ماڭاتتى،
توختىسا توختايتتى. تاكى خانئېرىققا بارغىچە بۇ ئويۇن شۇ تەرىزدە داۋاملى-
شىپ باردى.
لالەنىڭ ئۆيىگە يېقىن قالغان چاغدا قۇربان بىلەن ئۇنىڭ ئاغىنىسى
ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتلىرىنى بىردەم دەم ئالدۇرغاچ بىر-بىرى بىلەن كىچىككىنە
پىچىرلىشىۋالدى:
— ئاغىنە، كۆڭلۈمگە...، — دېدى قۇربان دوستىنىڭ قۇلىقىغا، —
بىر دىشۋارلىق شەپە بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئارقىمىزغا پايلاقچى چۈشكەندەك
قىلىدۇ. ئۇجىملىكتىكى ۋەقەگە ئامبال ھەرقاچان چىدىمىغان بولسا كېرەك.
بىز هازىر لالەنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭغا تويلۇق كىيىم-كېچەك ئېلىش
ئۈچۈن كەلگەنلىكىمىزنى ئۇقتۇرۇپ قويايلى، ئاندىن ئاتلىرىمىزنى شۇ ئۆيدە
قويۇپ، قونۇش ئۈچۈن سېنىڭ تۇغقىنىڭنىڭ ئۆيىگە كېتەيلى. يول ئۈستى-
دە نېمە كۆرسەك مەيلى...
قۇرباننىڭ ئاغىنىسى ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى، ئۇلار يەنە ئاتلاندى.
بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ئۇلار لالەنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ، ئاتلىرى-

خانئامبال ئۇرچۇنئانىڭ قويقا چېچى تەتۈر ئۆرۈلۈپ، ئەسەبىيلەشتى. ئاشۇ باھانە بىلەن قۇربان قاتارلىق چاتاق چىقارغۇچىلارنى تۇتۇپ، ئاغى تېغى بىلەن ئاق شەھەرگە پالاش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى.

قۇربان بۇ قىسمەتنى مۆلچەرلىگەنىدى. ئۇنىڭ بولغۇسى توي خۇشاللىقىغا يەنە ئال چۈشۈش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ ئۆزىگە يىگىت قولدىشى قىلىپ تاللىۋالغان ئاغىنىسىنى باشلىۋېلىپ ئۆيگە كەلدى. ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەر بولسا ھەدەپ توي تەرەددۇتى بىلەن ئالدىراش ئىدى.

قۇربان ئۇچىمىلىكتە سادىر بولغان ۋەقەلەرنى بىلىندۇرمەسلىككە سېلىپ، ئاتىسى پەلەك ئۇستا بىلەن بىر چەتتە ئايرىم سۆزلەشتى:

— ئاتا، توي مەرىكەم يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ ئاتىسىغا مەسلىھەت تەلەپپۇزىدا، — لالە توي تەييارلىقى ئۈچۈن ساقساقىغا — كىچىك ئاپىسىنىڭكىگە كەتكىنىگە بىر نەچچە كۈن بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا شەھەردىن ئازراق تويلۇق كىيىم-كېچەك ئېلىپ، بالدۇرراق تىكتۈرۈۋالمىساق، ئۈلگۈرمەي قالار. مەن ئۇنىڭ بىلەن شۇنداق كېلىشكەنىدىم. مەن بۇ ئاغىنەم بىلەن بۈگۈن ئاخشام ساقساقىغا بېرىپ، ئەتە بىر كۈن شۇ ئىشلارنى پۈتكۈزۈۋېتىپ قايتىپ كەلسەك دەيمەن.

— توغرا دەۋاتىسەن ئوغلۇم، بولىدۇ ئىككىڭلار بېرىپ كېلىڭلار، — دېدى پەلەك ئۇستا بىئارام كەيپىياتتا، — راستىنى دېسەم، بۇ زاماندىن رايىم كەتتى. ”ئوغرىدىن قۇتۇلۇپ، قاراقچىغا تۇتۇلۇش“ زەيمۇ جېنىمغا تەگدى. بۈگۈن ئۇچىمىلىكتە ھېلىقى دەيۇزلەرنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغىنىڭنى دەۋاتىمەن، قەدىمكىلەرنىڭ ”زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق“ دەيدىغان مەنالىق سۆزىنى ئېسىمىزدە تۇتمايمۇ بولمايتتى. زاماننىڭ شورىمۇ، ياكى پېشانىمىزنىڭ شورىمۇ ھېچ بىلەلمىدىم، كاچ پەلەك ھە دېسىلا پەلەك ئۇستا بىلەن قېرىشقىنى نېمىسى...

پەلەك ئۇستىنىڭ ئاقىرىشقا باشلىغان قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى قورۇق چۈشكەن قاپاقلىرى پەسكە ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇ ئوغلىغا تىكىلىپ

ئارىسىدا ماراپ تۇرغان چىرىكلەرگە پەرۋا قىلماي، "ئاق مەدرىس"نى ئايلىنىپ، كۆكگاڭ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. دەل شۇ چاغدا تۆت تەرەپتىن قورشاپ كەلگەن چىرىكلەر تۇشمۇتۇشتىن: "توختا!" دەپ ۋارقىرىشىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسىدى، بىر خانتۇ ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن:

— مەن هازىر سەنلەرگە خانئامبالنىڭ يارلىقىنى ئوقۇپ ئۆتىمەن، قولاق سېلىپ ئاڭلاپ تۇرۇش، — دېدى ۋە يارلىقنى ئوقۇشقا باشلىدى: "خانئامبالنىڭ يارلىقى: قۇربان بىلەن ياسىن ئالاقاغا يېزىسىدا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغان گۇناھلىرى ئۈچۈن ئاغى تېغىغا پالانسۇن..."

جىن چىراغ يورۇقىدا خانتۇ بەگ يارلىقنى دۇدۇقلاپ ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى يىگىتنىڭ قوللىرىنى باغلاپ گۆكگاڭ ئەتراپىدا ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان هارۋىغا ئىنتىرىپ چىقىرىشقا بۇيرۇق قىلدى. بىر خانتۇ، ئىككى چىرىك ئۇلارنى يالاپ ئاغىغا ئېلىپ ماڭدى.

يەنە بىر تۈركۈم چىرىكلەر ئاشۇ كېچىدە پەلەك ئۇستا بىلەن چوڭ ئوغلىنى ئالاقاغىدىن ئاق شەھەرگە يالاپ ئېلىپ كېتىشتى. كاج پەلەكنىڭ بۇ ئادالەتسىز قىسمەتلىرى ئىككى ياشنىڭ ئەمدىلا پارلاشقا باشلىغان ۋىسال يۇلتۇزىنى هايت-هۇيت دېگۈچە ئاشۇنداق ئۆچۈرۈپ، بولغۇسى توي خۇشاللىقىنى يەتتە قات ئاسمانغا توزىتىۋەتتى.

ئاغى تېغىغا بارغىچە قۇرباننىڭ روھىي دۇنياسىنى مۇھەببەت-نەپرەت، ئۈمىد-پۇشايمان زىددىيەتلىرى قورشىۋالدى. ئۇ، مۇھەببەت قەرزىنى كېچىكتۈرۈشكە بولىدۇ...، بىراق، ۋىجدان قەرزىنى ئادا قىلماي بولمايدۇ. دەپ خىيال قىلاتتى. ئۇ ئەمدى خىياللىرىنى قويۇپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

خانئېرىقتىن چىققاندا،
مەهبۇبەم قاراپ قالدى.

دىن چۈشتى، ئىشىك تاقالمىغانىدى. ئۇلار ئاتلىرىنى يېتىلەپ قورۇ ئىچىگە كىردى.

لالە بىلەن ئۇنىڭ كىچىك ئاپىسى ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە مېھمانلىق ئۆيگە باشلىدى. لالە چاققانلىق بىلەن تويلۇق ئۈچۈن تىكىلىۋاتقان يېڭى يوتقان-كۆرپىلەرنى بىر چەتكە يىغىشتۇردى. ئارقىدىن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چاي كەلتۈردى. قۇربان كېلىش مۇددىئاسىنى سۆزلەش ھەققىدە دوستىغا كۆز ئىشارىسى بەرگەندىن كېيىن، ئۆزى قوروغا چىقىپ، دەرۋازىنىڭ قىسىلچۇقىدىن سىرت تەرەپكە قارىدى. نۇرغۇن چېرىكلەر ئۆي ئەتراپىنى قورشىۋېلىشقانىدى.

— بۇنچىزا كايىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى لالەنىڭ كىچىك ئاپىسى يىگىت قولدىشىنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، — بىز خېلىدىن بېرى كۈتۈۋاتقان نىكاھ قەرزىنى بويىنىمىزدىن ساقىت قىلىۋەتسەكلا ھەممە-دىن ئەلاسى شۇ. كۆڭۈل تىنچلىقى ھەممىدىن مۇھىم، ھەشەمەتنىڭ نېمە كېرىكى دەيدىلا...، مۇشۇ كەمگىچە زاماننىڭ ئۇۋالچىلىقىنى ئاز تارتتۇق دەمدىلا. لالەنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى بىتەرلىك. ھەر بىرلىرىنىڭ كۆڭۈل ئاياپ كېلىشكەنلىرىگە رەھمەت.

قۇربان دەرۋازىنىڭ سىرتىدا چېرىكلەرنىڭ پايلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىۋالغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بۇ ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ ئاۋارىچىلىق كەلتۈرۈپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى سوغۇققانلىق بىلەن مۆلچەرلىدى-دە، ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپ:

— كىچىك ئاپا، بىزنى بۇنچىلىك كۆرگەنلىكلىرىگە رەھمەت. ھازىر كەچ بولۇپ قالدى. ۋاقىتنى ئۇزۇنغا سوزمايلى. ھازىر ئاغىنەم بىلەن موزدۇزنىڭكىگە بېرىپ لالە ئۈچۈن بىر ئۆتۈك بۇيرۇتۇپ قويايلى. بىز ئەتە ئەتىگەنلىككە مۇشۇ ئۆيگە ئۈنىمىز. قورۇدىكى ئاتلارغا لالەنىڭ تاغىسى قاراپ قويغان بولسا، خوش ئەمىسە... — دېدى.

قۇربان ئاغىنىسىنى باشلاپ ئۆينىڭ سىرتىغا چىقتى. ئىككىيلەن دەرەخ

سايرىشىپ يۈرەتتى.

زامان-زامانلاردىن بۇيان رىۋايەت بولۇپ كېلىۋاتقان ئاق توپىلار، قىزىل دولدۇل مىنگەن ساھىبجامال پەرىشتىلەر نەزەر تاشلىغان ئاغىنىڭ مىس كانلىرى دەل مۇشۇ تاغ ئارىسىدا ئىدى.

قۇربان بىلەن ياسىن تاغ ھاياتىنى باشلىدى. زېرەك، قولى چېۋەر بۇ يىگىتلەر رۇدا قېزىش، تۆمۈرچىلىك قىلىش، مىس ئېرىتىدىغان سېغىز ئوچاقلارنى ۋە پىچ ياساش قاتارلىق ھەممە ئىشلارنى پۇختا قىلىپ كان بېگىنىڭمۇ، كان ئىشچىلىرىنىڭمۇ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

ئۇزۇنغا قالماي قۇربان ئەركىن يۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. پۇرسەت تاپقان چېغىدا كېپىنەك، تاغ تېكىسى ئوۋلاش ئىشى بىلەن بەنت بولۇپ، كان ئىشچىلىرىنىڭ گۆش بىلەن ئوزۇقلىنىشىغا ياردەمدە بولدى. ئۇ، ئوۋ مىلتىقىنى ئۆز قولى بىلەن ياسىغانىدى.

قۇربان ئوۋچىلىق قىلىپ يۈرۈپ، قىممەت باھا مويلۇق قۇندۇز، سۆلەيسۇن، تۈلكە تېرىلىرىگە ئېرىشەتتى ۋە ئۇنى كان بېگىگە ھەدىيە قىلاتتى. كان بېگى ئۇنىڭ بەزىلىرىنى ئامبال -بەگلەرگە سوۋغات قىلسا، بەزىلىرىنى ھايىنىغا سېتىپ كۆپ بېيىۋالغانىدى.

قۇربان ئاشۇ يوللار بىلەن خېلىلا ئەركىن بولۇپ قالغاندىن سىرت، "ئاغىدىكى مىسنىڭ سىرى"نىمۇ چۈشىنىۋالدى.

بۇ مىسلاردىن ئاساسلىقى بۇت ھەيكىلى ياسىلاتتى، ئۇنىڭدىن سىرت خانئامبال، ۋاڭ غوجا، فۇچىن[1]خېنىملار مۇلازىمىتى ئۈچۈن چىرايلىق مىس چۆگۈن، مىس ئاپتۇۋا، مىس ساندۇق، مىس چىلاپچا، مىس ئوتنغات، مىس تۈگمە، مىس ۋاننا ۋە مىس پۇل قاتارلىقلار ياسىلاتتى.

بۇ كەملەردە مىس بىلەن ئالتۇن تەڭ باراۋەر دېگۈدەك ئورۇندا تۇراتتى. شۇڭا ئاغىنىڭ بۇ قىممەتلىك بايلىقىنىڭ خېلى بىر قىسمىنى ئىلى

---

[1] فۇچىن خېنىم — ۋاڭنىڭ ئاغىچا خانىمى. — ئاپتوردىن.

توي مەرىكەم بولاركەن دەپ،
چېچىنى تاراپ قالدى.

ئىشىك سىرتىدا باغلاندىم،
جۇدالىق دەردىدە داغلاندىم.
ئۈمىد باغلاپ لالە گۈلۈم،
توي كۆڭلىنى ساناپ قالدى.

## 7

كۆسەننىڭ شىمالىدىكى ئاغى تېغى غەربتىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان سىرلىق قەلئەگە ئوخشايتتى.

كەچ كۈز مەۋسۇمىدە ئايرىلاپ پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان گۈلدۇرماما ئاۋازى ھەيۋەت بىلەن چوقچىيىپ تۇرغان تاغ چوققىلىرىنى قورقۇنماقچى بولغاندەك قاتتىق زىلزىلە پەيدا قىلاتتى.

چاقماق نۇرلىرى جىلغا-ئېدىرلارغا ھەر خىل رەڭدە چاچقۇ ياياتتى-دە، ئارقىدىنلا يامغۇر سۇلىرىنى چېلەكلەپ قۇيۇۋېتەتتى. بۇلارنى قىزىل توپا ئارىلاش شېغىللىق ئېدىرلىقلار شېرىن شاراپ يۇتقاندەك سۈمۈرۈۋالاتتى.

ئاغى تېغىنىڭ يۇقىرىقى قىسىملىرى قىزىل سەنۇبەر، يېشىل قارىغايزار-لىقلار بىلەن قاپلانغان، تۆۋەن تەرەپتىكى ئېدىرلىقلاردا بولسا خۇش پۇراق-لىق ئارچا، ماندارا چېچەكلىرى كۆكۈلنى مەھلىيا قىلاتتى.

ئاسماندا جەنۇب تامان سەيلى-سەپەرگە ئاتلانغان توپ-توپ تۇرنىلار غاقىلدىشىپ ئۆتۈشۈپ تۇراتتى.

پەس تەرەپتىكى جىلغىلاردا بولسا خۇشناۋالىق تاغ تورغايلىرى گاھ ئۇچۇشۇپ، گاھ يورغىلىشىپ بىردە ئۇياقتا، بىردە بۇياقتا ئۆتۈشۈپ خۇشال

ئىگەردىن ئىككى ئىلىك ئۇزۇنلۇقتا پەسكە ساڭگىلاپ تۇراتتى.

قۇربان ئاتقا مۇشۇنداق تەپسىلىي سەپسېلىپ ئالاقىغىدا ئۆزىگە ھەدىيە قىلىنغان ئاشۇ ئاق بوز ئات ئىگەنلىكىنى تونۇۋالدى. ھەش-پەش دېگۈچە ئاتلىق كىشى قۇرباننىڭ يېنىغا كېلىپ ئېتىنى توختاتتى.

ئاتلىق كىشى كۆزىنىلا ئۇچۇق قويۇپ، يۈزىنى قارا ياغلىق بىلەن ئورىۋالغان بولۇپ، تېخىچىلا ئاتنىڭ چۈشمەي ۋە تونۇشلۇقمۇ بەرمەي، بەخىرامان تۇراتتى. قۇربان ئۇ كىشىنى تونىيالماي سورىدى:

— تەقسىر، ئۆزلىرىنى ئەسلىيەلمەي قېلىۋاتىمەن، كىم بولىدىلا؟

ئاتلىق كىشى قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئاندىن باش-كۆزىنى ئورىغان ياغلىقنى ئېلىۋېتىپ، ئۆزىنى ئاشكارىلىدى. بۇ كىشى قۇربان شەھەردە تۆمۈرچىلىك قىلىپ يۈرگەن پەيتلىرىدە تونۇشۇپ، دوست بولۇشقان خەلق شائىرى شاھسەنۇبەر ئىدى.

شاھسەنۇبەر ئاتتىن چۈشۈپ قۇربان بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، ئىككىيلەن جىلغىدىكى بىر قورام تاش ئۈستىدە يانمۇيان ئولتۇرۇپ، ئۇزۇن پاراڭلاشتى.

شاھسەنۇبەر بۈگۈن ئەتەي قۇرباننى يوقلاپ كەلگىنىنىڭ سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، لالە ئەۋەتكەن خەت، خالتىلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.

شاھسەنۇبەر دوستى قۇرباننىڭ يارا بولۇپ كەتكەن قوللىرىغا، ئاغىنىڭ سوغۇق شىۋىرغانلىق مۇھىتىدا قارىداپ كەتكەن يۈز-كۆزلىرىگە، تىتىلىپ ئۆتمتۆشۈك بولۇپ كەتكەن كىيىم-كېچەكلىرىگە پات-پات قاراپ قوياتتى.

— لالە توغرىسىدا، — دېدى قۇربان ئىنتىزارلىق بىلەن، — بىر نېمە دېمەيسەنغۇ، ئۇ قانداق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟

— ئۇنىڭغا دەسلەپتە بۇ ئىشلار ھار كەلدى. ھازىر بولسا ئۇنىڭ كۆڭلى بىر ئاز ئارامىغا چۈشتى. ئۇنىڭ ئوي-ھېسسىياتلىرىنى ساڭا يازغان خېتىدىن بىلىۋېلىشىڭ مۇمكىن.

جياڭجۈن مەھكىمىسىگە يەتكۈزۈپ بېرىش مەجبۇرىيەت ئىدى.

— سىز مېنىڭ ئىشەنچىمنى ئاقلىيالايسىز، — دېدى كان بېگى، بىر كۈنى قۇرباننى يېنىغا قىچقارتىپ ئاستا قۇلىقىغا، — ھازىر قىش كىرىپ قالدى. ھەر يىلى مۇشۇنداق چاغدا جياڭجۈن مەھكىمىسىگە مىس يەتكۈزۈپ بېرىش ۋەزىپەم بار. سىز بۇ يىل مۇشۇ ئىشنى بېجىرىپ كېلىسىز. بىر نەچچە ئادەم ئاتلىق يولغا چىقىسىلەر. يۈك خېلى بار. تەييارلىق كۆرۈڭ.

قۇربانغا بۇ مەجبۇرىيەت ھېچقانداق ئېغىر تۇيۇلمىدى. ئۇ، يا ھا، يا شا دېمىدى. بېشىنى يېنىك قىمىرلىتىپ، ماقۇللۇقىنى ئىپادىلىدى.

قۇربان ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ئاغىنىسى ياسىننى ئېلىۋالدى. قاراقشتا بۇ جاپالىق سەپەرنى مىڭ تەستە تۈگىتىپ، ياندۇرقى يىلىسى قورغاستىن يېنىپ كەلدى.

ئاپتور بۇ يەردە قۇرباننىڭ بۇ كۆڭۈلسىز سەپىرى ئۈچۈن سەھىپە ئاجرىتىپ، كىتابخانلىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى مالال قىلىشنى خالىمىدى. ئىشىنىمەنكى، ئۇنىڭ كېيىنكى تەرجىمھالى بىزگە ئوخشاشلا زوق بېغىشلىيالايدۇ.

كان بېگى قۇربانغا ئەتىياز باشلىنىش ھارپىسىدا يەنە قىممەت مويلۇق ھايۋانلارنى ئوۋلاش مەجبۇرىيىتىنى يۈكلىگەنىدى. ئۇ كۆك مۆز، ئاق قارلارنى كېچىپ ئاشۇ مەجبۇرىيەتنى بېجىرىش يولىدا ئاۋارە بولۇپ يۈرەتتى.

بىر كۈنى چۈشكە يېقىن مەھەلدە ئۇ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان ئاق بوز ئاتلىق بىر كىشىنى يىراقتىن كۆردى-دە، ئىزىدا توختاپ ئاتلىق كىشىنى كۈتۈپ تۇردى.

ئاتلىق كىشى ئىتىنى يورغىسىغا سېلىپ يېقىنلاپ كەلدى. قۇربان ئاۋۋال ئاق بوز ئاتقا سىنچىلاپ قارىدى:

ئاتنىڭ قاڭشىرىدا تۇخۇم چوڭلۇقىدا قاشقىسى بار ئىدى، ئاتقا قۇشبېشى شەكىللىك ئىگەر توقۇلغانىدى. ئىگەرگە ئالدى-كەينى دوقىسىنى يېپىپ تۇرىدىغان كۆرپە سېلىنغانىدى. ئىگەرنىڭ ئاستىغا قويۇلغان كىگىز، جەزلىك

ئاغى تاغنىڭ كانلىرى،
خانىمبالىغا قارايدۇ.
گۇناھى يوق پۇقرانى،
تاغ ئىچىگە پالايدۇ.

قىزىلىيارنىڭ سىپىدا،
نۇرغۇن ئىكەن چاكاندا.
قاچانغىچە يۇرەرمىز،
بۇ زۇلمەتلىك ماكاندا.

قورغاس دىگەن يەرگىچە،
ئوتتۇز داۋان ئاشتىم مەن.
غەزەپ تولدى ئىچىمگە،
قايناق سۇدەك تاشتىم مەن.

ئاغى تاغقا بارغىچە،
مازار تۇرار يولۇڭدا.
بەخت، تەلەي، تەقدىرىڭ،
كۈچۈڭ بىلەن قولۇڭدا...

بۇ ناخشىلار خىلى بۇرۇنلا جاپاكەشلەر ئىچىگە تارقىلىپ ئاغى تاغلىرى ئىچىنى زىلزىلىگە كەلتۇرگەنىدى. كان ئىشچىلىرى، تۇتقۇن قىلىنغان بىگۇناھ دىھقان ياشلىرى قۇربانىنىڭ ناخشا-قوشاقلىرىدىن يۇرەكلىرىگە دەرمان، تەشنا روھىغا مەنىۋى ئوزۇق ئالاتتى.

ئاشۇ ۋەجىدىن بۇ قۇتلۇق سوۋغات لالەنىڭ قولىغا تەگكەندىن كىيىن، چوقۇم ئۇمىد مەشئىلىدەك ئۇنىڭ بىدارلىق ۋە بىزارلىقتا خىرە بولۇپ تۇرغان

قۇربان لالە ئەۋەتكەن نان خالتىسى ئىچىدىن ئۇنىڭ خېتىنى ئالماقچى بولۇۋېدى، شاھسەنۇبەر دەرھال قۇرباننىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ ئۇنىڭغا:

— بولدى، خەتنى مەن كەتكەندىن كېيىن ئوقۇساڭمۇ ئۈلگۈرەلەيسەن. مەن سېنىڭ بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ، كۆڭلۈم ئەمىن تاپتى. مەن ئەمدى كەچ كىرگىچە قايتىۋالاي. سېنىڭمۇ لالەنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، يۈرىكىنى سەگىتكىدەك بىرەر يالداماڭ باردۇ. قېنى چىقارمامسەن؟ — دېدى.

قۇربان تەڭلىكتە قالدى. سۈرگۈنلۈك شارائىتىدا ئۇنىڭ قولى قىسقا ئىدى. ئۇنىڭ بېشى قېتىپ، تېڭىرقاپ قېلىۋاتقان ھالىتىنى كۆرگەن شاھسەنۇبەر ئۇنىڭغا:

— بولدى، ئاغىنە، نېمىگە خىجىل بولىسەن. سېنىڭ بۇ يەردە ئۆتۈۋاتقان كۈنلىرىڭگە ئاتاپ توقۇغان قوشاقلىرىڭ بولسىمۇ يېزىپ بەرسەڭ كۇپايە، لالە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئارتۇق سوۋغات، سالام بولامدۇ؟ — دېدى.

شاھسەنۇبەرنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ قۇرباننىڭ چىرايى بىردىنلا ئېچىلدى. ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان نۇرغۇن تەسىرلىك قوشاقلارنى توقۇغانىدى. ئۇنى لالەگە ئەۋەتىپ بېرىش نىيىتىدىمۇ بولۇپ يۈرەتتى. شاھسەنۇبەرنىڭ ئەسلەتمىسى ئۇنىڭغا ئىلھام بەردى-دە، شاھسەنۇبەر سۇنغان قەغەز-قەلەمنى قولىغا ئېلىپ، تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ خېلى بۇرۇنلا توقۇپ قويغان قوشاقلارنى يېزىشقا باشلىدى. ئۇ بۇ قوشاقلارنى يېزىپ بولۇپ شاھسەنۇبەرنىڭ قولىغا سۇندى.

شاھسەنۇبەر قۇربان بىلەن خوشلىشىپ:

— بۇ لالەنى سۆيۈندۈرىدىغان ئەڭ ياخشى سوۋغات بولدى، — دېدى-دە، ئات سېلىپ يۈرۈپ كەتتى.

شاھسەنۇبەرنىڭ قارىسى يوقىغاندىن كېيىن، قۇربان تۇرالغۇسىغا قايتقاچ لالەگە يازغان قوشاقلىرىنى ناخشا قىلىپ توۋلاشقا باشلىدى:

كەتتى. ئۇ ئىشچى يەتكۈزگەن خەۋەردىن مەلۇم بولدىكى: قۇرباننىڭ ئاتد-سى، ئانىسى ۋە چوڭ ئاكىسى قازا تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىر تاللا يېتىمە بولۇپ يالغۇز قالغان سىڭلىسى زەينەپ قۇربان بىلەن ياسىننى ئىزدەپ تاپمەن دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىگە بىر نەچچە كۈن بولۇپتۇ...

قۇربان بۇ يېڭى شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئورنىدىن چاچ-راپ تۇرۇپ كەتتى-دە، تاش كامىر ئىچىنى بىر نەچچە رەت ئايلىنىۋېتىپ، ياسىنغا:

— «بالا-قازا يالغۇز يۈرمەيدۇ» دېگەن گەپنىڭ چىنلىقىغا مانا ئەمدى شەك-شۈبھىسىزكى ئىشەندىم. ئادەمزاتنىڭ بىر-بىرىنى يەيدىغان رەھىمسىز چىلبۆرىلەر ئىكەنلىكىگىمۇ شەكسىز ئىشەندىم. ئارقا-ئارقىدىن كېلىۋاتقان بۇ قارا قىسمەتلەرگە ئەمدى يەنە «لەببەي» دەپ يۈرۈۋەرسەك، تەقدىر ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن، — دېدى.

قۇرباننىڭ ئىچى تىتىلداپ، بىر ئىزدا تۇرالماي، كىچىككىنە تاش كامىر ئىچىدە تىنىمسىز ماڭاتتى.

— مەن ھازىر بىر قارارغا كەلدىم، — دېدى قۇربان ئاغىنىسى ياسىنغا مەسلىھەت بېرىپ، — نەچچە كۈندىن بېرى كان بېگىنىڭ ھاۋلىسى بىلەن ئۇۋۇچىلىق قىلىپ ھازىرلاپ قويغان قۇندۇز، سۆلەيسۇن، تۈلكە تېرىلىرى بار. ئۇنى بۇگۈنلا كان بېگىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش بىلەن بىللە ئۇنىڭغا زەينەپنىڭ ئەھۋالىنى ئۇچۇرلايلى ھەمدە ئۇنى ئىزدەيمىز، دەپ كان بېگى-دىن رۇخسەت سوراپ باقايلى. مېنىڭچە، ئۇ رۇخسەت بېرىشى مۇمكىن، سېنىڭچە قانداق؟

ياسىن بۇ پىكىرگە قوشۇلدى، ئىككىيلەن كان بېگىنىڭ قېشىغا باردى. ئوۋ سوۋغىلىرىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، قۇربان ئۇنىڭغا مۇددىئاسىنى ئېيت-تى. كان بېگى بىر ئاز ئويلىنىپ قالدى.

50 ياشلار قارىسىنى ئالغان ئوتتۇرا بوي، چارساقال بۇ كان بېگى «چىشىڭنىڭ بارىدا ياغ چاينا» دېگەن تەمسىل بويىچە ئىش قىلىشنى ئۇبدان

دىلنى ئېچىلدۇرىدىغانلىقىدىنمۇ شۈبھە يوق ئىدى.

قۇربان لالەنىڭ سوۋغىلىق خالتىلىرىنى كۆتۈرۈپ، تاش كامىر ياتىقىغا تەنھا قايتىپ كەلدى. ياسىنىنى چاقىرىپ خالتىنى ئاچتى. لالەنىڭ بىر پارچە خېتى توقاچلار ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويۇلغانىدى. قۇربان خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئوقۇپ يېرىمىغا كەلگەندە ئۇنىڭ كۆزىدىن تارام-تارام ياشلار تۆكۈلدى. خەتنى ئاخىرغىچە ئوقۇپ چىقىشقا بەرداشلىق بېرەلمىگىلى تاس قالدى.

قۇربان خەتنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئەس-ھوشىنى يوقاتقان ھالدا خەتنىڭ قانداقسىگە قولىدىن يەرگە ئۇچۇپ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى. ئۇ ئۆزىنى ئورۇن كۆرپىسى ئۈستىگە تاشلاپ، خىيال دەرياسىغا غەرق بولۇپ كەتتى.

بۇ ئەھۋاللارغا ھەيران بولغان ياسىن يەردىكى خەتنى ئېلىپ ئوقىدى. ئۇمۇ قۇربان بىلەن ئوخشاش تەسىراتتا بولۇپ، يۈرىكى ئېزىلدى.

لالە بۇ خېتىدە قۇربانغا بولغان سۆيگۈ ساداقىتىنى ئىزھار قىلغاندىن سىرت، يەنە بىرمۇنچە مۇسىبەت خەۋەرلىرىنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتكەنىدى:

قۇربان بىلەن ياسىن ئاغىغا پالانغان كېچىسى قۇربانىنىڭ ئانىسى بىلەن چوڭ ئاكىسىمۇ ئاق شەھەرگە پالانغان ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ھەر ئىككىسى تۆھمەت بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن، قۇربانىنىڭ ئانىسى دەرتكە پايلى-ماي ئىچ ئاغرىقىدا قازا تاپقان، مەھجۇرى بىلەن شاھسەنۇبەر ئاق شەھەر بىلەن ئالاقىغا بېرىپ، ئۇلار ئۇچۇن نەزىر-چىراغ بېرىپ قايتىپ كەلگەن؛ شاھسەنۇبەر بۇگۇن قۇربان بىلەن يۈز تۇرانە كۆرۈشكەندە خەتتە يېزىلغان ئىشلاردىن ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمىغانىدى.

مۇسىبەت ھاۋاسى قاپلىغان تاش كامىرغا ئۇزۇن ئۆتمەي يېڭىلا ئالاقىغا بېرىپ تۇغقان يوقلاپ كەلگەن بىر ياش كان ئىشچىسى سالام بېرىپ كىرىپ كەلدى ۋە قۇربان بىلەن ياسىنغا يەنە بىر شۇم خەۋەرنى يەتكۈزۈپ قويۇپ، ئىككىيلەنگە تەسەللى ئېيتىپ قويۇپ كامىردىن چىقىپ

ياسىن ئاغى تېغى بىلەن خوشلاشتى.

ئۇلار پىيادە مېڭىپ كېتىۋېتىپ، زەينەپنى قانداق ئىزدەش توغرىسىدا سۆزلىشىپ، ئاخىردا ياسىن يېزىلارغا بېرىپ ئىزدەش، قۇربان شەھەر كوچىلىرىدىن ئىزدەش ھەققىدە پۈتۈشتى.

مۇشۇ پۈتۈشكىنى بويىچە ئىككىيلەن شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، ياسىن ئالاقاغىغا يۈرۈپ كەتتى.

ئاپتور بۇ يەردە ياسىن بىلەن زەينەپ ئوتتۇرىسىدىكى بىر سىرنى كىتابخانلارغا ئىزاھلاپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتى:

قۇربان بىلەن ياسىن بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان دوستلا بولغىنى ئۈچۈن، ياسىننى قۇربان ئۆزىنىڭ بولغۇسى تويىغا يىگىت قولدىشى قىلىپ تاللىۋالغانىدى. قۇرباننىڭ تويىدىن كېيىنلا ياسىن ئۆزىنىڭ تويى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى. ئۇنىڭ لايىقى — دەل قۇرباننىڭ سىڭلىسى زەينەپ ئىدى.

ئالاقاغىدىكى ئۇچىلىكتە "قۇشقاچ ئالۋىنى"غا ئۆكتە قوپۇپ، خانتۇلار تەرىپىدىن ئۇچمە شېخىغا ئېسىلغان، كېيىن قۇربان ئاسماقتىن بوشىتىۋالغان، شۇ كېچىدە قۇربان بىلەن بىللە ساقساقىغا كېلىپ، چېرىكلەر تەرىپىدىن تۇتۇلغان يىگىتمۇ مۇشۇ ياسىن ئىدى.

ياسىن ئۆزىنىڭ سۆيگۈنى زەينەپنى ئالاقاغا، شايار، ئاق شەھەر، قوشئاۋاتلارنى ئارىلاپ ئىككى ئايچە ئىزدىدى، قۇربانمۇ بۇ يېتىمە سىڭلىسىنى شەھەر كوچىلىرى، نورۇزقۇم قاتارلىق جايلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، شۇنچە ۋاقىت ئىزدەپ، ھېچ يەردىن ئۇچرىتالمىدى.

ئاخىر ئۇلار ئابدۇجاپپار قازىنىڭ قۇربان ئۈستىدىن قىلغان سورىقى تۈگەپ، قۇربان بىلەن شاھسەنۇبەر كۆك مەدرىسە ئالدىغا توپلانغان نامايىشچىلار ئالدىغا چىققاندا قايتىدىن ئۇچراشتى.

بۇ سەھىپىلىرىمىزنى كىتابخان ئالدىنقى بابتا كۆزىدىن كۆچۈرۈپ ئۆتكەنىدى. ئاپتور ئەمدى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ قىزىقارلىق

چۈشىنەتتى. ئۇردا مەنسەپدارلىرى ئىچىدە مىس كان بەگلىكىنى تالىشىپ
كۆزىنى قىزارتىپ تۇرۇۋاتقان خىرىسچى كۈشەندىلىرىنىڭ بارلىقىنىمۇ ياخشى
چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ پېيىگە چۈشكەن ئەڭ ھېيلىگەر كۈشەندە سېيىت ھېكىم
بەگ ئىدى. شۇڭا كان بېگىنىڭ قورساق كۆپۈكىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.
ئۇ ئۆزىگە چاپلانغان قۇرۇق تۆھمەتلەرگە گاھىدا قولاق يوپۇرۇۋالاتتى.
گاھىدا بولسا "خان غوجامدىن شە قاپتۇ، ھارۋىكەشتىن تىرت-ۋۇ-ۋۇ" دەپ
ئېرەن قىلمايتتى. شەھەردىن كەلگەن ئۇقتۇرۇشلارغا: "چولام يوق" دەپ
خۇپسەن بولۇۋالاتتى. مەنسەپدىن يېقىلىپ كېتىدىغىنىنى ئالدىن سەزگەن
بۇ كان بېگى ھازىر يېنىنى خېلى چىڭداپ، ئىچى-تېشىغىچە تىقىلىپ
كەتكەنىدى. قۇربان يارىتىپ بەرگەن ئوۋ كىرىمىدىنىمۇ ئۇ بەك رازى ئىدى.
— بولىدۇ، — دېدى كان بېگى ئۆزۈن ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن
قۇربانغا قاراپ، — سىلەر بۇگۈنلا مېڭىڭلار، بىر ئادەمگە شۇنچە ئوۋال
قىلغان بارمۇ؟

## 8

باش باھار يېقىنلاشقان چاغ، ئاغى تېغىنىڭ ئېگىز چوققىلىرىدا يەنىلا
قېلىن قار كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇراتتى. پەستىكى ئېدىرلىق، جىلغىلاردا
قارلار ئېرىپ پارغا ئايلانماقتا ئىدى.
شىمالدىن كېلىۋاتقان باش باھار شامىلى، ئاق كىيىملەرنى تاشلاپ،
يېڭىدىن بىخ سۈرۈشكە باشلىغان تاغ جىلغىلىرىدىكى پاكار ئۆسۈملۈكلەر-
نىڭ يۇمران شاخلىرىنى سۆيۈپ ئۆتەتتى.
سەل ئېقىنلىرىدىن ھاسىل بولغان يارداڭلىقلارنىڭ كۈنگەي تەرىپى-
دىن تۆشۈك كولاپ ئۇۋا ياسىغان كىلە، پاتمۇچۇقلار ئۇۋىلىرىدىن باشلىرى-
نى چىقىرىپ، كۈن نۇرىنى ئىمىپ تۇرۇشاتتى.
ھاۋا ئوچۇق، ئاشۇنداق خاسىيەتلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە قۇربان بىلەن

سۆزلەشكەچ يېسەك كۆپرەك يەلەيمىز، مېنىڭ ئادىتىم شۇ. سۆز-چاقچاق ئىشتەي دورىسى...

— بولىدۇ، تەقسىر. رىزقى زۇۋۇلام خېلى چوڭ ئۆزۈلگەنىكەن، ئىشتەيلىرى قانچە چوڭ بولسا شۇنچە ياخشى، ناۋادا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىگە چىقىپ قالسىلىمۇ ئاش-نانلىرىغا مەن ئىگە...

غىزا بىلەن بىللە بۇ قىزىقارلىق چاقچاقلار ھەممەيلەننى تازا كۈلدۈرگەندى. ئۇلار داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنە ئۆزلىرىنىڭ رەسمىي پاراڭغا كۆچتى. شاھسەنۇبەر كۆزىنى قۇربان تامان بۇراپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— دوستۇم، سېنىڭ تاغدىن چۈشكىنىڭگە خېلى ۋاقلار بولۇپ قالدى. كان بېگى بىر نېمە دېمەسمۇ؟

— ياق، بىر نېمە دېمەيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى قۇربان، — كان بېگى ياسىن بىلەن ئىككىمىزگە ھۆرلۈك بېرىۋەتكەن. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ تاغاردا بىر دەردى بار ئادەم ئىكەن. ئەمما، ھازىر ئاڭلىسام ئۇ ئادەم مەنسىپىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا سىپىت ھېكىم بەگ بېگىدىن قوشۇمچە كان بېگى بولۇپ بەلگىلىنىپتۇدەك. بالا كەلسە شۇنىڭدىن كېلىدۇ. دادامنىڭ ئاشۇ كۆشەندىسى مېنى يوقاتمىغىچە ياخشى ئۇخلىيالمايدۇ. قازىخانىدىكى بۈگۈنكى ئويۇن ئۇنىڭ تۇنجى قەدىمى.

— جان يېرىنى تېپىپ سۆزلىدىڭىز، — دېدى مەھجۇرى قۇربانىنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، — زامانىنىڭ بېشىغا پىت چۈشكەندە، قامچىغا زورلايدۇ، ئەمەلدارنىڭ بېشى قايغاندا پالچىغا زورلايدۇ، چوڭ-كىچىكلىرى بىرلىشىپ پۇقرانى غاجايدۇ. دەسمايىسى تۈگەپ غالتەككە چىققاندا تۆھمەتكە زورلايدۇ. گاھىدا ئەتىيازنىڭ سېرىق ھەرىسىدەك تۈيدۈرماي چېقىۋالىدۇ. زالىملارنىڭ قولىدىن ئامەت قۇشى قېچىۋاتقان، زاۋاللىق يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان ئالامەتلەر ئاشۇنداق بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، ”تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقىدىغان“ پەيت يېتىپ كەلدى.

بولغان كېيىنكى ھېكايىلەر تەسۋىرىگە جەلپ قىلىدۇ:
شۇنداق قىلىپ، قۇربان، شاھسەنۇبەر قاتارىغا ياسىن قوشۇلۇپ، ئۇچەيلەن كۆك مەدرىسە يېنىدىن ئايرىلىپ، شۇ كۈنى ئۇدۇل ئەليارخان مەھجۇرىنىڭكىگە يېتىپ بېرىشتى. ئۇلار ئۇزۇنغىچە سىرداشتى:
— بۈگۈن قازىخانىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىشلاردىن، — دېدى ئەليارخان مەھجۇرى، — تولۇق خەۋەردار بولۇپ، خۇشاللىقىمنى ئىچىمگە سىغدۇرالماي قالدىم. ئەسلىدە سىيىت ھېكىم بەگ بىلەن ئابدۇجاپپار قازى بۈگۈنكى سوراقتا ئۇتۇش ئۈچۈن زور ئۈمىد بىلەن "دو" چىققانىدى. ئۇلار ئىت بولدى. قۇرباننىڭ ئەل ئىچىدىكى ئىناۋىتىدىن كۆپ پەخىرلەندىم.
قۇربان تەمكىنلىك بىلەن مەھجۇرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى ۋە پىسەنتسىزلەرچە بىر كۈلۈپ جاۋابەن:
— ياقەي، بۇ ھەر بىرلىرىنىڭ ئىناۋىتى، ئادالەتنىڭ ئىناۋىتى. ئاتام بىلەن ئاكام ئاق شەھەردە بىگۇناھ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن، ئىككىلىرى ئەتەي بېرىپ، نەزىر-چىراغلىرىنى تۆكتىپ قايتىپ كېلىشىپتىلا. ئانامنىڭ ۋاپاتىدىمۇ شۇنداق قىلىشىپتىلا. مەن ئىككىلىرىنىڭ بۇ ياخشىلىقلىرىنى قانچە قىلساممۇ قايتۇرۇپ بولالمايمەن. بۈگۈن ھەر بىرلىرى باشپاناھ بولغانلىقلىرى ئۈچۈن قازىخانىدا يۈرىكىم پۇتۇن، كۆڭلۈم توق تۇردى. تاغ باغرىنىڭ پەلەمپەيلىرى بولغىنى ئۈچۈن شارقىراتما ئاۋاز چىقىرالايدۇ. يار يۆلەنچۈكۈم بولغىنى ئۈچۈن زۇلۇم تۈگمىنى كولىسىدىن پۇتۇن چىقىپ كېلىۋاتىمەن.
— يارايسىلا يىگىت، جىڭغا ئۆلتۈرىدىغان سۆزلەر...
مەھجۇرى قۇرباننى ماختاپ، دولىسىنى يېنىك بېسىپ قويدى. ئارقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، دوستلىرىنىڭ ئالدىغا داستىخان يايدى ۋە دېدى:
— بۈگۈن ناشتىدىن كېيىن قورسىقىڭلارغا بىر نېمە يېگۈدەك ۋاقتىڭلار بولمىدى، ئاۋۋال قورساقنى غەملەپ، ئاندىن سۆزلىشەيلى.
— ياق، — دېدى شاھسەنۇبەر جاۋابەن، چاقچاقفا يۆلەپ، — غىزانى

ياسىنى باشلىۋېلىپ لالە ۋە ئۇنىڭ كىچىك ئاپىسىنى يوقلاپ باردى.
ئۇلار قورۇ ئىچىگە كىرگەندە لالەنىڭ كىچىك ئاپىسى ساقىسىز بولۇپ قالغانلىقىنى ساراي ئۆينىڭ سۇپىسىدا كۆزىنى يۇمۇپ ياتقانىدى. ئىككىيلەن موماينىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى، قۇربان بوش ئاۋازدا:
— كىچىك ئاپا، مەن كەلدىم ... — دېدى.
قۇرباننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، موماي كۆزىنى ئاچتى ۋە بويىنىنى ئاستا قۇربان تەرەپكە بۇراپ:
— ھە، سەن كەلدىڭمۇ، بالام ... — دېدى موماي ۋە نۇرسىز كۆزىدىن ئاققان قورۇق يېشىنى چوكىدەك بولۇپ قالغان بارماقلىرى بىلەن ئاستا ئېرتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:
— ھەي ... "جاپاسى بار، ۋاپاسى يوق ئالەم"، سەنزە، ئوغلۇم، ئۆزۈككىنە بىر كۈن ئارام خۇدا يۈرەلمىدىڭ. يا بىزگە ئاراملىق يوق. ئاتاڭ پەلەك ئۇستام قېنى؟ ئاناڭ قېنى؟ ئاكاڭ قېنى؟ ئۆلۈمنىڭ نۆۋىتى ئەمدى ماڭا كەلدى. ئەزرائىل ئەنە تونۇكۈمدىلا ماراپ تۇرىدۇ. بۈگۈنمۇ، ئەتىمۇ، مۆرىتى ئۇزاق ئەمەس. سەن بولساڭ نەلەردە يورغىلاپ يۈرۈيسەن. بىزنىڭ كۈشەندىمىز ئازمۇ؟ مەن لالەدىن قانداق خاتىرجەم بولالايمەن؟ مېنى خاتىرجەم خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتكىلى قويغىن، بالام. ئەمدى مەن ئاخىرەتنىڭ، ئۇ دۇنيانىڭ ئادىمى...
موماينىڭ كۆز چانقىدا ياش مۇنچاقلىرى پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ، ھازىر يۈرەك ئارمىنى ۋە ئىچ پىغانىنى تۆكۈۋالغانىدى. قۇربان ئۇنىڭ سۆزىگە پۈتۈن دىققىتى بىلەن قۇلاق سالاتتى. موماي ئاخىردا يەنە جىكىلەپ:
— ئوبدان ئاڭلىغىن بالام، كۆزۈمنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا دەرھاللا ئىشىڭلارنى بىر پۈتتۈرۈۋەتسەم دەيمەن. ئەمدى يەنە ئارقىغا سوزغىلى بولمايدۇ. لالە بىلەن ئۇنىڭ بولغۇسى قىز قولداش دوستى باغنىڭ ئىچىدە. سەن كىرىپ ئۇلار بىلەن توينىڭ ۋاقتىنى پۈتۈش...
— بولىدۇ، كىچىك ئاپا .. خاتىرجەم بولسىلا، ئۆزلىرىنى ئايىسىلا،

— شۇنىڭ ئۈچۈن، — دېدى قۇربان ئارقىدىنلا، — مەنمۇ قىزىقىدا ئاپپاقنى يەنە بىر قېتىم چېلىشىشقا تەكلىپ قىلايمىكىن دەيمەن. بۇ چېلىشىش نورۇز سەيلىسىدە ئەمەس، بەلكى قېيىردىكى ئەيسا گۇمبەز چوققىسىدا بولىدۇ. بۇ توغرىدا ئەيسا گۇمبەزنىڭ ئىنىسى مۇزەپپەر بىلەن پۈتۈشۈپ، قەسەم ئىچىشىپ قويغانىدىم.

قالغانلار قۇرباننىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، بىر مەھەل ئۈيلىنىپ كېتىشتى، ھېچكىم ئالدىراپ لام-جىم دېمىدى. بىر ئازدىن كېيىن شاھسەنۇبەر ئېغىز ئېچىپ:

— ئانداقتا، قاچان، قانداق يولغا چىقىش كېرەك؟ — دېدى.

— ئۇنى خانئامبال بىلەن سېيىت ھېكىم بەگ قارار قىلىدۇ. ئۇلار ھازىر ئۇششۇك ھەرىسى بولۇپ قالدى. ھامان بىر كۈنى ماڭا چېقىلىدۇ. ئۇنىڭغىچە مەن يەنە دوستۇم ياسىن بىلەن بىللە تۆمۈرچىلىك ھۈنىرىنى داۋام قىلدۇرۇپ تۇرىمەن. بۇ قېتىم باشقىنى قويۇپ، خاس قورال ياسايمەن. ياساپ بولغانلىرىمنى ئۇدا سىلىگە يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرىمەن، — دېدى قۇربان ھاياجانلىنىپ.

— قېيىرغا لالەمۇ بىللە بارامدۇ؟ — دەپ سورىدى شاھسەنۇبەر.

— بىللە بارىدۇ. لېكىن، ئۆز خاھىشىغا باغلىق...


## 9

مۇشۇنداق چاغلاردا قۇرباننىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان، يۈرىكىگە ئىللىقلىق بېرىدىغان بىردىنبىر ۋاپادارى يەنىلا شۇ، — لالە ئىدى. ئۇنىڭ مۇھەببەت رىشتىسىمۇ، ھايات-ماماتلىق تەقدىرىمۇ، قايغۇ-شادلىقىمۇ ئۇنىڭغا باغلانغانىدى.

شۇ ۋەجىدىن، مەھجۇرىنىڭ ئۆيىدە بولغان مەخپىي قارارنى لالەنىڭ سەمىگە سالمىغىچە قۇرباننىڭ كۆڭلى تىنمايتتى. ئۇ بۈگۈن ئاشۇ نىيەتتە

بىلەن مۇڭداشتۇق، .موماي تىلەك-ئارزۇلىرىنى ئوچۇق قويىدى. لېكىن، سىز بىلەن پىنھان سۆزلىشىدىغان بىر مۇھىم ئىش بار ئىدى. يۈرۈك ئىككىمىز ئايرىم...، — دېدى.

قۇربان بىلەن لالە باغنىڭ نېرىقى بۇلۇڭىغا كېتىپ سىرداشتى. يىگىت قولدىشى بىلەن قىز قولدىشى خېنەگۈلى يېنىدا سۆزلەشتى...



ئاللا شىپالىق بېرىپ قالار...
قۇربان ئۇرنىدىن تۇردى-دە، ياسىننى باشلىۋېلىپ، يان ئىشىك ئارقىلىق باغقا كىردى.
باغدىكى قويۇق يوپۇرماقلىق ئۆرۈك شاخلىرى ئالا-سېرىق بولۇشقا باشلىغان غورىلىرىنى كۆتۈرەلمەي ئېگىلىپ كەتكەنىدى. باغ چۆرىسىدە قاتار ئۆستۈرۈلگەن ھەر خىل گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى باھار قۇشلىرىنى مەست قىلاتتى.
ئىككى يىگىت ئۆرۈكلەرنىڭ ئېگىلگەن شاخلىرى ئارىسىدىن سۈڭگۈپ ئۆتۈپ، باغنىڭ بۇلۇڭ تەرىپىدە خېنە گۈلى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان ئىككى قىزنىڭ قېشىغا باردى. قىزلار بۇ تۇيۇقسىز ئۇچرىشىشتىن ئوڭايسىزلىنىپ، قىزىرىپ كەتتى.
قىزلارنىڭ ھەر ئىككىسى باشلىرىغا قىزىلگۈل باسقان دوپپا، ئۇچىلىرىغا سۆسۈن رەڭلىك يالاڭ چەكمەن جىلىتكە ۋە گۈللۈك شاتىۋا كۆڭلەك كىيىشىۋالغانىدى. قوللىرىغا قويۇلغان قىزىل خېنە گويا چوغلۇق گۈلدەك جىلۋىلىنىپ، كۆزنى قاماشتۇراتتى. ئۇلارنىڭ تىزىغىچە ئېگىزلىكتە ئۆسكەن قىزىل بوغۇن، سۆسۈن گۈللۈك خېنە ئۆسۈملۈكى قىزلارنىڭ سىياقىغا تېخىمۇ گۈزەل ھۆسن قوشقانىدى.
قۇربان قىزلار بىلەن سالاملىشىپ بولۇپ چاقچاق تەرىزدا:
— قىزلار ئۇچۇن قىزىلگۈلدىنمۇ بەك خېنە گۈلنىڭ ئەھمىيىتى بولىدىغانلىقىنى بۈگۈن مانا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، — دېدى.
لالەمۇ دەل قۇربانغا كەلتۈرۈپ قامچا سالدى:
— يىگىتلەر ناغدا يۈرسە، قىزلارغا خېنە گۈلدىن باشقا ئەھمىيەتلىك بولىدىغان يەنە نېمە بولاتتى؟
لالەنىڭ جايىدا كەلگەن چاقچىقى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى. كۈلكە توختىغاندىن كېيىن، قۇربان رەسمىي پاراڭغا كۆچۈپ:
— مۇندىن كېيىن ناغدىمۇ، باغدىمۇ بىللە بولىمىز. ھېلى موماي

— بولىدۇ، مانا بىز، ھازىرلا ...

قۇربان دەرھال دۇكاننى تاقىدى ۋە لالە بىلەن بىرلىكتە ساقساققا قاراپ ئالدىراش يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە مومايىنىڭ بېشىدا ئىنىسى قادىر قاراپ تۇرغان ئىدى. قۇربان ئۇڭ قولىنى مومايىنىڭ پېشانىسىغا قويۇۋېدى، موماي ئەندىكىپ، كۆزىنى ئاستا ئاچتى ۋە ئۈزۈپ-ئۈزۈپ سۆزلەشكە باشلىدى:

ئوغلۇم ... ، قىزىم لالە ... بۇگۈندىن ... باشلاپ ... ساڭا قالدى ... قالغان ... ئىشلارنى ... ئۆزۈڭ ... بىل ...

موماي ئاندىن لالەگە قارىدى ۋە كۆچەپ تۇرۇپ دېدى:

— قىزىم لالە ... داداڭ ... ئاپاڭنىڭ ... ۋەسىيىتى ... بويىچە، سەن ... بۇگۈندىن باشلاپ ... قۇربانجاننىڭ ... ھالال ھەمراھى... ئۇنىڭ ... سىزىقىدىن چىقما...

— ئىنىم ... قادىراخۇن ... قېنى ... سەن؟

مومايىنىڭ بىر تۇققان ئىنىسى قادىراخۇن مومايىنىڭ يېنىغا كەلدى. موماي ئۇنىڭغا:

— ئۆي - بىساتلىرىم ... ساڭا ... مىراس ... قالدى ... قىزىم ... لالەنىڭ ... ھالىدىن ... ياخشى ... خەۋەر ... ئالغىن...

موماي چارچىغاندەك بولۇپ جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ بېشىدا تۇرغانلار كۆزلىرىنى ئۆزمەي ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. موماي كۆزىنى يۇمۇۋالغانىدى. لالە بېرىپ بىر چىنە سوغۇق سۇ كەلتۈردى-دە، مومايىنىڭ قۇرۇپ كەتكەن ئېغىزىغا سۇ تېمىتتى. بىر ئازدىن كېيىن، ئۇ يەنە كۆزىنى ئېچىپ:

— قىزىم لالە، گۈلچىمەن قۇچىن خېنىمغا ياساپ بېرىۋاتقان لەيلىگۈل دورىسىنى ئۈكسۈتۈپ قويمىغىن ...، — دېدى.

موماي گېپىنى تۈگىتىپ بولالمايلا بىردىنلا بوشاپ قالغاندەك بولدى. موماي كۆزىنى بىر يۇمغىنىچە قايتا ئاچمىدى.

مومايىنىڭ ئىنىسى قادىر، ياسىن ئوقۇپ، دېمىدە ئىچۈردى. مومايىنىڭ

## ئالتىنچى باب

# يېڭى پاجىئە

### 1

لاله بىلەن قۇربانىنىڭ ئۆرۈك تۈۋىدىكى تەنھا سۆھبىتى يەنە شۇ "سۆيگۈ داۋىنى"غا قارىتىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىنى، ماڭىدامدا بىر قىسمەت كۆلەڭگىسى توسۇپ تۇراتتى. تۇتقۇن، ھىجران، جەڭ، ۋىسال سەۋداسى ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى ئەسىر قىلغانىدى.

لاله ئۈچۈن كىچىك ئاپىسىنىڭ ئاغرىق-نىمجان ھالىتى بىر بويۇنتۇرۇق ئىدى. ئۇنى تاشلاپ كېتىشكە كۆزى قىيمايتتى. ئاشۇ ۋەجىدىن قۇربان ۋاقتىنچە تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدا پاناھلىنىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى.

ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتكەن بولسا كېرەك، بىر كۈنى قۇياش چۈشتىن قايرىلغان مەھەلدە لاله ئۇشتۇمتۇت دۇكانغا كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۆكسۈلە چىرايىغا قاراپ، قۇربانىنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى.

— كىچىك ئاپام ئۆزگىرىپ قالدى، بولۇڭ! — دېدى لاله كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا.

— مۇبادا ياخشى كۆڭنىڭ يامىنى بولۇپ قالغۇدەك بولسا بىز قېيىردى-
كى ئاغىنەم مۇزەپپەرنىڭ قېشىغا كېتىپ، پاناھلىنىپ تۇرساقمىكىن دەيمەن.
بىزنىڭ بۇ يەردە كۆشەندىلىرىمىز كۆپىيىپ قالدى، تارتىشىدىغان ئۇرۇق-
تۇغقانلىرىمىزمۇ قالمىدى. بۇنىڭغا مەھجۇرى بىلەن شاھسەنۇبەرمۇ قوشۇل-
دى، قانداق دەيسىز؟ — دېدى.
لالە ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى.
ئەتىسى موماينىڭ ھۆرمىتىگە لايىق نەزىر بېرىلىپ، جامائەت رازى-
رىزا بولۇپ تارقاشتى.
قۇربان بىلەن ياسىن قولىرىنى بوشىتىپ، ئەمدى ئۇھ دەپ تۇرۇشىغا
دەرۋازا ئالدىدا بىر قانچە چېرىك پەيدا بولدى. ئۇلار قۇربان بىلەن ياسىننى
چاقىرتىپ، ئۇلارغا خانئامبالنىڭ يارلىقىنى جاكارلىدى:
"قۇربان بىلەن ياسىن باشباشتاقلىق بىلەن ئاغدىن شەھەرگە كېلى-
ۋالغان. ھازىر ئۇلار ئۇگەن دەرياسىدىن چېرىك ئۆستىڭىگە سۇ چىقىرىش
ھاشىرىدا ئىشلەپ جىنايىتىنى يۇسۇن، يارلىق دەرھال ئىجرا قىلىنسۇن".
يارلىق ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، قۇربان كۈلۈمسىرەپ لالەگە قارى-
دى ۋە مەردانە قىياپەتتە:
— لالە، غەم قىلماڭ، بىز تىرىك بولساقلا كۆتكەن كۈنلەر ھامان
كېلىدۇ. خوش بىز كەتتۇق! — دېدى.

## 2

شىمالدىكى مەشھۇر مۇزتاغ ئاتا تاغلىرىنىڭ ھاياتلىق ھەدىيىسى بولغان
ئۇگەن دەرياسى — نۇرغۇنلىغان ئېقىنلارنىڭ بىرىكمىسى ئىدى.
ئۇ، سانسىزلىغان ئېگىز-پەس تاغلارنىڭ باغرىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ،
جەنۇبىي ئويمانلىقتىكى بىپايان تۇزلەڭلىكنىڭ باغرىنى قاندۇرۇپ، ياپيېشىل
بوستانلىقلارنىڭ ھاياتلىق مەنبەسىگە ئايلانغانىدى. مەشھۇر كۈسەن مەدەنى-

بەدىنى مۇزلاشقا باشلىغانىدى، ئاماز دېگەرگە يېقىن ئۇ تىنىقىدىن توختىدى. ئۆي ئىچىدە يىغا-زار كۆتۈرۈلدى.

ئەتىسى بامدات نامىزىغا ئۇلگۇرتۇپ ساقساق خانىقاسىدا مومايىنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ، دەپنە قىلىندى. بىر ھەپتىگىچە ئۆلۈم پەتىسى ئۈزۈلمىدى. گۈلچىمەن فوچىن خېنىمنىڭ ئالاھىتەن قارىلىق تۇتۇپ، ئۆلۈم پەتىسى قىلىپ كەلگىنى مەھەللىنى ھەيران قالدۇرغانىدى. ئۇ، ئۆزى كېسەل بولغىنىغا قارىماي پەتىگە كېلىپ مەرھۇمنىڭ ھۆرمىتىنى قىلغانىدى. ئۇنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان قۇربان ئۇنىڭغا يىراقتىن قاراپ قويۇپتى. گۈلچىمەن خېنىم لالەنى يېنىغا تارتىپ قۇلىقىغا: "قۇربان شۇمۇ" دەپ پىچىرلىدى. لالە تەستىقلاپ باش لىڭشىتتى. گۈلچىمەن خېنىم ئارقىدىنلا:

— كېلىشكەن، قاۋۇل ئوغۇل ئىكەن. ئىشلىرىڭغا مەن ئىگە بولىمەن. ھېلىقى دوراڭنى مۇندىن كېيىنمۇ ئۆكسۈتۈپ قويماي يەتكۈزۈپ بەرگىن قىزىم، يەنە بىر ئىشنى سەمىڭگە سېلىپ قوياي: ئاڭلىسام سېيىت ھېكىم بەگنىڭ ئوغلى تاش ماڭقا ساڭا قارا ساناپ، يولۇڭغا قاپقان قويماقچى بولۇپ يۈرگىدەك، ئۇنىڭ پەيلىدىن ھەزەر قىل؛ لېكىن، قورقما. ھەرقانداق گەپ بولسا ماڭا ئۇچۇر بېرىپ تۇر، مەن ئەمدى كېتەۋالاي، بۇنىڭدىن زىيادە تۇرسام كېسىلىم قوزغىلىپ قالىدۇ، خەير-خوش قىزىم ...، — دېدى.

گۈلچىمەن خېنىمنى نۇرغۇن كىشىلەر دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. ئادەملەر شالاڭلىشىپ قالغان چاغدا، لالە ھېلى گۈلچىمەن خېنىمدىن ئاڭلىغانلىرىنى قۇربانغا ئېيتتى. قۇربان لالەنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:

— بىز گۈلچىمەن خېنىمغە رەھمەت ئېيتساق بولىدىكەن. ئۇ بىزدىنمۇ سەگەك ئىكەن. رەھمەتلىك كىچىك ئاپىمىزمۇ ۋەسىيىتىدە بىزنىڭ كېيىنكى يولىمىزنى ئوچۇق يورۇتۇپ بەردى. دېمىسىمۇ، بىزنىڭ بىگۇناھ تارتىۋاتقان ئازابلىرىمىزدىن خۇدانىڭمۇ تەسىرلىنىدىغان مۆرتى كېلىپ قالدى، — دېدى.

قۇربان بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ئۆستىدە يۇمىلىتىپ قىيناپ ئاللا تووۋا دېگۈزۈلەتتى.

زېمىستان قىش كۈنلىرىدە بولسا بۇنداقلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئاچلىق ۋە قىيناقتا پايلىماي ئۆلۈپ كېتەتتى. چەۋىر تېغىنىڭ باغرىدىكى قۇم دۆۋىلىرى ئاشۇ بىگۇناھ مەھكۇملارنىڭ قەبرىستانلىقىغا ئايلىناتتى. تاغ باغرى-دا كىشىنىڭ تېنىنى ئەيمەندۈرۈپ ھۇشقۇيتۇپ پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان سوغۇق شاماللار بۇ بىگۇناھ مەھكۇملار روھى-ئەرۋاھلىرىنىڭ ئۇ دۇنيادىكى نالە-زارىغە ئوخشايتتى. لېكىن، ھاشار نازارەتچىلىرى — مىراپ بەگ ۋە چېرىكلەر بولسا چېدىر-بارگاھلىرى ئىچىدە ئەيش-ئىشرەت سۈرەتتى. تەق-دىرنىڭ بۇ ئادالەتسىزلىكىدىن تىرىكلەر پەندىيات قىلاتتى ۋە لەنەت-نەپرەت ياغدۇراتتى. ئەل ئىچىدە بۇ كۆلپەت-ئازابلارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇنداق قوشاقلار پەيدا بولغانىدى:

چاياندىنمۇ بەك يامان،
"چېرىك ئۆستەڭ" چېرىكى.
بۇنداق ئازاب تارتسۇنمۇ،
ئادەم-ئىنسان تىرىكى.

ئۆگەن سۈيى كېلىدۇ،
يەتمىش ئەگىم ئايلىنىپ.
تايغان نېرى بولمايدۇ،
بېشىمىزدا قادىلىپ.

ئۆگەن دەريا سۈيىگە،
قوشۇلدى قان-يېشىمىز.
قامچا تېگىپ يېرىلدى،
پۇت-قولىمىز، بېشىمىز.

يېتى ئاشۇ ئانا دەريانىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىپ ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى. قەدىمكىلەر ئۇنى "ئىلاھىي دەريا" دەپ ئاتاشقانىدى. ئۇ توغرىسىدا كىشىلەر ئارىسىدا تىلدىن تىلغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان مۇنداق بىر رىۋايەت ئۇنىڭ كەچمىشىنى ئەسلەتكەندەك قىلاتتى: "زۇلمەت تەڭرىسى ئۇنىڭ مېڭىش يولىنى توسۇش ئۈچۈن ئالدىغا چەۋىر ۋە شالدىراڭ تاغلىرىنى تاشلىغان ئىكەن. يورۇقلۇق تەڭرىسى ئۇنىڭغا خەيرخاھ بولۇپ، بۇ تاغلار تەكتىدىن يول ئېچىپ بېرىپ، ئېقىنىنى راۋانلاشتۇرۇپتۇ..."

بىراق، بۇ دەريا ۋادىسىدا يارىتىلغان تارىخىي رېئاللىق كىشىنى رىۋايەتكە قارىغاندا تېخىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى: مۇزىكا پىرى سۇجۇپىنىڭ دىللارنى تىترىتىدىغان كۈيلىرى ئاشۇ دەريا شاۋقۇنىغا تەقلىد قىلىنىپ، يارىتىلغانىدى. ئىلگىرى ئۆتكەن شائىرلارنىڭ نۇرغۇنلىغان سۆيگۈ داستانلىرىمۇ ئۇنىڭ ساھىلىدا يېزىلغانىدى...

ئۆگەن دەرياسى، چەۋىر تېغىنىڭ غەربىدىكى ئۈزۈلگەن ئاخىرقى نۇقتىسىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئۇچۇقچىلىققا چىقاتتى.

ئاشۇ ئايلانمىنىڭ بېنىدىن "چىرىك ئۆستەڭ" دەپ نام ئالغان بىر چوڭ ئۆستەڭ چېپىلغانىدى. ئۇ، غەربتىن شەرققە قاراپ ئون نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقنى بېسىپ، ئاق شەھەرگە ئېقىپ باراتتى.

ئۆستەڭنىڭ "ئېلىش" دەپ ئاتىلىدىغان باشلانما نۇقتىسىدا دەريا سۈيى پەس، ئۆستەڭنىڭ ئورنى ئېگىز بولۇپ، دەريادىن سۇ چىقىرىش مۇشكۈل ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈندۈزى چاپسا، كېچىدە قۇم تىنىۋېلىپ، ھاشارچىلارنىڭ جېنىنى قىينايتتى. "چىرىك ئۆستەڭ ھاشىرى" دەپ ئاتالغان قانلىق ھاشار دەل مۇشۇ يەردە بولاتتى. مەجبۇرىي تۇتقۇن قىلىنغان نەچچە يۈزلىگەن دېھقان ھاشارچىلار قىش-ياز، كېچە-كۈندۈز بۇ يەردە ئازابلىناتتى. ناچار تۇرمۇش دەستىدىن زەئىپلىشىپ، قۇرۇپ قاقشالغا ئايلىناتتى. ناۋادا ھاشاردىن بىزار بولغان ياكى قاچقانلار تۇتۇلۇپ قالسا ئېغىر قىيىن-قىستاققا قالاتتى. بۇنداق بىتەلەيلەر يالىڭاچلىنىپ شوخا تىكەن

— كۆرۈۋاتامسەن دوستۇم، بۇ پىشكەل تەقدىرنى، بىز ھازىر بۇقا تۇرمەلگە باغلاپ قويۇلغان سۇ كالىسى. ھامان بىر كۈنى بۇ يەردە ھالاك بولۇپ كېتىشىمىز مۇمكىن. ياق، ياق ... بۇنداق ئۆلۈپ كېتىش ئوغۇل بالىغا لايىق ئىش ئەمەس، سۇ كالىسىمۇ مۆكۈشنى بىلىدۇ-دە، بىز يارائقۇ-چىمىزدىن ئاغرىنىشقا ھەقلىق ئەمەس،قانداق‌يارىلىش ئۆزىمىزگىلاباغلىق...

— چىشىمىزنى چىڭ چىشلەپ، — دېدى ياسىن، دوستىنىڭ پىكرىگە جاۋابەن، — بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈپ تۇرايلى. زادى بولمىغاندا ساقساقتا تۇزگەن پىلانىمىز بويىچە ئىش كۆرمەيمىزمۇ؟

— راست دەيسەن ئاغىنە، — دېدى قۇربان، — كۈچ-قۇۋۋەتمۇ، ئەقىل-پاراسەتمۇ بېرىپتۇ. بىراق، بىزدە يەنىلا كەم بولۇۋاتقىنى جۈرئەت ۋە قارامىلىق. بولمىسا بۇ يەردە كۈچىمىزنى بىكاردىن بىكارغا ئۇپرىتىپ بېرىدىغان سۇ كالىسى بولۇپ تۇرىمىزمۇ؟...

قۇربان بىلەن ياسىن ئاشۇنداق سۆزلىشىۋاتقان چاغدا، دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىن بۇقا تۇرمەل تەرەپكە قاراپ ئېقىپ كېلىۋاتقان بىر قانچە ئۇزۇن لىم ياغاچلار كۆرۈندى.

بۇ ياغاچلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى توققۇز-ئون مېتىرچە كېلەتتى. ئۇلەر دەرياسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى "كېپەكچى" تاغلىرى ئارىسىدا ئۆسكەن بۇ قارىغاي ياغاچلىرى، شۇ يەردىكى "بېلىق ئۆتمەس" قايىنىمىنىڭ ئايىغى-دىن دەرياغا تاشلىناتتى. ئۇلار ئېقىپ كېلىپ، ئېچىق بېشىغا كەلگەندە، سۇدىن قىرغاققا سۇزۇپ چىقىرىلاتتى. قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن، ھاشارچىلارغا توشۇتۇلۇپ ئۇردا قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلەتتى.

ھازىر ئېقىپ كېلىۋاتقان ياغاچلار بۇقا تۇرمەل يېنىغا يېقىنلىشىپ قالاي دېگەن چاغدا، قىرغاقتا تۇرغان نازارەتچى ئەتەي قۇربان بىلەن ياسىننىڭ ئېتىنى ئاتاپ ياغاچنى سۇزۇۋېلىپ، قىرغاققا تاشلاشقا بۇيرۇدى.

ئىككىيلەن بۇقا تۇرمەلنى باشقىلارغا قالدۇرۇپ، ياغاچلارنى سۇزۇپ

چەۋىر تېغى ئاستىدا،
ئۆلۈكلەرنىڭ سانى يوق.
"ئۆلسە ئۆلسۇن قاراچۇق"
ئىسمى بار، ئىسيانى يوق.

چېرىك، مىراپلار قۇربان بىلەن ياسىنىنىڭ كۆچتۈگگۈرلۈكىدىن پايدىلانماقچى بولدى ۋە ئۆلارنى زورلاپ دەريا ئىچىدىگە چۈشۈرۈپ، "بۇقا تۇرمەل" باشقۇرۇش ئىشىغا سالدى. بۇقا تۇرمەل، ياغاچتىن ئىككى چېتى ئۇچ پۇتلۇق — ئاچماق شەكلىدە چېتىلىپ، ئوتتۇرا قىسمىغا شاخ-شۇمبا ۋە ئەسكى كىگىز، لاتا-پۇرۇچلار تۇرمەل قىلىنىپ ياسىلاتتى. ئۇنىڭدىن بىر قانچىسى سۇ ئېقىمىغا قارشى قاتارلاشتۇرۇلۇپ، توغرىسىغا تىزىلىپ، هاشارچىلارنىڭ كۆچەپ ئىتتىرىشى بىلەن كۆپچۈپ يۇقىرىغا قايتۇرۇلغان سۇ چېرىك ئۆستىڭىگە كىرگۈزۈلەتتى.

لېكىن، ئارقىسىغا قايتۇرۇلغان سۇ هە دېگەندە بۇقا تۇرمەلگە بېسىم چۈشۈرەتتى. ئۇنى باشقۇرۇۋاتقانلارنىڭ بېلەكلىرىنى تالدۇرۇپ، هالىدىن كەتكۈزەتتى. بەزىدە سۇغا چۆكتۈرۈۋېتەتتى.

هاشارچىلار بولسا، خۇددى سۇ كالىسىغا ئوخشاش، يەنىلا دەريا ئىچىدە چىشىنى چىڭ چىشلەپ بۇ ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. مۇزدەك سۇ ئۇلارنىڭ ئۇستىخانلىرىنى سىرقىرىتىپ، يىلىكلىرىنى توڭلىتىپ، تو-مۇر-تومۇرلىرىنى بىهوش قىلىۋېتەتتى.

بەزىدە ئۇلارنىڭ بەرداشلىق مادارى ئاجىزلاپ باراتتى-دە، ئەجەل ئالدىدا جان تالىشىۋاتقان ئادەمدەك، يۈزلىرى ئاقىرىپ، چالا ئۆلۈك سىياقىغا چۈشۈپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ خىرەلەشكەن كۆزلىرىدىن يېنىۋاتقان قەهر-غەزەپ ئوتچاقلىرى پەلەك چاقىنى ئورۇپ-چېقىشقا بىشارەت قىلاتتى.

مانا شۇنداق شورلۇق مىنۇتلاردا قۇربان ئاغىنىسى ياسىنغا ئاستا پىچىرلايتتى:

# 3

موماينىڭ ۋاپاتى ۋە ئۇنىڭ كەينىدىنلا قۇربانىنىڭ بېشىغا چۈشكەن پالاكەتچىلىك لالەگە هار كەلگەندى. ئۇ بىر نەچچە كۈنگىچە، زەھەر يۇتۇۋالغاندەك كەيپى تۆۋەن، روھى چۈشكۈن بولۇپ يۈردى.

ئەمما، مۇشۇ پېشدىلا نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ جىگەرلىك قىز يەنىلا ئۆزىنى ئاياشنى بىلەتتى. ئۇ، بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ باشقىدىن ئۈمىدلىنىشكە باشلىدى-دە، كەيپىياتى بۇرۇنقى ئەسلىگە قايتىپ، روھى تېتىكلىشىشكە باشلىدى.

لالە كىچىك ئاپىسىنىڭ ۋەسىيىتى ۋە گۈلچەمەن خېنىمغا قىلغان ۋەدىسى بويىچە لەيلىگۈل دورىسىنى هازىرلاش بىلەن مەلىكە بولدى.

كىچىكىدىن تارتىپلا لەيلىگۈل خۇمارى بولۇپ چوڭ بولغان لالە، بۇ گۈلنى ئۆستۈرۈشكە ماھىر ئىدى. گۈلنىڭ تۇزۇش مەزگىلى يېتىپ كەلگەندە، كۆزى قىيماي گۈلنى يىغىپ، سايىدا قۇرۇتۇپ توپلايتتى. ئۇرۇقىنى ئاپتاپقا سېلىپ، قۇرۇتۇپ، دورا-دەرمەك ياسايتتى.

گۈلچەمەن خېنىمنىڭ سۆيىدۈك تۇسۇلۇش كېسىلىگە لالە تەييارلىغان ”لەيلىگۈل دورىسى“ ياخشى ئۈنۈم بېرىپ كېلىۋاتاتتى.

بىر كۈنى ئۇ، دوستى رىسالەت بىلەن بىللە ئۆزى تەييارلىغان دورىنى ئېلىپ گۈلچەمەن خېنىمنىڭ قەسرىگە قاراپ ماڭدى.

ئۇلار كوسەن كېچىكىگە يېقىنلاپ قالغاندى. يەنە بىر دوقمۇشتىن ئۇشتۇمتۇت ئىككى ئادەم چىقىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى. ئۇلارنىڭ بىرى سېيىت ھېكىم بەگنىڭ ئوغلى تاش، يەنە بىرى ئۇنىڭ چاپارمىنى ئىدى.

سېيىت بەگنىڭ بۇ ھاكاۋۇر، سۆلەتۋاز، ئەركە-نايناق ئوغلىنى كىشىلەر ئالدىدا ”تاش بايۋەچچە“ دەپ ئاتاشسا، كەينىدە ”تاش ماڭقا“ دەپ كەمسىتەتتى. تاش بولسا دادىسىنىڭ كىچىككىنە ئەمەلىنى پەش قىلىپ قىنىغا پاتماي يۈرەتتى.

قىرغاقتا تارتىپ بولغاندىن كېيىن قوم ئۈستىدە بىر دەم ھاردۇق ئالدى. لېكىن، دەريا سۈيىنىڭ بىردىنلا ئازىيىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈۋالغان مىراپ ئۇلارنىڭ قىرغاقتا ئۇزۇنراق دەم ئېلىشىغا يول قويمىدى ۋە دەرھال سۇغا چۈشۈشكە بۇيرۇپ ۋالاقلىغىلى تۇردى:

— نېمىگە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشىسەن، سۇنىڭ ئازىيىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈشمەيۋاتامسەن؟ قۇرغاقچىلىقنىڭ دەستىدىن ئاق شەھەرنىڭ بوغدايلىرى تېخىچە سۇ ئىچەلمەيۋاتقىنىنى بىلىشمىدىڭمۇ؟

قۇربان بىلەن ياسىن، مىراپ بەگنىڭ قوپقا توكى تەتۈر ئۆرۈلۈپ، نومۇسقىنىڭ بىگىزدەك ئۇچلىنىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇش-تى ۋە ئۈن-تىنسىز ھالدا بوقا تورمەلىنىڭ يېنىغا كېتىشتى.

دېمىسىمۇ، قەھەتچىلىك، قۇرغاقچىلىق تەڭلا قىستاپ كېلىۋاتاتتى. بۇنداق چاغلاردا مىراپ بەگ زىغىردەك ئەملىنى پىلدەك قىلىپ كۆرسىتەت-تى-دە، يەنىلا ھاشارچىلارنىڭ جېنىغا ۋاي ئىدى. ھاۋارايىنىڭ سەۋەنلىكىمۇ ھاشارچىلارنىڭ بېشىغا ئارتىلاتتى. شۇڭا بۇنداق نىس باسقان كۈنلەردە بىچارە ھاشارچىلار شىمالدىكى مۇزات ئاسمىنىغا كۆز تىكىپ، تەڭرىگە سېغىنىپ دەريا سۈيىنى ئۇلغايتىپ بېرىشنى ئىلتىجا قىلىشاتتى. بۇنداق كۈنلەردە يەنە يېزا-يېزىلاردىن نۇرغۇن دېھقانلار تەڭرىدىن سۇ تەلەپ قىلىش ئارزۇسىدا زاراخەتمە قىلىش ئۈچۈن چۆل تاغ ۋە چەۋىر تاغلىرىنىڭ باغرىغا ئۇلاغلىق، پىيادە دەۋرەپ كېلىشەتتى.

ئۇلار تىلاۋەت داستىخانلىرىدىن ئاشقان نەزىر-چىراغ نېمەتلىرىنى تاۋاق-تاۋاقلاردا كۆتۈرۈشۈپ كېلىپ، بۇ يەردىكى جاپاكەش ھاشارچىلارغىمۇ تارقىتىپ بېرىشەتتى.

بۈگۈن مانا زاراخەتمىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى. لالە بۈگۈن كېلىدىغانغا ۋەدە قىلغانىدى. لېكىن ئۇ، تېخىچە كەلمەيۋاتاتتى. قۇربان تىت-تىت بولاتتى ۋە ئۇنىڭ يولىغا ئىنتىزارلىق بىلەن كۆز تىكەتتى...

— قىزچاق، مەن سىزگە چاپلاشقىنىم چاپلاشقان. ئۆزىڭىزگىمۇ ئايان، مەندە ھوقۇق بىلەن پۇل بار. ھېچكىم قولۇمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بۈگۈن بۇلارنى قويۇپ تۇرۇپ سىزگە بىر ئىشنى ئېيتاي: قۇربانىنىڭ سىڭلىسى زەينەپ نەدە، سىز بىلەمسىز؟ ئۇ، ھازىر بىزنىڭ قولىمىزدا. قۇربان سىز ئۈچۈن كۆيۈپ-پىشىپ يۈرۈپتىمىش. بىز شەرتلىشەيلى، قۇربانىنىڭ سىڭلىسىنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرەيلى، قۇربان سىزنىڭ مېھرىڭىزدىن كەچسۇن. قانداق؟ بۇ شەرتكىمۇ ... قېنى ئۆزىڭىزنى دەڭسەپ ... — دېدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ لالەنىڭ غەزەپ-نەپرىتى قايناپ تاشقان بولسىمۇ تاشنىڭ ئېغىزىدىن زەينەپنىڭ يىپ ئۇچىغا ئېرىشكىنىگە ئىچىدە خۇشال بولدى. قىزلار يەنە بىر قېتىم ئۇلارنىڭ توسۇشلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈشتە ئىلدام قەدەملەر بىلەن يولىغا راۋان بولدى.

لالە بىلەن رىسالەت قەسىر سەيناسىغا كىرگەندە، گۈلچېمەن فۇچىن خېنىم باراڭ ئاستىغا قويۇلغان كارىۋاتتا سەگدەپ ياتقانىدى.

— بۈگۈن تازىمۇ كېچىكتىڭلار قىزلىرىم، — دېدى گۈلچېمەن كۆزىنى ئېچىپ، بېشىغا كېلىپ قاراپ تۇرغان قىزلارغا قاراپ، — تۆت كۆز بولۇپ يولۇڭلارغا ئەجەبمۇ قاراپ كەتتىم.

— خان ئاپا، خاپا بولمىغايلا، — دېدى لالە جاۋابەن، — ئالتۇن بويىلىرى ئامان بولغاي، مەن ئاۋۋال سىلىگە دورىلىرىنى بېرىۋالاي، ئاندىن يولدا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەي. مەنمۇ ئۆزلىرىنىڭ دانا سۆزلىرىگە موھتاج.

گۈلچېمەن خېنىم لالەنىڭ تىلىنىڭ چۈچۈكلۈكى، مۇئامىلىسىنىڭ ئەلەكلىكىگە ئامراق ئىدى، لالە دورى-دەرمەكلىرىنى چېۋەرلىك بىلەن نەگشەپ، پىيالىغا قويۇپ گۈلچېمەن خېنىمغا ئىچكۈزدى. بىر ئازدىن كېيىن گۈلچېمەن خېنىم:

— خۇداغا شۈكۈر، بەكمۇ بىئارام بولۇپ تۇرغانىتىم. بۇ دوراڭ زەپمۇ

— نەگە كېتىۋاتىسلەر؟ — دەپ سورىدى تاش، — قىزلارغا ئاچكۆزلۈك بىلەن قاراپ.

— گۈلچىمەن خېنىمنىڭ قەسرىگە، — دېدى لالە جاۋابەن.

— نېمىشقا؟

— خېنىمنىڭ كېسلىگە راسلىغان دورىنى ئېلىپ كېتىۋاتىمەن.

— مۇنداق دەڭ؟ ھەي، ئۇنى ياشارتىمەن دەپ نېمىگە ئاۋارە بولۇپ يۈرۈيدىغانسىز. ئۇ بەربىر ئۆلەي دەپ قالغان قېرى جادىغۇ، سىزمۇزە، يوق ئىشقا جۇۋايدىكەنسىز، بولدى قىلىڭ، بۈگۈن بىز بىلەن...

لالە تاشنىڭ يامان غەرىزىنى سېزىۋالدى ۋە قەتئىيلىك بىلەن دېدى:

— مۇنداق گەپلەرنى خىلىڭىزغا دەڭ! بىز ئالدىرايمىز، بىزگە كاشىلا قىلماڭ!

— كاچىلىق قىلماڭ قىزچاق. ئاۋۇ سارايدا مېنىڭ تازا ياسىداق خاس ھۇجرام بار. سىلىمۇ ئىككىڭلار، بىزمۇ ... ، يۈرۈڭلار بىرگە...

تاش قىزلارغا سالجىدەك چاپلىشىۋالدى. ھەمراھىمۇ قىزلارغا بېزىرىپ قاراپ تۇراتتى.

لالە بىلەن رىسالەت پەرۋا قىلماي بۆسۈپ ئۆتمەكچى بولۇپ ئالدىغا مېڭىۋىدى، تاش يەنە ئۇلارنى توسۇپ:

— ئالدىرىماڭلار قىزچاقلار، گېپىم تېخى تۈگىمىدى ... نېمىشقا ماڭا مۇنداق بىھۆرمەتلىك قىلىدىغانسىلەر؟ ... — دېدى.

تاش بېرىپ لالەنىڭ قولىغا ئېسىلماقچى ئۇرۇنۇۋېدى، لالە ئۇنى سىلكىۋەتتى.

— قىزچاق، نېمىشقا بۇنچىۋالا شاشلىق قىلىدىغانسىز، قولىڭىزنى تۇتسام مەرىزىم يۇقۇپ قالاتتىمۇ؟

قىزلار ئېرەن قىلماي يەنە بۆسۈپ ئالدىغا ماڭدى. ئەمما تاش بېزەڭلىك قىلىپ، لالەنى ئېرىتمەك بولۇپ دېدى:

تاراپ كەتكەن بۇ سېسىق بۇسنى مەيلەك قانداق ياپالايدۇ. مانا ئەمدىزە تاش ماڭقا كىچىك ئاپىسىنىڭ چاۋىسىنى ئۆزى چىتقا يېيىپتۇ دەڭلار، خوپ بولۇپتۇ. مەيلەك تېخى سورۇنلاردا مېنىمۇ كۆزگە ئىلمايدىغان، ھە دېگەندە ئېغىزىمنى غېرىچلايدىغان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. مەنمۇ بوش كەلمەي، تىقىپ تويغۇزۇپ قويۇۋاتىمەن، — دېدى.

— بىزنى مۇنداق ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىگەنلىكلىرىگە رەھمەت خان ئاپا، — دېدى لالە مىننەتدار بولۇپ، — بىز قايتايلى، ئۆزلىرى ياخشى دەم ئالسىلا، ئۆزلىرىنى ئاسرىسىلا، ئۇنىڭغا-بۇنىڭغا چېچىلىپ ئۇزۇلۇپ قالمىسىلا. رىسالەت بىلەن ئىككىمىز ئەتە زاراخەتىمگە بارماقچى ئىدۇق. شۇڭا بۈگۈن ئىككى كۆڭلۈك دورىلىرىنى ئېلىپ كەلدۇق، بىز كېيىن يەنە كېلىمىز.

— ئۇ يەرگە كىمنى دەپ بارىدىغانسەن قىزىم، ئاپاڭ تېخى يېقىندىلا قازا قىلغان تۇرسا ...

گۈلچېمەن زىغىرلاپ سوراپ تۇرۇۋالدى. لالە گەپ قىلىشقا پېتىنالماي يەرگە قارىۋالدى. بۇ چاغدا رىسالەت سۆز قىستۇرۇپ، قۇربانىنىڭ ئېتىنى چىقاردى. گۈلچېمەن خېنىم دەررۇ ئېسىگە ئالدى-دە:

— ۋاي خۇدايىمەي، ئۇنتۇغاقلىقىمنى قارىمامدىغان، بېرىڭلار قىزلىرىم، كۆرۈپ كېلىڭلار، — دېدى.

گۈلچېمەن خېنىمنىڭ ئىجازىتى بىلەن قىزلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى، ئۇنىڭ ئېسىگە يەنە قانداقتۇر بىر ئىش چۈشۈپ، قىزلارنى دەرھال توختىتىۋالدى ۋە ئۇلارغا:

— كۈن تېخى بالدۇر ئىكەن قىزلىرىم، يېنىمدا جىندەك توختاپ، ئاندىن مېڭىڭلار، يەنە بىزە گۇڭگۇر-مۇڭگۇر قىلىشايلى، مۇشۇ كۈنلەردە ئىچىمگە مۇڭ پاتماي كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا ئادەمگە ئىجىل، گەپكە سېزىك بولۇپ قېلىۋاتىمەن. بىردەم بولسىمۇ ماڭا ھال-مۇڭ بولۇپ بېرىڭلار ...، — دېدى.

ئارام تاپقۇزدى، قولۇڭغا زەخمەت يەتمىگەي قىزىم! — دېدى.

گۈلچىمەن خېنىم خېلى يېنىكلەشكەندەك بولۇپ، بېشىدىكى ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇردى، ئارقىدىن لالەدىن سورىدى:

— قېنى ئەمدى دېگىنە قىزىم، يولۇڭلاردا نېمە ۋەقە بولدى؟

— بولىدۇ خان ئاپا، — دېدى لالە، — يولدىكى ئىشلارنى سىلىگە سۆزلەپ بېرىپ، ئىچىمىزنى بىزە بولسىمۇ بوشىتىۋالايلى...

— لالە يولدا بولغان ئىشلارنى بېشىدىن يىگىنىسىغىچە چالا قويماي، گۈلچىمەن خېنىمغا سۆزلەپ بەردى. رىسالەت ئارىلاپ قوشۇمچە قىلاتتى.

گۈلچىمەن خېنىم ئاڭلاپ بىر كۈلۈپ، بىر تېرىكىپ:

— قارىماڭىزغان، زىدى پەس، دۇقا ماڭلاي ماڭقىنىڭ قىلىقىنىڭ سەتلىكىنى. بۇ نېمىلەرچۇ، ئاشۇنداق دەشنەم يېمىگۈچە قىنىغا پاتمايدۇ. تېخى ھالىغا باقماي ئالەمنى مالەم قىلىمىز دەپ يۈرۈشىدۇ. بۈگۈن تاش ماڭقا زەينەپنى تىلغا ئېلىپ يەتتە جەمەتىنىڭ سىپسىقىنى ئوبدان پاش قىلىپتۇ. بۇ سىرنى مەن ئەمدى سىلىگە دەپ بېرەي: بىچارە زەينەپ كاللىسى ئېلىشىپ قالايماق بازاردا ئايلىنىپ يۈرگەندە، سىپىيت ھېكىم بەگنىڭ دەللە ئاچىسى مەيلىخانىغا ئۇچراپ قاپتۇ-دە، مەيلىخان ئۇنى ئازدۇرۇپ سېپىل ئىچىگە باشلاپ كىرىۋاپتۇ. ئۇ يەردە مەيلىخان باشقۇرىدىغان پاھىشىخانا بار. زەينەپنى شۇ پاسكىنىچىلىققا سۆرەپ كىرمەكچى بولغاندا ئۇ، مەيلەكنىڭ گېپىگە ئۇنىماپتۇ. مەيلەك[1] ئۇنىڭغا تۇيغۇزماي مەست قىلغۇچى دورىنى ئىچكۈزۈپ ... ، ئۇنىڭ ئاخىرىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، قىزلىرىم ... بىر نەچچە كۈندىن كېيىن زەينەپ، بۇ خورلۇققا چىدىماي قېچىپ كېتىپتۇ. زەينەپ قاچقان كېچىسى مەيلەك ئاشنىسى ئۇرچۇنىئا دەيۈزنىڭ قۇچىقىدا ياتقانىكەن. بۇ ئىككى قارا يۈزلەر شۇ كېچىدە تۇتۇلۇپ قاپتۇ.

بۇ ناشايان ئىشلار ئەتىسى قەلئە ئىچىگە پۇر كەتتى. ھەممە يەرگە

---

① مەيلەك — مەيلىخاننىڭ لەقىمى — ئاپتوردىن.

مەرھۇم ئىسھاق ۋاڭنىڭ ئاغىچىسى ئىكەنلىكىمنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويۇشمايدۇ. مېنىڭ قورساق كۆپۈكۈم ئاز ئەمەس قىزلىرىم. قەلئە ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر ئاياقتا ھەيدىگىلى بولمايدۇ. لېكىن، بۇ يەردە ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەن ھايۋانلار خېلى بار. بۇ ھايۋانلار ھارامدىن سېمىرىپ، ئەرشنى چۈشەيدۇ.

— خان ئاپا، سىلى كېسەل يېتىپ تۇرۇپمۇ، — دېدى لالە، گۈلچەمەن خېنىمنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ، — ئاجىز پۇقرالارنىڭ دەردىگە يېتىدىكەنلا، بىز بۈگۈن سىلىدىن تولىمۇ خۇرسەن بولدۇق. سىلىگە كۆپ رەھمەت.

شۇ ئەسنادا مۇلازىم ئاياللار ئۇلارنىڭ قېشىغا شىرە بىلەن غىزا كۆتۈرۈشۈپ كېلىشتى. مۇلازىملار گۈلچەمەن خېنىمغا مەخسۇس ھازىرلىغان سۈيۈق-سەلەڭ تاماقنى ئىچكۈزدى. غىزادىن كېيىن قىزلار گۈلچەمەن خېنىمغا رەھمەت ئېيتىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. گۈلچەمەن خېنىم ئۇلارغا يول بېرىپ.

— ماقۇل قىزلىرىم، ئەمدى ماڭساڭلا مېڭىڭلار، ئىچىممۇ خېلى بوشاپ قالدى. لېكىن، ئۆگۈنلۈككە يولۇڭلارغا قارايمەن. "لەيلىگۈل دورىسى" بۈگۈن لالەنى ئىنتايىن مۇھىم ئۇچۇرغا ئىگە قىلغانىدى. ئۇ، بۇرۇن قەلئە ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى دەپ ھېسابلايتتى. بۈگۈن بولسا ئۇ مەرھۇم ئىسھاق ۋاڭنىڭ تۇل قالغان ئاغىچىسى گۈلچەمەن فۇجىن خېنىمنىڭ ئېغىزىدىن بۇ يەردىكى "دۆلەت كېسىلى"نىڭمۇ داۋالىغىلى بولماس دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى بىلىۋالدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە لالە، رىسالەت ۋە لالەنىڭ تاغىسى ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، چەۋىر تاغلىرى بويىدىكى زاراخەتمىگە قاراپ يولغا چىقتى. كۆسەن ئېقىنىنىڭ كونا كۆۋرۈكىگە ئۇلىشىدىغان يول بىلەن "گۈڭگاڭ سارىيى" ئۇدۇلىغا كەلگەندە، ساراي-داچىلارنىڭ كۆيۈپ بولالماي قالغان جايلىرىدىن تۈتۈن چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈشتى.

گۆلچەمەن خېنىم شۇلارنى دەپ بولۇپ مۇلازىم ئاياللارنى چاقىرىپ غىزا بۇيرۇدى. لالە بىلەن رىسالەت قايتىدىن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇر-دى.

— قەلئەنىڭ سىرتىدىكىلەر، — دەپ سۆزىنى باشلىدى گۆلچەمەن خېنىم، — قەسىر تۇرمۇشىنى راھەت-پاراغەت بىلەن تولغان دەپ قارايدى-كەن. نەدىكىنى ... خەقلەرنىڭ "ھارام ياراشمايدۇ" دېگەن سۆزلىرىگە مانا ئەمدى چىن پۈتتۈم. بۇ يەردىكى مەنسەپ خۇمارلىرى ھارامدىن تىقىلىپ كېتىشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھە دېگەندە بىر-بىرىگە قارا سىنىشىدۇ. بىر-بىرىنىڭ ئورىسىنى كولاپ، قارا نىيەتلىك قىلىشىدۇ. ھېلى مەن سىلىگە دەپ ئۆتكەن مەيلەك دەللىنىڭ ئاكىسى سېيىت ھېكىم بەگ دېگەن ھەممىدىن يامىنى. ئۇنىڭ نەپسى يوغىناپ كېتىۋاتىدۇ. بۇلتۇر ئۇ، ئاق شەھەردە پەلەك ئۇستا بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىنى توغراقلىقتا ئۇرۇپ ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىپ، ۋاڭغا تەۋە نەچچە يۈز قوينى بۇلاپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. بۇ قويلار ھازىر ئاڭلىساق قىپىردا ئىكەن. ئەمدى بولسا پەلەك ئۇستامنىڭ كىچىك ئوغلى قۇربانىڭ پېيىگە چۈشۈپ يۈرۈپتۇ. قۇربانىنى كۆزىدىن يوقاتمىغۇچە ئۇنىڭ كۆڭلى ئارام تاپمايدۇ...

گۆلچەمەن خېنىم سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە لالە ئۇنىڭ لېۋىنىڭ قۇرۇپ كېتىپ بارغانلىقىنى ھېس قىلدى-دە، دەرھال بېرىپ بىر پىيالە سوغۇق چاي كەلتۈرۈپ، گۆلچەمەن خېنىمغا تۇتتى. گۆلچەمەن خېنىم چاينى ئىچىپ تاۋىنغا كېلىۋالغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— باشقا ئادەملەرنىڭمۇ ھوش-كاللىسى بار، قارىمامدىغان، مانا ئەمدى قۇربانىڭ سىڭلىسى زەينەپكە ئاچىسى مەيلىخان ئارقىلىق چاڭگال سالسا، قۇربانغا چاي ئىچۈرگەن قىزغا ئوغلى تاش ئارقىلىق چاڭ سالسا؛ قۇربانىڭ ئۆزىنى بولسا ئۆستەڭ ھاشىرىدا ھالاك قىلىش نىيىتىدە بولسا ... مانا بۇنىڭ قارا چايىدىن نېمە پەرقى بار. ئۇلار ھازىر غوجا ئاكىسى ئورچۇنئانى باشپاناھ قىلىۋېلىپ، ئەھمەت ۋاڭنىمۇ تىرنىقچىلىك كۆرۈشمەيدۇ. مېنىڭ

ئېچىشقا باشلىدى. ئاش ماڭقىنىڭ پاراكەندە سالماقچى بولغانلىقى، گۈلچەمەن خېنىمنىڭ ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىلىرى، زەيىنەپنىڭ تەقدىرى "گۆڭگاكنىڭ ساربىيى"غا ئوت كەتكەنلىكى قاتارلىقلارنى بىر باشتىن سۆزلەپ خېلى ئۇزۇن ھېكايە قىلدى.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى قۇربان لالەدىن چوڭقۇر مىننەتدار بولۇپ، — بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم تىنىدى، يۈرىكىم ئىزىغا چۈشتى. سىز كېلىشتىن بۇرۇنراق شاھسەنۇبەرمۇ كېلىپ بۇ ئەھۋاللارنى يەتكۈزگەندى. مەن ئەمدى ھەممىنى چۈشەندىم. چۈشەنمەستىن بۇرۇن ئادەمنى تەلۋىلىك بىلەن تەزەپ قىينايدىكەن، چۈشەنگەندىن كېيىن ئادەمنى ئەقىل ئىدارە قىلىشقا باشلايدىكەن. ھازىر مېنىڭ ئېغىر بېسىق بولۇپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ، ئەمما مەن سۇ كالىسىدەك گۆمۈش ئەمەس، ۋاقتى كەلگەندە مۆڭگۈشىنىمۇ ئۇقىمەن.

دەل شۇ مەھەلدە شاھسەنۇبەر ئۇلارنىڭ قېشىغا بىر ئادەمنى باشلاپ كېلىپ قالدى ۋە ئۇ كىشىنى تۇرغانلارغا يۇمۇرلۇق بىلەن تونۇشتۇرۇپ:

— بۇ كىشىنى سىلەرگە تونۇشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن باشلاپ كەلدىم. ئىسمى پاسار بەگ، چېرىك ئۆستەڭگە يېڭىدىن تەيىنلەنگەن مىراپ. بىراق، بېگىم بۈگۈن مەست بولۇپ قاپتۇ، — دېدى.

شاھسەنۇبەر ئارقىدىن بىر يوغان تاشنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، پاسار بەگنى ئولتۇرغۇزۇپ قويدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن چېقىشىشقا باشلىدى:

— پاسار بېگىم، ئۆزلىرى ئەھلى مۇسلىم تۇرۇپ، نېمىشقا بۇ ئۇلۇغ ئاي، كۈنلەردە ھاراق ئىچىپ قالدىلا؟

— ھەي، شۇنى دېمەمدىلا، — دېدى ئۇ، شاھسەنۇبەرنىڭ سوئالىغا جاۋابەن، — مەن قۇشتۇرادىكى چېدىرغا ئەمدىلا كېلىپ تۇرۇشۇمغا ئۇ يەردە ھاراق ئىچىشىۋاتقان ئىككى-ئۈچ تايغان ماڭا يامىشىپلا ئالدى-دە، ئاغزىمدىنمۇ، قۇلىقىمدىنمۇ قۇيۇپ مېنى مەست قىلىۋەتتى.

— ئۇلار سىلىگە نېمە دېدى؟

بۇ يەردىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئەيش-ئىشرەت قەسىرلىرى بىر كېچىدىلا كۆيدۈرۈلۈپ، كۈلى كۆككە سورۇلغانىدى. ئوت قويغۇچىلارنى چارلاپ يۈرگەن چېرىكلەر ۋە تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن ئادەملەر ئوت خارابىسىنىڭ يېنىدا ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى:

— خوپ بولدى، — دېدى ياشانغان بىر ئايال، — قەھەتچىلىكتە پۇقرالار كۈنۈم-كۈنۈم ئاچ قېلىۋاتسا، قارنى يامان، ھارام تاماق مەنسەپدارلار بۇ يەردە ئەيش-ئىشرەت سۈرۈشسە خۇدا راۋا كۆرەتتىمۇ؟

— راست ئېيتىدۇ، — دېدى بىر چال ئۇنىڭ كەينىدىنلا سۆز قىستۇرۇپ، — پۇقرالار ئۆلەي دەۋاتسا، غوجاملار بۇ سارايلىرىدا كۆڭۈل ئېچىشىدۇ، ھاشارغا تۇتۇپ كېتىلگەن ئادەملەرنىڭ خوتۇن-قىزلىرىنى بۇ يەرگە ئېزىقتۇرۇپ ئېلىپ كېلىپ، ئاياغ ئاستى قىلىشىدۇ، بۇ نېمە دېگەن چېكىدىن ئاشقان كۇپۇرلۇق، ھە...

لالە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى چېرىكلەرنىڭ ئۆتكەن-كۆچكەنلەرنى تىمىسقىلاپ يۈرۈشكىنىنى كۆرۈپ، بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرماي يەنە ئۆز يولىغا راۋان بولدى.

قۇياش بىر ئارغامچا بويى ئۆرلىگەن چاغ ئىدى. ئۇلار چەۋىر تېغىنى بويلاپ مېڭىپ دەل چۈش پەيتىدە چېرىك ئۆستەك بويىغا يېتىپ باردى.

ئۇگەن دەرياسىنىڭ غەربىدىكى كەنتلەردىن كەلگەنلەر چۆل تېغى باغرىدا، شەرقىي كەنتلىرىدىن كەلگەنلەر چەۋىر تېغى باغرىدا داشقازانلىرىنى ئېسىپ، زاراختىمە تىلاۋەتلىرىنى بەجا كەلتۈرمەكتە ئىدى.

لالە بىلەن رىسالەتنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، قۇربان بىلەن ياسىن خۇشاللىقىدا قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ، قىرغاققا يۈگۈرۈپ چىقىشتى-دە، كىيىم-كېچىكىنى يەڭگۈشلەپ، دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

قىزلار ساقساقتىن ئەتەي تەييارلاپ ئېلىپ كېلىشكەن نان-توقاچ ۋە كىيىم-كېچەكلىرىنى قەدىردانلىرىنىڭ ئالدىغا قويدى. قۇربان بىلەن ياسىن غىزالانغاندىن كېيىن، لالە شەھەر ئىچىدە ئاڭلىغان، كۆرگەنلىرىدىن سۆز

قادىر ئاخۇن قايتىپ بېرىپ، ئارغىماقلارنى ھازىرلاپ قويسۇن، قالغان ئىشلىرىمىز ئاۋۋالقى مەسلىھەتىمىز بويىچە بولۇۋەرسۇن. خەير-خوش ...، — دېدى.

ئۇلار خوشلىشىپ ماڭغاندا لالە بىلەن قۇربان بىر-بىرىگە تارتىشىپ دەريا ساھىلىدا بىرنەچچە مىنۇت تەنھا قالدى. لالە بىر داكا خالتىغا سېلىپ كەلگەن بىر تۇپ لەيلىگۇل نوتىسىنى چىقىرىپ قۇربانغا سۇندى ۋە:

— بۇ يۈرىكىمنىڭ سوۋغىسى، — دېدى.

لالە يۈرەك سوۋغىسىنى قۇربانىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ بولۇپ، ھەمراھلىرىغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئۇزاپ ماڭدى.

قۇربان لەيلىگۇلنى پۇرايتتى، لەۋلىرىگە تەگكۈزەتتى. ئۇ شۇ ئەسنادا گۇلنىڭ قېتىغا قىستۇرۇلغان بىر پارچە كىچىك خەتنى تېپىۋالدى-دە، ئىنتىزارلىق بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى:

ئاردا تام بولمىسا،
يارنى كۆرەردىم پات-پات.
يۈرىكىم قانغا تولۇپتۇ،
لەيلىگۇلدەك قات-قات.

4

بۇگۈنكى نۇسرەتنىڭ ئۈچرىشىشتىن كېيىن قۇرباننىڭ شادلىقى ئىچىگە سىغماي قالدى. ئۇنىڭ قەلبىدە نىجاتلىق چىرىغى يېنىپ، ۋۇجۇدىدا كۈچلۈك جاسارەت پەيدا بولدى. ئۇ، ياسىننى باشلىۋېلىپ بۇقا تۇرمەل يېنىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ، ئۇرغۇپ تۇرغان روھ بىلەن تۆۋەندىكى ناخشىنى ئېيتىپ، ئۆگەن دەريا ساھىلىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى:

— سەن يېگى نازارەتچى بولۇپ كېلىپسەن، سېنىڭ بىلەن بىللە ئىشلىگىدەكمىز. بۇنىڭدىن كېيىن بىز بىلەن كۆپرەك ئىچىشىپ تۇر، كۆڭلۈڭ ئېچىلىپ قالىدۇ ... — دېدى.

— مۇنداق دېسىلە. ھە، راست، ئېسىمگە كەلگەن بىر ئىشنى سورىۋالاي، بۇرۇن نازارەت قىلىدىغان چېرىك، بەگلەر بۇ يەردە كۆپ بولىدىغان، ئەمدى بولسا ئۇلار جىندەك غايىب بولۇپ كېتىشىپتۇ، بۇ نېمە بولغىنى؟

— نېمە بولاتتى، ئالەم ئۆرگىلەي، زامان چۆرگىلەي دەيدۇ. خانئامباللىناڭ خەجلەيدىغان پۇلى يوق، بېشى گاڭگىراپ، يول ماڭسا ھالسىراپ قالدى، كېچە «گوڭگاڭ سارىيى» كۆيۈپ كۆلگە ئايلانغىنىنى بىلمەيۋاتامدىلا، خانئامباللىڭ بېشىدا مىس تاۋاقتا ئوت كۆيۈۋاتىدۇ. شۇڭا ھەممە بەگ، چېرىكلەرنى شەھەرگە يىغىۋالدى. بىر چاتاق چىقارمىكىن دەپ يۈرەك پوك-پوك. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆستەڭ قانچىلىك نېمىدى؟

— راست دېدىلە بېگىم، سىلىگە ئاخىردا بىر ئۆتۈنمىسىم بار. كاتتا ئادەملەرنىڭ قورسىقى ئۆزلىرىنىڭكىدەك كەڭ بولسا نېمە دېگەن ياخشى. يانلىرىدا ئولتۇرغان ماۋۇ ئىككى يىگىت دەريا ئىچىدە بۇقا تۇرمەل باشقۇرۇپ ناھايىتى چارچاپتۇ. ئۇلار بۈگۈن كەچكىچە ئىشلەپ، ئاندىن ئۆيىگە قايتىپ، ئەتە ئەتىگەندە ئىشقا ئۈلگۈرۈپ كەلسە، ئىجازەت قىلىۋەتسىلە، بەك خۇش بولاتتۇق، قانداق دەيدىلا بېگىم، ماقۇل كۆرەرلىمۇ؟

— بولىدۇ، ئىجازەت، ئەتە ئەتىگەندە پەيدا بولسۇن، مەنمۇ بۈگۈن كېچە ئۆيگە كېتىپ، ئەتە مۇشۇ يەردە بولىمەن.

— رەھمەت بېگىم.

شاھسەنۇبەر سۆزىنى تۈگىتىپ پاسار بەگنى خېلى يىراقىچە ئۇزىتىپ قويدى ۋە قايتىپ كېلىپ ئۇلارغا دېدى:

— ئاڭلىدىڭلارمۇ دوستلار، نۇسرەت چىرىغى ئۆزلۈكىدىن ياندى دېگەن مانا شۇ! بىز ئەمدى خوشلىشىپ، ئۆزىمىزنىڭ تەييارلىقىغا ئاتلىنايلى.

قىلسامۇ بولغىدەك، دەپ قالدۇرۇپ قويغانىكەن ...

قۇرباننىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ ھاشارچىلار چارچىغانلىقىنى بىلىشمەي قالاتتى.

ئارىدىن ئىككى-ئۈچ كۈن ئۆتۈپ مۇزاتنىڭ ئۈستىدە قوڭۇر بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ، جەنۇب تامان سۈرۈلۈپ كېلىشكە باشلىدى.

بۇلۇتلار "قىزىل مىڭئۆي" تاغلىرى ئۈستىگە يېقىنلاشقان مەھەلدە، توساتتىن دەريا سۈيى ئۇلغىيىشقا باشلىدى. ئۆگەن دەرياسىدا بىردىنلا دولقۇن ئەۋجىرەپ، سۇلار قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇپ، شىددەتلىك شاۋقۇن پەيدا قىلاتتى. دەريا سۇلىرىغا قوشۇلۇپ كېلىۋاتقان كەلكۈن سۇلار سايرام، قىزىل يېزىلىرىنىڭ قىزغۇچ تۇپراقلىرىنى ئاققۇزۇپ كېلىپ، دەريا سۈيىنىڭ رەڭگىنى خۇن رەڭ تۈسكە كىرگۈزدى.

تەبىئەتتىكى بۇ ئۆزگىرىش، سۇغا بولغان تەشنالىق تىلەكلىرى بىلەن ئۇقتاسىغا كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن سۇ دەردىنى تارتىۋاتقان دېھقانلارنىمۇ، چېرىك ئۆستىڭدىكى ھاشارچىلارنىمۇ خۇش قىلىۋەتكەنىدى.

بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بۇنداق سۆيۈنۈش ھاۋاسىنى مۇسىبەت تۇمانلىرى قاپلىۋالدى-دە، بىر يېڭى قانلىق پاجىئەنىڭ قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشى ئەمدىلا پەرۋاز قىلىشقا باشلىغان شادلىق كەپتەرلىرىنى ئاللىقاياقلارغىمۇ ئۇچۇرۇۋەتتى.

ھاشارچىلار سۇ ئۈستىدە لەيلەپ ئېقىپ كېلىۋاتقان بىر ئۆلۈككە كۆزى چۈشۈپ، ئۇنى يىراقتىن كۆزىتىپ تۇرغانىدى.

ئۆلۈك ئاخىر يېقىنلاپ كەلدى. قۇربان ئۇنى بۇقا تۇرمەل ئالدىدا توختىتىۋالدى. ئۆلۈكنىڭ كىملىكى تېخى نامەلۇم ئىدى.

قۇربان ئۆلۈكنى ياسىن بىلەن بىللە كۆتۈرۈپ، دەريا قىرغىقىدىكى قۇملۇق ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ ياتقۇزۇپ قويدى. ئۇ، بىر مەسۇمە قىزنىڭ جەسىتى ئىدى.

قىزنىڭ يۈز-كۆزلىرى خۇددى نىلدەك كۆكىرىپ كەتكەن، چاچلىرى

زامان ئۆرگىلەي دەيدۇ،
ئالەم چۆرگىلەي دەيدۇ.
ئىچىمدىكى زەرداپ سۇ،
قانغا ئۆرگىلەي دەيدۇ.

ئۆلكەنلەر شېھىت بولدى،
قالغانلار تۇمەن غازى.
يار ۋەسلىگە يەتكەندە،
ساچى يۆرگىلەي دەيدۇ.

ئۇ پات-پاتلا سۇرەن سېلىپ:
— ھەي، سۇ كالىلىرى ... ئوبدان كۆچ چىقىرىڭلار! — دەپ ھەمراھلىرىغا ئۈنلۈك ۋارقىراپ قويىاتتى ھەم گۆمۈش سۇ كالىسىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىپ، ھاشارچى ھەمراھلىرىنى كۈلدۈرەتتى:
— بىر ئىچىرقاپ كەتكەن دېۋە، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى ئۇ، — نۇرغۇن نەرسىلەرنى يەپمۇ قورسىقى پىرىمىلماپتۇ. ئۇ ئۇزۇق ئىزدەپ يۈرۈپ ئاخىر مۇشۇ ئۇگەن دەرياسى بويىغا كېلىپتۇ-دە، سۇنىڭ ئىچىدە سۇ كالىسىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ، خۇشاللىقىدا قورسىقىمنى مۇشۇ گۆمۈش تاپ بىلەن تولدۇرىدىغان بولدۇم، دەپ سۇ كالىسىنىڭ يېنىغا كېلىپتۇ. قارىسا سۇ كالىسىنىڭ بۇرنى سەزمەس، كۆزى كۆرمەس، مۈڭگۈزىمۇ يۇمشاق تۇرغىدەك. دېۋە قىلچە ييتىرقىماي ھاپلا قىلىپ كالىنىڭ بېشى بىلەن مۈڭگۈزىنى قوشۇپ يۇتۇشقا باشلاپتۇ. قارىسا كالىنىڭ ئالدى پۇتى قىمىرلاپمۇ قويمىغىدەك. ئۇنىمۇ يۇتۇپتۇ. كالىنىڭ قورساق قىسمىمۇ تاقاشماي كىرىپ كېتىپتۇ. كالىنىڭ كەينى ئىككى پۇتىغا قارىسا ھەم گۆشسىز، ھەم ئورۇق، سەل-پەل مىدىرلاپ تۇرغىدەك. دېۋە ئۇنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ پىگۇچىلىك پىرى يوق ئىكەن، ئۇنى ئۇسسۇل ئوينىتىپ كۆڭلۈمنى خۇش

بىر ھازا مۇسىبەتتىن كېيىن قۇربان بىلەن ياسىن كۆكۆللىرىنى توختاتتى. قۇم دۆۋىلىرى يېنىدىن بىر يەرلىك قازدى. ئۆزلىرىنىڭ ماتا چاپانلىرىنى كېپەن قىلىپ، جەسەتنى ئوراپ يەرلىككە قويدى.

ئۇلار مەرھۇمەنىڭ باش تەرىپىگە تۆت چاسا قۇم دۆۋىلەپ "توپا بېشى" ياسىدى. ئۇنىڭ قاق ئوتتۇرا قىسمىغا لالە ئېلىپ كەلگەن لەيلىگۈل نوتىسىنى تىكىپ قويدى. قۇربان بىر كۇبلېت مەرسىيە يېزىپ لەيلىگۈل يوپۇرمىقىغا قىستۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

ى نى باشلار كەتتى سەۋدادىن،
بۇ سەۋدا كەتمىدى باشتىن.
چېچەكلەر قان پۇرار، چۈنكى،
ۋىسال ھىجرانى قان-ياشتىن.

قۇربان بىلەن ياسىن قەبرە بېشىدىن ئايرىلغاندا گۇگۇم چۈشكەنىدى. ئۇلار نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى، قوللىرىغا لوم تۆمۈر بىلەن كەتمەن ئېلىشۋالدى.

ئۇلار ئۈن-تىن چىقارماي پىيادە ئاستا يۈرۈپ كەتتى. بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، چېرىكلەرنىڭ "قوشتۇرا" دىكى چېدىر — بارگاھىنىڭ يېنىدا توختىدى. ئۇلار ئۆملەپ بېرىپ، چېدىر ئىچىنى تىڭشىدى. مەست-مەس-تەغرەق بولۇشۇپ، ئۆلۈكتەك ئۇيقۇدا ياتقان چېرىكلەرنىڭ خارتىلدىغان خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئىككىيلەن تېگىرقىمايلا چېدىر ئىچىگە كەتمەن، تۆمۈرلىرىنى كۆتۈر-گەن پېتى بۆسۈپ كىردى-دە، غۇۋا يېنىپ تۇرغان پانۇس يورۇقىدىن پايدىلىنىپ، بەخىرامان غەپلەتتە ياتقان چېرىكلەرنى جايلىۋەتتى. ئاندىن چېدىر بۇلۇڭىدا باغلاقلىق ئىگراپ ياتقان دېھقان ئايلىنى باغلاقتىن بوشات-تى. ئۇ، بۇ يەردە ۋەھشىيلەرچە ئاياغ ئاستى قىلىنغانىدى. ئۇ "چېرىك

چۈۋۈلغان، ئۇچىسىدىكى كۆڭلىكى تىتما-تىتما بولۇپ، بەدەنلىرى ئېچىلىپ قالغان، ھەممە ئەزاسى يارا بىلەن تولغان بولۇپ، تونىغۇسىز ھالەتتە ئىدى.

قۇربان ماتا كۆڭلىكىنى سېلىپ، جەسەتنىڭ ئېچىلىپ قالغان كۆكسى ۋە ئەۋرەت تەرەپلىرىنى يېپىپ قويىدى ھەم چۈۋۈلغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈر-دى.

قۇربان بىلەن ياسىن جەسەتنى كۆتۈرۈپ، چەۋىر تېغىنىڭ يان باغرىدىكى قۇملۇق مازارلىققا ئېلىپ باردى ۋە جەسەتنى سىنچىلاپ تەكشۈ-رۈشكە باشلىدى. جەسەتنىڭ ئوڭ قولىقى كەينىدىكى گۆرەن تۆۋىدە قوناق-چىلىك بىر قارا خال بولۇپ، بىردىنلا ئۇلارنىڭ كۆزى شۇ قارا خالغا چۈشتى. قۇربان ئەجەبلىنىپ ئۆز-ئۆزىگە:

— ھوي، بۇ نېمە گەپ، ئوخشىمۇ-چۈشۈمۇ؟ ئۇ ... ، ئۇ ... قانداقلارچە بۇنداق پېشكەللىككە ئۇچرايدۇ، ھە؟ — دېدى.

ھازىر قۇربانمۇ، ياسىنمۇ بۇ جەسەتنىڭ زەينەپ ئىكەنلىكىنى جەزمە-لەشتۈرگەنىدى. لالەنىڭ بايا يەتكۈزگەن ئۇچۇرىنىڭ چىنلىقىمۇ ئىسپاتلان-غانىدى.

ئىككىيلەننىڭ كۆزلىرىدىن ياش قويۇلۇپ تۇراتتى. قۇرباننىڭ مۇشتى-لىرى تۈگۈلۈپ، چىشلىرى گىچىرلايتتى، ئۇنىڭ ئىككى كۆزىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى ياناتتى، ئۇنىڭ كامالەك شەكلىدىكى قويۇق قاشلىرى تىك تۇرۇپ، خۇددى ئېتىلىش ئالدىدىكى ئوقياغا ئايلانغانىدى.

قۇياش غەربكە پەسىيىپ، كۇسەننىڭ قەدىمكى شەھىرى "ئۇچقات" تامان چۆكمەكتە ئىدى.

ئۇگەن دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى شالدىراڭ تاغلىرى ئۈستىگە، قارا ئىس-تۈتەكلەر پەردە يايغانىدى. يىراقتىكى "بالا بولدى" تاغلىرى ئۈستىدە گۇلدۇرماما توختىماي سۈرەن سالاتتى.

ئادەتتىكى كۈنلىرى يىراقتىن كۆزگە روشەن تاشلىنىپ تۇرىدىغان خانەگىرى چوققىلىرى مانا ئەمدى تۇمانلار كەينىگە يوشۇرۇنغانىدى.

ئۆستەڭ» ھاشىردا ئىشلەۋاتقان ئېرىنى يوقلاپ كېتىۋاتقاندا، چىرىكلەر ئۇنى ئازدۇرۇپ، چېدىر ئىچىگە ئەپكىرىۋېلىشقانىكەن.

قۇربان بىلەن ياسىن ئاۋۋال دېھقان ئايىلىنى مەھەللىسى تەرەپكە يولغا سېلىۋەتتى. ئاندىن چېدىر ئىچىدىن بىرقانچە قورالنى تاللاپ ئېلىپ ئاتخانىغا كىردى-دە، ئىككى يارامىلىق ئاتنى ئىگەرلەپ مىنىپ، ساقساققا قاراپ چېپىپ كەتتى ...





ئېگىدىغان بولدى.

زەينەپنىڭ بۇ، "تىلى شېكەر، دىلى زەھەر" قوشنىسى، مۇئامىلىدىلا توڭلۇق قىلماق تۇگۇل، يوق ئىشلارنى باھانە قىلىپ زەينەپنى بوزەك قىلاتتى. ئۇ، زەينەپلەرنىڭ ئىككى ئېغىز ئۆيىنى ئۇششۇقلۇق بىلەن ئۆز قورۇسىغا قوشۇۋالدى، بۇنى ئاز دەپ دەرۋازىسى ئالدىدىكى ئۇلپاڭغا قۇيرۇق چۆرۈپ، زەينەپنىڭ ئۆتەر يولىنىمۇ توسۇۋالغانىدى.

مەھەللە كىشىلىرى ئارىسىدا "ھانىنات①" لەقىمىنى ئالغان موللەك سوپىنىڭ ئالدىدا ھالال-ھارامنىڭ پەللە-پايانى قالمىغانىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن: "قولغا كىرگەن غەنىيمەت، گالدىن ئۆتكەن غەنىيمەت" ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئۈستىدە مۇنداق بىر قوشاق پەيدا بولغانىدى:

موللەك سوپى ساپ ئەمەس،
بۇ سۆز ھەرگىز لاپ ئەمەس.
يۇتۇپ كېلەر چوڭ تاغار،
ھەرگىز كىچىك قاپ ئەمەس.

دەيدىغانلار بارمىدۇ،-
ئۇنى ھارام تاپ ئەمەس.
ئۇ ھاناتنىڭ قىلىقى،
"تەرىقەت"كە باپ ئەمەس.

مەھەللىدە تارالغان بۇ قوشاق موللەك سوپىنىڭ زىتىغا تەگكەن، زەردىسىنى قايناتقانىدى. ئۇ يەنە كېلىپ، بۇ قوشاقنى"قۇربان تاراتتى" دەپ، ئىچىدە نۇم ساقلاپ يۈرەتتى. شۇڭا قۇربانىنىڭ ئائىلىسىگە كەينى-

---

① ھانىنات — كۆچانىڭ يەرلىك شىۋىسى، قىزىل كۆز مەنىسىدە. — ئاپتوردىن.

## يەتتنچى باب

# بۇ قز نيمشقا ئۆلۈۋالدى؟

توشقاننى قومۇش ئۆلتۈرەر،
ئنساننى نومۇس.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

ئالاقاغا — ئۇجملك مەھەللسدىكى ”قۇشقاچ ئالۋنى“ ماجراسى سادىر بولغاندىن كيين، رەسدە بولۇپ قالغان زەينەپ تىكەندەك يالغۇز قالغاندى.

ئۇ، هازىر هەممدىن مەهرۇم بولغان باشپاناهسز ييتم، ئۇنىڭ ئۇمد چىرىغى ئۆچكەن، كندىك قىنى تۆكۈلۈپ، ئانسىنىڭ ئلللىق باغرىدا ئۆسۈپ ييتلگەن بۇ ماكان ئەمدىلكتە بولسا ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى قاراڭغۇ گۆردەك كۆرۈنەتتى.

بۇرۇنستا پەلەك ئۇستا ”يان قوشنام — جان قوشنام“ دەپ ئاتايدىغان هەقەمسايىسى — موللەك سوپى هە دىگەندە زەينەپكە قىرنچە، يينچە

ئىچىدە، ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەپ.
بۇۋى كۆڭلىدە ئاشۇنداق چوت سوقۇۋالغاندىن كېيىن كۆڭۈل ئېرىتـ-
كۈچى شېرىن سۇخەنلىكى بىلەن سۆز باشلاپ:
— چىرايلىقىم، نەدىن بولىدىلا؟ — دەپ سورىدى زەينەپتىن.
— سەھرادىن، ئالاقاغىدىن...، — زەينەپ ئەيمىنىپ، بۇۋىنىڭ
چىرايىغا يۇقىرى قارىيالماي ۋە پۇتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى.
— قىزىم بۇ يىل نەچچىگە كىردىلە؟
— ئون ئالتىگە...
— ئاتا-ئانىلىرى بارمۇ قىزىم؟
— يوق...
بۇۋى ئاق شايى لېچەكىنىڭ ئۇچىدا زەينەپنىڭ كۆز يېشىنى ئېرتىپ
تۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى ۋە ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ
دېدى:
— ۋاي ئىسىت، مۇنداق دېسىلە قىزىم، بۇ شور پېشانىلىكنى قارىماـ
دىغان....، ھېچقىسى يوق قىزىم، تەقدىرنىڭ ياراتقان بەندىسىگە ئاتا
قىلغان رىزقى ھەر خىل بولىدۇ. ھەرقانداق بىتەلەي بايقۇشقىمۇ ياراتقان
ئىگەم رىزقى نېسىۋىسىنى بېرىدۇ. ئاتا-ئانىسى ئۆلمەيدىغان كىم بار دەيدىلا،
ھەرگىز كۆڭۈللىرىنى مالال قىلمىسىلا. مەن سىلىگە باشپاناھ بولىمەن.
بۈگۈن بۇ يەردە ئىككىمىزنىڭ تەرەپبال ئۇچرىشىپ قېلىشىمىزمۇ تەقدىرنىڭ
ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولغان. سىلىنىڭ رايىش مىجەزلىرى مەندەك دانىش
بۇۋىنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالدى،" رايىش بولساڭ، دانىش يېنىڭدا"
دېگەن سۆز بىكار چىقمىغان دېسىلە قىزىم.
بۇۋىنىڭ شېرىن سۆزلىرى زەينەپنى يۇمشىتىپ، كۆڭلىنى ئېرىتمەكتە
ئىدى. بۇۋى ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ، بازارنىڭ يافىسىدىكى بىر چوڭ
سۆگەت دەرىخىنىڭ سايىسى ئاستىغا ئېلىپ بېرىپ، ئولتۇردى ۋە يەنە
سورىدى:

كەينىدىن كەلگەن بالا-قازا ئۈچۈن ئۇ چاۋاك چالاتتى. ئۇ تېخىمۇ ئىچ قارىلىق بىلەن زەينەپنى ئۆيىدىن قوغلاپ، "ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك" قىلماقچى بولدى. ئەھمەت ۋاڭنىڭ "تەيىنچى" مەپسىنى ھەيدەيدىغان ئوغلى بولسا موللەك سوپىنىڭ كۈچلۈك ھامىيسى ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، يېتىمە زەينەپ بىر قارا پىلاننىڭ چاڭگىلىدا قالدى. پاناھسىز، ۋاپاسىز دۇنيا ئۇنىڭ ئۈچۈن تار زىندانغا ئايلاندى.

ئۇنىڭ نېرۋىسى بۇزۇلۇشقا باشلىغانىدى. كۈندۈزى سۆزلەيدىغان، كېچىسى جۆيلۈيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا ھەر خىل بولمىغۇر خىياللار كىرىۋالاتتى.

باش باھار كۈنلىرىنىڭ بىرى گۈگۈم چۈشۈپ قاش قارايغان چاغدا، زەينەپ ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى.

زەينەپ تېڭىرقاپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە شەھەرگە يېتىپ كېلىۋالدى. بىراق ئۇ، ئۇۋۇچىدىن ئۈركۈپ قاچقان جەرەن قوزىسىدەك تام ياقىلىرىدا بويۇن قىسىپ، غىپچىنىپ يۈردى، ئۆتكەن-كۆچكەنلەرگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا زەن سېلىپ قاراپ قوياتتى. لېكىن ئۇ، ھېيقىپ بىرەرسىدىن ئاكىسىنىڭ ئىز-دېرىكىنى سوراشقا پېتىنالمايتتى.

ئۇ ئاشۇنداق گاڭگىراپ يۈرۈپ بىر كۈنىسى چاشگاھ مەزگىلىدە قېتىق بازىرىغا بېرىپ قالدى، دەل شۇ پەيتتە ئۇنىڭ يېنىدا يۈزىگە ئاق شايى لېچەك-چۈمبەردە تارتىۋالغان، ئۇچىسىغا ئۇزۇن، يېلىڭ قارا پەرىجە چاپان، پۇتىغا مەسە كىيگەن ئېگىز بوي، ئوتتۇرا ياش بىر بۇۋى پەيدا بولدى.

بۇۋى شۇئان ئوڭ قولى بىلەن چۈمبەردىسىنى ئاستا يۇقىرى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ زەينەپنىڭ بويتۇرقىغا، ھۆسن-تەلەتىگە ئىنچىكىلەپ نەزەر سالدى ۋە "خېلىلىكى بار ئىكەن، جامالى رەڭدار، لاتاپەتلىك سەھرا قىزى ئىكەن، قېنى ئوۋلاپ كۆرەي، قاپقانغا دەسسىتەلىسەملا، كۆندۈرۈۋالمىقىم ھەرەج ئەمەس. كۆزىدىن ئاچلىق چىقىپ تۇرىدۇ. ئىندەك بىلەن ئىلمەكنىڭ نەپىقىسى — نەپ. ئاچ قۇشنىڭ ئىزدەيدىغىنى دان، — " دېدى بۇۋى

شۇنداق قىلىپ ئىككىيلەن يەنە قېتىقچى ئاياللارنىڭ قېشىغا باردى، بۇۋى بىر تاۋاق قېتىق، بىر گىردە سېتىۋېلىپ، زەينەپكە ئىككى قوللاپ ئۇزاتتى.

زەينەپ ئولتۇرۇپ قېتىق ئىچىۋېتىپ، بۇگۈن ئۆزىگە بىر "خىزىر" ئۇچرىشىپ قالغاندەك سۆيۈنۈش ھېسسىياتىغا چۆمدى ۋە بۇ "خىزىر"غا قانداق مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش خىيالىدا بولدى.

زەينەپ قېتىقنى ئىچىپ بولۇشىغا ئۈلگۈرتۈپ، بۇۋى تېخىمۇ كۆيۈمچانلىقنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— قىزىم، قورساقلىرىنىڭ يەنە كەم قالغان يېرى بارمۇ، زوقلىرى يەنە نېمىگە تارتىدۇ؟ قورۇنماي دەۋەرسىلە، زادى تارتىنمىسىلا جۇمۇ قىزىم.

زەينەپ، بۇۋىنىڭ سوئالىغا قارىتا بېشىنى چايقاپ، "ياق، بولدى" دېگەن ئىشارەتنى بەردى.

— ئانداق بولسا، — دېدى بۇۋى بۇ ساددا سەھرا قىزىغا تېخىمۇ مەھكەم نوختا سالماقچى بولۇپ، — سىلى ماڭا ئەگىشىپ ماڭسىلا، مەن سىلىنى ئاكىلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ قويىمەن، ماڭا ئەگەشكەن كىشى مۇراد-مەقسىتىگە يەتمەي قالمايدۇ. قېنى يۈرسىلە ئۇماق قىز، — دېدى.

بېشى گاڭگىرىغان ساددا قىز، بۇۋىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ قالغانىدى. ئۇ، بۇۋىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئۇلار بىرنەچچە قەدەم ئىلگىرىلىگەندىن كېيىن، بۇۋى يەنە ئىزىدا توختاپ:

— ھە، راست، بىر ئىشنى ئۇنتۇپتىمەن، ھېلىقى قېتىق بىلەن گىردە ناننىڭ باھاسىنى دېيىشىپ، پۇلىنى تۆلىمەي كەپتۇق. مەن تۆلىۋېتىپ كېلەي، سىلى مۇشۇ جايدا مىدىرلىماي جىندەك تۇرۇپ تۇرسىلا، — دېدى-دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ بېرىپ، بايا قېتىق بىلەن گىردە نان ساتقان قېتىقچى ئايالغا پۇل تەڭلىدى. قېتىقچى ئايال تەڭلىگەن پۇلنى زىنھار ئالغىلى ئۇنىماي، رەت قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئاخىرىدا بۇۋى:

— بولۇپتۇ خېنىم، پۇلنى ئالمىسىلا مەيلىلىرى، يېتىم قىزنىڭ قورسى-

— قىزىم، سىلى ئالاقاغىدىن بۇ يەرگە نېمىشقا يالغۇز كېلىپ قالدىلا؟

— ئاكامنى ئىزدەپ...

— ئاكىلىرىنىڭ ئېتى نېمە؟ قەيەردە ئىدى؟

— ئاكامنىڭ ئېتى قۇربان، تاغدا، مىس كاندا دەپ ئاڭلىغانىدىم...

— مۇنداق ئىكەن-دە، ماڭا قارىسىلا قىزىم، ھەممىنى بىلدىم. ئاكىلىرىنى مانا مەن تېپىپ بېرىمەن. ھەرگىز ئەندىشە قىلماي، كۆڭۈللىرىدە غەم-غۇسسە ساقلىماي، خاتىرجەم بولسىلا.

ئارقىدىن بوۋاي بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىچىلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. كۈلكىسى توختىغاندىن كېيىن، زەپنەپتىن يەنە سورىدى:

— توۋا، بۇ تازىمۇ قىزىق ئىش بولدى، باياتىن بېرى بىز شۇنچە ئوبدان مۇڭداشتۇق قىزىم، ئىسىملىرىنى سورىۋالمىغىنىمنى قارىمامدىغان، ئىسىملىرى نېمە قىزىم؟

زەينەپ ئىسمىنى دەپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن بوۋاي گاھىدا قىزىم، گاھىدا زەينەپ، دەپ چاقىرىدىغان بولدى.

زەينەپنىڭ كۆڭلىنى ئىزىغا چۈشۈردۈم، دەپ پەرەز قىلغان بوۋاي پاراڭنى يېڭى بىر مەزمۇنغا يۆتكىمەكچى بولۇپ:

— قىزىم قارىغىدەك بولسام ئەتىگەنىنىڭ مابەينىدە ناشتىسىز يۈرگەندەك قىلىلا، ئاۋۋال بىرنېمە يەۋالسىلا، ئىشتەيلىرى نېمىنى تارتىدۇ؟— دەپ سورىدى.

بىر قاچا قېتىق ئىچەيمىكىن دەپ ئويلاپ تۇرۇۋىدىم...— دېدى زەينەپ تارتىنىپقىنا.

— ماقۇل چىرايلىقىم، مەن بۈگۈن سىلىنى مېھمان قىلىپ، ساۋاب ئېلىۋالغۇدەكمەن، مۇشۇ دۇنيادا يېتىمە-يېسىرلەرنىڭ بېشىنى سىلاپ، يېشىنى قۇرۇتۇپ، كۆڭلىگە ئاش-تاماق بەرگەندىن زىيادە ساۋابلىق ئىش يوق، قېنى يۈرسىلە قىزىم...، — دېدى بوۋاي مەككارلىق بىلەن.

دوستىنىڭ خۇي-پەيلىنى بىلىدىغان بۇۋى ئۇنى زەينەپنىڭ يېنىدىن نېرىراق جايغا تارتىپ كەلدى-دە، قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلاپ:

— بۇ قىزنى ساڭا بېرەلمەيمەن. مەن ئۇنى بۈگۈن پېشانەم ئوڭ كېلىپ، ئاران قولغا چۈشۈردۈم، — دېدى.

— ھەي پەيلىڭدىن يانساڭچۇ، بىر ئىگە-چاقىسىز دىنىي قېرىندىشىمىزنىڭ بەختىگە ئولتۇرما. ئۇنىڭ جېنىغا قاراپ تۇرۇپ زامىن بولما...

— نېمە دېسەڭ دەۋەر، بۇ مېنىڭ ئۆگەنگەن خۇيۇم. خەقلەر مېنى نېمە دېسە دەۋەرسۇن، ئۇلارنىڭ ئۆز ئېغىزى. كەچكىچە قويرۇق چۆرۈپ يۈرۈيدىغانلار مېنى كۆرەلمەيدىغانلار، چىدىمىغانلارنىڭ گېپى بولسا ئالدىمغا كەلسۇن!

— بەللى، چۈشەندىم، چاپانچى، خۇشامەتچىنىڭ يۈزى راستتىنلا سېنىڭكىدەك...

— سۆزۈڭنى بوغۇزۇڭغا يۇتۇۋەتمەي دەۋەر، ھەرقانداق گېپىڭ ماڭا كار قىلىپمۇ قويمايدۇ، ”چىشىڭنىڭ باردا ياغ چاينىۋال“ دەيدىغانلارنىڭ ئەنقاسىمۇ مەن. سەن ھېلى ئېغىزىڭغا ئالغان چاپانچى، خۇشامەتچى دېگىنىڭ — ئۆزى بىر نازۇك گۇمپا. دېتى يوق كىشىلەر ئۇنى ئەپلەشتۈرەلمەيدۇ. سەندەك گومۇشلار ئۇ لەززەتتىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. قولۇمدىكى ئولجىنى سەن تۈگۈل، ئاتامغىمۇ ئۆتۈنمەيمەن. ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسەن.

— چۈشەندىم، بۇرۇن چۈشەنمىگەن بولسام مانا ئەمدى راۋۇرۇس چۈشەندىم. ماقۇل ئەمسە غانجۇغاندا كۆرۈشەيلى.

بۇۋى بىلەن مۇنازىرىلەشكۈچى ئايال زەينەپ تەرەپتە تۇرۇپ بىر مۇنچە لىللا گەپ قىلسىمۇ ئۈنۈمى بولمىدى-دە، غۇدۇڭشىغان پېتى كېتىپ قالدى.

زەينەپ بولسا بۇ مۇنازىرىنىڭ جەريانىنى ئاڭلىيالمىدى. ئۇنىڭ پىكرى-خىيالى ئاكىسىدا. ئۇ، قۇربانغا تارتىشىپ، بۇۋىنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئۇلار بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، سىپىلنىڭ شەرق قوۋۇقى (قىغدۆك قوۋۇقى)

قىنى تويغۇزۇپ قويغان ساۋابىنىڭ بىرىمى سىلىگە، بىرىمى ماڭا بولسۇن،
— دېدى.

بۇۋى شۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپ، بۇرۇلۇپلا زەينەپ ساقلاپ تۇرغان يەرگە قاراپ ماڭدى.

قېتىقچى ئايال ئۇنىڭ كەينىدىن نەپرەت ئوقۇشقا باشلىدى:

— ھۇ، زىدى پەس، ئۆلمەيدىغان جادۇگەر، سېنىڭ مەينەت پۇلۇڭنى ئالغۇدەكمەن تېخى، ھۇ... مەرەز باسقان دەللە. ئۇنىڭدىن ئاچ قېلىپ ئۆلگىنىم ئەلا، تېخى، قوۋۇرغامنى ئېگىپ، قىلىۋاتقان گېپىنى كۆرەي، ھۇ، يۈزىدە توكى بار تولكە، يۈزلىگەن يېتىم قىزلارنى سېتىپ، كۆكنى يەپ، تېخى "ساۋاب"تىن سۆز ئاچامسىلا، ئۇياتسىز دەللە!

— دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى راست ئاداش، — دېدى قېتىقچى ئايالالاردىن يەنە بىرى، — قارىغىنا، بۇ مەككار دەللە بۈگۈن ئاۋۇ سەھرا قىزنى دامىغا چۈشۈرۈۋاپتۇ. ھەي بىچارە قىز، چىرايلىق قىز ئىكەنتۇ، شور پېشانە ئىكەن...

مۇشۇنداق شىكايەت پاراڭلار بۇۋىنىڭ كەينىدىن ئەل-مەھەللە ئىچىدە، كوچىلاردا پات-پات بولۇپلا تۇراتتى. ھېلىقى كەينىدىن ئىكەن، ھەتتا يۈزتۇرانە دېيىلگەندىمۇ ئۇ، پىسەنت قىلمايتتى. "پەرۋايىم پەلەك" دەپ يۈرۈۋېرەتتى.

بۇۋى قېتىقچى ئايالالارنىڭ قېشىغا بېرىپ كەلگىچە ئارىلىقتا، ئۆي ئىشى ئۈچۈن ئادەم ئىزدەپ يۈرگەن باشقا بىر ئايال زەينەپنىڭ قېشىغا كېلىپ سۆزلىشىپ ئۇنى يالتايتىپ قويغانىدى. يەنە كېلىپ ئۇ، بۇۋى بىلەن تونۇش ئىدى. ئىككىيلەن قەدىناسلاردەك كۆرۈشكەندىن كېيىن، زەينەپنى كۆندۈرۈۋالغان ھېلىقى ئايال:

— قارا، خېنىم ئادىشىم، ماڭا بىر ئادەم لازىم بولۇپ، كوچىغا چىقىپ، ماۋۇ قىز بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم. سەن ئۇنى مېنىڭ خىزمىتىمگە ئۆتۈنۈپ بەر، ماقۇل دېسەڭچۇ؟ — دېدى.

سەرخىل كىيىملەرنى كىيگەندىن كېيىن، تېخى ھېلىراقتا "بۇۋى سوپەت" بولۇپ كۆرۈنگەن بۇ ئايال، ھاپىلا-شاپىلا دېگۈچە ئارىلىقتا گويا گۈزەل بىر خانىشقا ئايلانغانىدى.

ئۇ، ئاشۇ سالاپىتى بىلەن ھىجىيىپ، زەينەپكە جىلۋە بىلەن بىر قارىۋىدى، زەينەپنىڭ كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ كەتتى-دە، ئۇنىڭغا قاراپ ھەيرانۇھەس بولۇپ قالدى.

زەينەپنىڭ كۆڭلىنى بىردەمدىلا ئىشەنمەسلىك تۇمانلىرى قاپلىۋالدى. ئۇ، ئۆزىگە ئۆزى سوئال قويۇپ:

— ئەزىبرايى خۇدا، مەن ھازىر نېمە كۆرۈۋاتىمەن، سېنىڭ ماڭا كۆرسەتمىگەن يەنە قانداق كارامەتلىرىڭ، سىر-مۆجىزىلىرىڭ باردۇ؟ بۇگۈن ماڭا ئۇچراشقىنى بۇۋىمۇ ياكى مېكنجىندىمۇ؟ خۇداۋەندە كەرىم، مېنى پاناھىڭدا ساقلىغايسەن ... — دېدى.

زەينەپ ھازىر ئۆزىنىڭ جادۇگەرنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى تۇيۇپ قالدى. بۇ جادۇگەر، پەلەك ئۇستىنىڭ قاتىلى — سېيىت ھېكىم بەگنىڭ بىر تۇغقان ئاچىسى مەيلىخان ئىدى.

سېيىت ھېكىم بەگ خانئامبال ئورچۇنئانىڭ ئالدىدا، چېرىكلەرنىڭ "خوتۇن ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش" قەسمىنى بېرىپ، مەيدىسىگە ئۇرغاندا ئەنە شۇ ئاچىسى مەيلىخاننى "دو" چىققانىدى.

مەيلىخاننىڭ مەيلى بۇ ئىشنى ياقتۇراتتى. ئۇ، بۇ ئىشنى قاملاشتۇرۇپ بېجىرىپ، ئاخىر يۇقىرى تەمىناتلىق دەللە بولۇپ نامى چىقتى. ئۇنى ئامبال مەھكىمىسىدىكىلەر "مېكنياڭ[①]" دەپ، ھۆرمەت بىلەن ئاتىشىدىغان بولدى.

مەيلىخان ياقا يۇرتلاردىن كېلىپ قالغان ئىگە-چاقىسىز قىز-ئاياللارنى، خۇددى زەينەپكە قوللانغان سېھىرىسى بىلەن ئېزىقتۇرۇپ، "يىپىق قەسىر" ئىچىگە ئېلىپ كىرىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ھەر-باب بىلەن كېيىنكى

---

① مېكنياڭ — تونۇشتۇرغۇچى، دەللە مەنىسىدە. مانجۇچە ئانا سۆزىنىڭ بۇزۇلغان تەلەپپۇزى. — ئاپتوردىن.

دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ باردى.

سېپىل قوۋۇقىنىڭ سۇرلۇك چوڭ قارا دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قاراۋۇلخانىسىدا بىردىن چېرىك پوستا تۇراتتى.

بۇ يەرگە كەلگەن ھامان ئايال بوۋى بېشىدىكى چۈمپەردىسىنى تولۇق ئېلىۋەتتى-دە، دەرھال يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ، بىر سېرىق دەستەكنى چىقىرىپ قاراۋۇللارغا كۆرسەتتى.

بۇ سېرىق دەستەك دەرۋازىدىن كىرىپ-چىقىشتىكى ئىمتىياز بەلگىسى ئىدى. ئۇ يەنە كېلىپ ئىشەنچلىك، تۆھپىكار ئىمتىياز ئىگىلىرىدىلا بولاتتى.

قاراۋۇللار سېرىق دەستەكنى كۆرگەن ھامان، ئۇڭ تىزى بىلەن تىزلىنىپ تۇرۇپ، بوۋىغا باش ئۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈردى.

بوۋى زەينەپنى باشلاپ قوۋۇقتىن كىرىپ كەتتى-دە، ئوتتۇر ئۆزىنىڭ مەخسۇس ھۇجرىسىغا ئېلىپ ماڭدى.

قەلئەنىڭ ئىچكى تەرىپىدە كىشىلەرگە سىر بولۇپ كېلىۋاتقان بىر ئارقا قورۇ بولۇپ، ئۇ يەردە قاتار سېلىنغان ھۇجرا ئۆيلەرنى "يېپىق قەسىر" دەپ ئاتىشاتتى. بوۋىنىڭ مەخسۇس ھۇجرىسمۇ ئەنە شۇ يەردە ئىدى.

بوۋى ھازىر زەينەپنى ئاشۇ ھۇجرىغا باشلاپ كىردى.

بوۋى سىلىق-سىپايە مۇئامىلە، دىل ئېرىتكۈچى سۆزلەر بىلەن زەينەپنى ئۇستەلگە تەكلىپ قىلدى، ئالدىغا مەزە بىلەن چاي كەلتۈردى.

شۇ ئارىدا بۇ ھۇجرىغا باشقىچە كىيىنگەن ئىككى ياش چوكان ھازىر بولدى. ئۇلار بوۋىنىڭ مۇلازىملىرى ئىدى.

مۇلازىملار پايپېتەك بولۇشۇپ، بوۋىنىڭ تالالىق كىيىم-كېچەكنى قولمۇقول يېشىندۇرۇپ، ئورنىغا "يېپىق قەسىر" ئىچىدە كىيىپ يۈرۈيدىغان سېرىق تاۋار كىيىملىرىنى كىيىندۈردى.

بۇ رەڭگارەڭ كىيىملەرنىڭ گۈللىرى كۆزنى قاماشتۇراتتى، توق سېرىق تاۋاردىن جۇيازا پەشمەت، يان چېكىدىن ئىزملىنىدىغان ئالما گۈللۈك ئۇزۇن تاۋار كۆڭلەك، توق سېرىق تاۋار ئىشتان، قارا مەخمەل خەي قاتارلىق

لېكىن، ئۇستى-ئۇستىگە قىلىنىۋاتقان بۇ ياغلىما سۆزلەردىن زەينەپ ئاستا-ئاستا سەسكىنىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ تېگىدە بىر جىن بار ئىكەن، دەپ جېنى تويۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ، ئاكىسىنى ئېسىدىن كۆتۈرۈۋېتەلمىگەچكە مەيلىخاندىن سۈرۈشتۈرۈپ، يەنە سورىدى:

— مېنىڭمۇ ھالىمغا يەتسىلە ئاچا، مېنى زادى ئاكام بىلەن قاچان كۆرۈشتۈرىلا؟

مەيلىخان يەنىلا چاندۇرماسلىققا سېلىپ قۇۋلۇق بىلەن:

— راست دەيدىلا قىزىم، مەن بۇ ۋەدەمنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق، بىرنەچچە كۈن سەۋر قىلىپ تۇرغايلا، ئاكىلىرى پات يېقىندا سىلىنىڭ قاشلىرىغا ئۆزى ئىزدەپ كېلىدۇ.

كۈنلەر، ھەپتىلەر ئۆتۈپ باراتتى، زەينەپنى كۆندۈرۈۋېلىش ھىيلىسى بىلەن مەيلىخان ئۇنى خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئۆز يېنىدا ھەمراھ قىلىپ تۇتۇپ تۇردى.

ئاشۇ جەرياندا «يېپىق قەسىر»نىڭ سىرلىرىمۇ زەينەپكە ئاستا-ئاستا ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى:

سېپىلنىڭ غەربىي تېمىغا يۆلەپ رەتمۇرەت قاتىرىسىغا سېلىنغان كە-چىك-كىچىك ھۇجرىلارغا 100 دىن ئارتۇق تۇتقۇن ئاياللار دەرىجىلىرى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ ھۇجرىلار، بىر كىشىلىك، ئىككى كىشىلىك، ئۈچ كىشىلىك قىلىپ ئايرىلغان بولۇپ، ھەر بىر ھۇجرىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا رەقەم بەلگىلىرى قويۇلغانىدى.

مەيلىخان قايسى ھۇجرىدا قانچىنچى دەرىجىلىك ئايال ياتىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، يۇرتى ھەممىدە باھاسى قاتارلىقلارغىچە تولۇق يادقا بىلەتتى.

مەيلىخاننىڭ ھۇجرا تېمىغا ئېسىۋېتىلگەن نەچچە يۈز سېرىق قومۇش دەستەكلەرگىمۇ رەقەملىك نومۇرلار قويۇلغانىدى.

مەيلىخاننىڭ دەللاللىق تىجارىتى تۇتقۇن ئاياللار ياتقان ھۇجرا نومۇ-

ئىشلارغا كۆندۈرەتتى. ئاشۇنداق كۆندۈرۈش مۆرىتى ئەمدى زەينەپنىڭ بېشىغا كەلدى. مەيلىخان شېرىن سۇخەنلىك بىلەن زەينەپنىڭ پۇتىغا ھۆل خىش قويۇپ:

— ئاڭلاپ تۇرسىلا قىزىم، ھاياتنىڭ لەززىتىدىن مەھرۇم بولۇپ كېلىۋاتقانلىرى ماڭا بەش قولدەك ئايان. ئىنساننىڭ بېشىغا كېلىدىغان جاپا-مۇشەققەت كۆپ، راھەت ئاز بولارمىش. ۋاي دەردىما، تەگشەلمىگەن ئالەم ئەمەسمۇ؟ شۇڭا بالا-قازا جۈپ، راھەت-پاراغەت تاق بولغۇدەك. ئادەمنىڭ ئۆمرى بەكمۇ قىسقا قىزىم، شۇ قىسقا ھاياتتا ئاز-تولا راھەت، مەنپەئەت كۆرمىسە، دۇنياغا كېلىپ ياشاشنىڭ نېمىمۇ خوۋلۇقى دەيدىلا؟ شۇ ۋەجىدىن مەن سىلىنى يۈرەك پارەم دەپ بىلىپ، مېنىڭ مۇشۇ، جەننەتتەك قەسرىمگە باشلاپ كەلدىم ئەمەسمۇ، مانا بۇ يەردە سىلى ماڭا ئۆز قىزىمدەك ھەمراھ بولۇپ، مەن نېمىنى يېسەم شۇنى يەيدىلا، مەن نېمىنى كىيسەم شۇنى كىيىدىلا، شۇنداق ئەمەسمۇ قىزىم؟... — دېدى.

زەينەپ خۇددى يەسىرىگەن كېپىك بالىسىدەك لام-جىم دېمەي، يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى.

مەيلىخان سۆزىنى تۈگىتىپ مۇلازىم چوكانلارغا كۆز ئىشارىتى قىلدى-دە، ئۆزى غىپپىدە سىرتقا چىقىپ كەتتى.

مۇلازىم كاداك چوكانلار زەينەپنىڭ قورۇنۇپ تۇرغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ، يۇيۇنۇش ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرىشتى-دە، كىيىم-كېچەكلىرىنى يېشىندۈرۈپ، ئۇنى مىس ۋاننىدا يۇيۇندۇردى. ئارقىدىن يېشىل تاۋار كۆڭلەك، ئىشتانلار بىلەن كىيىندۈردى.

مەيلىخان سىرتتىن كىرىپلا يەنە زەينەپنى پەپىلەپ:

— ھاي-ھاي!... ماڭا قارىسىلا قىزىم، بۇ كىيىملەر بويلىرىغا نېمىدېگەن ياراشقان، مانا ئەمدى بەئەينى پەرىزات بولۇپ كېتىپتىلا، ئەمدىزە سىلى بۈگۈندىن باشلاپ پالاكەتتىن ساقىت بولدىلا، مەينەتچىلىكتىن بىر يولى ئېرىغلاندىلا... — دېدى مۇغەمبەرلىك بىلەن.

ئەزەلدىن كەلمىدى تەلەي،
بولۇپ پېشانىمىز شورلۇق.

جاھان تۈزلەنسە كەلگۈندە،
تىلەيمىز شۇنى ھەر كۈندە.
قۇتۇلماققا ئىلاج ئىزدەپ،
يىغلايمىز سەھەر، تۈندە.

بۇ ناخشا-قوشاقلارنى ئاڭلىغان زەينەپنىڭ جۇدۇنى تېخىمۇ تۇتتى. ئۇ، مەيلىخانغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ:

— مەيلىخان ئاچا، مەن سىلىگە ئىچىمدىكىنى يۈزتۇرانە دەۋالاي، مەن بۇ جاينىڭ خىلى ئەمەس. سىلى مېنى بۇ يەرگە خاتا تاللاپتىلا. مەن بولسام بىر ئېتىقادلىق ئائىلىنىڭ پەرزەنتى. مەن ھەممىنى چۈشىنىپ بولدۇم. مېنى يولغا سېلىۋەتسىلە، مەن ئاكامنى ئىزدەپ تاپىمەن. مېنىڭ غەزىپىم ئۆرلەۋاتىدۇ. مەن بىر سەۋدايى. ۋاقتى كەلگەندە ھەممىنى ئۇكتەي-توكتەي قىلىۋېتىمەن ...، — دېدى.

بۇ سەھزا قىزنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان ئوت-ئاتەش سۆزلەرنى ئاڭلاپ بىردىنلا مەيلىخاننىڭ چىرايى ئۆڭۈپ-تاتىرىپ كەتتى. ئۇ، چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئالدىراپ بىرنېمە دېمىدى.

ھۇجرا ئىچىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. مەيلىخان خۇددى جەددال ئازايىم ئوقۇپ، ھىيلە-مىكىر پەيدا قىلغاندەك، ئۆي ئىچىنى بىر قېتىم پىرقىرىتىۋېتىپ بولۇپ، ئاندىن بۇ "بەڭۋاش" قىزغا يېڭىدىن نوختا سالماقچى بولۇپ دېدى:

— بولىدۇ قىزىم، دېگەنلىرىدەك مەن سىلىنى چىرايلىقچە يولغا سېلىپ قوياي، قولۇم ئارا بولماي، مەن سىلىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىغا بىخەستەلىك قىلىپتىمەن. بۈگۈن ماڭا يەنە بىر ئاخشام ھەمراھ بولۇپ بەرسىلە.

رى بىلەن ئۆز يېنىدىكى دەستەك نومۇرلىرى بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا ئېلىپ بېرىلاتتى.

بۇنىڭدىن سىرت، زەينەپ يەنە "يىپپىق قەسىر" سەيناسىدا، تۇتقۇن ئاياللارنىڭ قوشقاچ تاللاپ ۋە قوشقاچ تازىلاۋاتقانلىقىنىمۇ بايقىۋالدى. خورلانغان بۇ ئاياللار سەينا ئىچىدە ياپيالىڭاچ دېكۇدەكلا يۈرۈشەتتى. ئۇلار قوشقاچلارنىڭ ئەركىكىنى تاللاپ تازىلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ گۆشىگە باشقا خورۇچ قېتىپ، "ئەرەنلىك دورىسى" ياسايتتى.

تۇتقۇن ئاياللارنىڭ ئاشۇ ئەمەك مەيدانىدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىھايا كاداڭلىرى جىنسىي تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك بىزەپ سۆزلەرنى قىلىپ، يېڭىدىن تۇتقۇن قىلىنغان قىز-چوكانلارنى ھەر ئاماللار بىلەن كۆندۈرەتتى. بەزىدە مەيلىخان ئۇلارغا "ئىلمىي تەربىيەت[1]" تىن دەرس ئۆتەتتى.

"يىپپىق قەسىر"گە ئەسىر قىلىنغان بۇ ئاياللار، تارىم ۋادىسىنىڭ ھەممە يۇرتلىرىدىن تۇتۇپ كېلىنگەن بەختسىزلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ خورلۇققا زادىلا تەن بەرمەيتتى. ئۇلار تەقدىردىن نەپرەتلىنىپ، دەردىنى ناخشا بىلەن ئىزھار قىلاتتى:

كەپتەرنىڭ قۇبۇسى بار،
كەكلىكنىڭ ئۇۋىسى بار.
بىزدەك خار-زارلارنىڭ.
سۆيۈنگۇدەك نىمىسى بار.

سېپىلنىڭ تاملىرى تورلۇق،
تۆت ئەتراپ تۆمۈر قوۋۇق.

---

(1) ئىلمىي تەربىيەت — جىنسىي مۇناسىۋەت توغرىسىدىكى رىسالە. — ئاپتوردىن.

ئۇنىڭ كۆز بوياملىق بىلەن قىلغان سۆزلىرىگە ئىرەن قىلماي ئولتۇرغان زەينەپ بويۇن تولغاپ دومسىيىۋالغانىدى. مەيلىخانىڭ «ياغاچ قازنى»نى سىناقتىن ئۆتكۈزگەن بۇ مەسۇمە قىز، دوپپىسىغا جىگدە سېلىنىۋاتقان بۇ پىگى ئۆيۈنى دەرھال سېزىۋالدى-دە، ئارىسالدى بولۇپ ئولتۇرالمايلا قال-دى، ئۇ، مەيلىخانغا تەگكۈزۈپ:

— ماڭا يەنە قانداق شېرىن گەپلەر بىلەن قاپقان قۇراي دەيدىلا. مەن ئاپامنىڭ ئىچ كۆيۈكىدە، ئاكامنىڭ دەردىدە ئىككى كۆزۈمنىڭ قان يىلى بىلەن تولغانلىقىنى سىلىگە نەچچە رەت دېدىمغۇ، بىردەم بولسا ئاكامنى ئۆزى كېلىدۇ، دەيدىلا. بىردەم بولسا ئۆزۈم باشلاپ بارىمەن، دەيدىلا. نېمىشقا ئىكىشلىرى توختىمايدۇ. بولدى مەن ئۆزۈم كېتىۋېرىمەن. مېنىڭ يەنە ئالدىمنى توسمىسىلا ...، — دېدى.

زەينەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى-دە، ئۇچىسىدىكى پىگى تاۋار كۆڭلەكنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ، «ۋەرت» قىلىپ يىرتىپ تاشلىدى. مەيلى-خان ئالاقزادە بولغان پېتى يۈگۈرۈپ بېرىپ، زەينەپنىڭ قولىغا ئېسىلىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ:

— خان قىز، ئۆپكىلىرىنى بېسىۋالسىلا. ھەر ئىش بولسا چىرايلىقچە سۆزلىشەيلى. ئاچچىقلىرىنى بېسىۋالسىلا، قېنى ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇۋالسىلا. مەن سىلىگە چاي تۇتۇپ، ناماقۇل بولاي قىزىم، — دېدى.

مەيلىخان دەرھال بىر پىيالە چاي قۇيۇپ كەلدى-دە، زەينەپكە ئىككى قوللاپ سۇندى. زەينەپنىڭ كەيپىياتى بىرئاز ئەسلىگە كەلگەندەك بولۇپ ئاچچىقى سەل پەسكارىغا چۈشكەندەك بولدى.

مەيلىخان ئۇنى شىيلاپ، يەنە سۆز باشلىدى:

— خان قىز، ھېچقىسى يوق. كۆڭلەكلىرى يىرتىلغان بولسا، مېنىڭ ساندۇقۇمدا كۆڭلەك جىق. ياخشىسىنى تاللاپ يۆتكىۋالسىلىرى بولىۋېرىدۇ ئەمەسمۇ، سىلى خۇش بولىدىغانلا ئىش بولسا مەن سىلىدىن جېنىمنىمۇ ئايىمايمەن. مەن سىلىنىڭ سادىغىلىرى بولۇشقا تەييار. ئەمدى مەن سىلىگە

مەن سىلىنى ئاخىرقى قېتىم كۆتۈۋالاي، چىرايلىق قوزام. ئەتە سىلىنى ئاكىلىرىغا ئۆز قولۇم بىلەن ساق يەتكۈزىمەن، بۇ سۆزۈمگىمۇ ماقۇل دەلا، چىرايلىقىم ... — دېدى.

مەيلىخاننىڭ بۇ ئەپسۇنلىرىغا ساددا قىز يەنە ئىشىنىپ قالدى. ئەسلىدە، بۇ جادۇگەر ئاللىقاچان زەينەپنىڭ تەقدىرىنى خۇپپىيانە توغرىلاپ بولغانىدى.

مەيلىخاننىڭ ئۇچۇر يەتكۈزۈشى بويىچە، خانئامبال ئورچۇنئا بۇ مەسۇمە قىزنىڭ ”نورۇزقۇم“ دىكى چېلىشچى قۇربانىنىڭ ئۆز سىڭلىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. ئۇ، قۇرباندىن ئەنت ئېلىش كويىدا تىت-تىت بولۇپ يۈرگەنىدى. شۇڭا ئۇنى ئاكىسىنىڭ رەقىبى ئايپاڭغا توغرىلاشنى جېكىلەپ قويدى. شۇنداق قىلىپ زەينەپنىڭ تۇنجى كېچىلىكى بىر قارا يۈرەك قىساسخورنىڭ چاڭگىلىغا تۇتقۇزۇپ قويۇلدى. زەينەپنى مانا ئەمدى ئاشۇنداق قەبىھ قىسمەت كۈتمەكتە ئىدى.

ئاشۇ كۈنى زاۋال چۈشكەن مەھەلدە مەيلىخان قۇۋلۇق-شۇملۇق بىلەن يەنە زەينەپنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، ئۇنىڭغا:

— ئوماق قوزام، ماڭا يېقىنراق كەلسىلە، قۇلاقلىرىغا كىچىككىنە گېپىم بار. بۈگۈن ئاخشامچۇ، ئاڭلاپ تۇرسىلا، بىزنىڭ ئەر كىشى ئاق شەھەردىن مېنى يوقلاپ كەلگۈدەك. ئەر كىشى بۇ ئۆيگە كەلسە سىلىنىڭ بۇ ئۆيدە تۇرۇشلىرى بىئەپ بولۇپ قالار. ئۆزلىرىنىڭ تېخى يۈزلىرى ئېچىلمىغاچقا قورۇنۇپ قالالا ... ، شۇڭا ئۆزلىرىنى بۈگۈن بىر كېچىلىك قونالغۇ ئۈچۈن بۆلەك بىر خىلىس ھۇجرىغا يۆتكەپ تۇراي دەۋاتىمەن. سىلى ئەندىشە قىلمىغايلا. يامان، بەدنىيەتلەرنىڭ قەستىدىن پەخەس بولۇش ئۈچۈن سىلى ياتىدىغان ئاشۇ ھۇجرىنىڭ سىرتىدىن مەھكەم قۇلۇپلاپ قويىمەن. سىلى ئانىلىرىنىڭ قوينىدا ئۇخلىغاندەك، بەخىرامان ئۇخلايدىلا. ھازىر چاققان، قورساقلىرىغا غىزا يەۋالسىلا، ئاندىن ... — دېدى.

مەيلىخان سۆزلەۋېتىپ، زەينەپنىڭ روھىي ھالىتىگە زەن سالاتتى.

بىراق، مەككار مەيلىخان غىزا تەييارلانغىچە ئارىلىقتا باشقا بىر چوت سوقتى. ئۇ، ئۆز-ئۆزىگە «ئۇ بىرىنچىمە راستىنلا كاچ-تەلۋە، ساراڭ ئىكەن. خۇددى باياۋاندىكى ياۋا قولاندەك مۆڭگۈپلا تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا يەنە قۇشقۇنغا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئاسماننى بېشىغا كىيگۈدەك ئەلپازى بار. توختا، بىر ئامالىنى قىلاي» ...، — دېدى.

مەيلىخان ئەتەي تىقىپ قويغان پىرىدىن مەجۇنغا خۇرۇچ قېتىپ راسلانغان مەست قىلىش دورىسىنى ئالدى-دە، ئۇنى چۆگۈندە قايناتتى. ئۇنىڭ سۇيۇقلۇقى، رەڭگى، تەمى پەمىلە چايدىن پەرقسىز ئىدى. ئۇنىڭ بىرنەچچە سائەت بىھوش قىلالايدىغان رولى بار ئىدى.

خۇپتەندىن ئۆتكەن مەھەلدە، مەيلىخان مۇلازىم چوكانلار بىلەن بىرگە غىزا، چايغا ئارىلاشتۇرۇلغان مەست قىلىش دورىسىنى كۆتۈرۈپ، ھۇجرا ئىچىگە كىرىپ كەلدى-دە، زەينەپنى غىزاغا تەكلىپ قىلدى. مەيلىخان بىلىندۇرمەي تۇرۇپ دېدى:

— قېنى تاماققا باقسىلا قىزىم، كەچ كىرىپ قالدى. «ئاچ يېتىپ قالسا ئۇيقۇ قاچىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. بۇ پېتىر مانتا زەپمۇ ئوخشاپتۇ. پۇرىقىدىن چىقىپ تۇرىدۇ. دورا-دەرمەكلىرىمۇ جايىدا تەڭشەلگەندەك قىلىدۇ. قېنى تۇزىۇت قىلماي ئالسىلا، — دېدى.

زەينەپ بوغۇن كۆن بويى چېچىلىپ يۈرۈپ چاڭقىغانىدى. ئۇ، مانتىنى يېگەندىن كېيىن، ئالدىغا كەلتۈرۈلگەن بىر پىيالە مەستخۇش دورىسىنى چاي دەپ ئويلاپ غۇرتىدە قىلىپ بىر يولىلا ئىچىۋەتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي كۆزلىرى ئالاچەكمەن بولۇپ خۇمارلىشىپ توختىماي كۈلۈشكە باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن بىھوشلىنىپ ئارقىسىغا سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى.

مەيلىخان ئۆز ھىيلىسىنىڭ ئۇتۇقىدىن مەمنۇن بولۇپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى-دە، ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىككى ئايال مۇلازىمغا زەينەپنى كۆتۈرگۈزۈپ «مەخسۇس ھۇجرا»غا ئېلىپ بېرىپ ياتقۇزۇپ

ئىچىمدىكى لىللا گېپىمنى دەۋېتەي، مەن ئاكىلىرىنى سۈرۈشتۈرمىدىم ئە-
مەس، سۈرۈشتۈردۇم. نەچچە كۈندىن بۇيان سىلىنىڭ دەرد-ئەلەملىرىنى
ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ، قۇلاق يوپۇرۇپ يۈرسەم كۆڭلۈم
ئۇنايدۇ دەمدىلا قىزىم. ھازىر ئاڭلىسام ئاكىلىرى قۇربان مىس كاندا ئەمەس،
ئۇگەن دەريا ھاشىرىدا ئىشلەۋېتىپتۇدەك. سىلىنىڭ غەملىرىدە بولۇپ ئۇنى
ئېنىق بىلىپ چىقتىم. بۇگۈن كەچ بولۇپ قالدى. بۇگۈن بىر كۈن
چىدىسىلا، بىر كۈن دېگەن چاغلىق ئىش، غۇلچىغا چىداپ، غېرىچىغا
چىدىمىسا بولامدۇ قىزىم؛"بىر كۈن دېگەنگەتوشقان تېرىسىمۇ چىدايدۇ"
دەيدىغان گېپىمىزمۇ بارغۇ؟ ئەتىمۇ خۇدايىمنىڭ كۈنى. مەن سىلىنى ئەتە
ئەتىگەن...
مەيلىخاننىڭ بۇ سۆزلىرىگە قارىتا زەينەپ ئالدىراپ بىرنېمە دېمىدى.
ئۇنىڭ بىلەن قايتا بىر نەرسە دېيىشىپمۇ ئولتۇرمىدى. لېكىن، يەنىلا بىر
ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، دەرگۇمانىدا بولۇپ تۇراتتى.
مەيلىخان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىچكىرىكى ئۆيىگە كىرىپ،
ساندۇقىدىن يېڭىلا تىكىلگەن بىر يېشىل تاۋار كۆڭلەكنى ئېلىپ چىقتى-دە،
ئۇنى زەينەپنىڭ بويىغا چەنلەپ كۆرۈپ:
— ماڭا قارىسىلا قىزىم، بويلىرىغا زەپمۇ چىپ كەلدى. ئۆلچەپ
پىچىپ تىككەندەك، مانا ئەمدى ئۇچىلىرىدىكى يىرتىقنى سېلىۋېتىپ، مۇشۇ
يېڭىسىنى يەڭگۈشلەپ كىيىپ تۇرسىلا، مەن مۇلازىملارغا دەپ قورساقلىرى-
نىڭ غېمىنى قىلاي، — دېدى.
مەيلىخان ئاشخانا تەرەپكە ماڭدى. زەينەپ كۆڭلەكنى يەڭگۈشلەپ
كىيدى. ئۆزىنىڭ ئالاقاغدىن كىيىپ كەلگەن سەھرا كىيىمىنىمۇ ئوراپ،
بىر بۇلۇڭغا يوشۇرۇپ قويدى. مەيلىخاننىڭ پەرىجە چاپىنى، چۇمپەردىسى،
سېرىق دەستەكلىرى ئېسىلغان جايلارغىمۇ زەن سېلىۋالدى. بۇ نەرسىلەر
گېزى كەلگەندە، ئۇنىڭ كۆڭلىدە كېچىسىمۇ ئېزىقماي تاپالىغۇدەك دەرىجىدە
ئېدىتلىق بولدى.

زەينەپ ئالدىغاخېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، ئاخىرى "قىزقالغان" دەپ ئاتىلىدىغان مەشھۇر غار تېغى ئىچىگە كىرىۋالدى.

"ئادىمىي ھايۋانلار"دىن جېنى جاق تويغان زەينەپ، بۇ پىنھان ماكاندا بۇغا-ماراللارغا ھەمراھ بولۇپ، خېلى ئۇزۇنغىچە يوشۇرۇنۇپ كۈن ئۆتكۈزدى.

ئۇ، پاسىقلار چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ نىجات تاپقىنىدىن مەمنۇن ئىدى. تىلسىماتلىق ۋادىنىڭ ساپ ھاۋاسى ئۇنىڭ يۈرەك يارىسىغا شىپالىق بېرىشكە باشلىغانىدى. غار تاملىرىغا سىزىلغان «ساھىبجامال قىز»نىڭ تەسۋىرىي سۈرەتلىرى زەينەپنىڭ روھىي مەدەتكارى ئىدى. ئۇنىڭ چۆرىسىگە سىزىلغان چەۋەندازلار ئۇنىڭ روھىي مۇھاپىزەتچىلىرى ئىدى.

بۇ چاغ ياز پەسلىنىڭ سەراتان مەۋسۇمى بولۇپ، تەڭرىدىن سۇ تەلەپ قىلغۇچى دېھقانلار بۇ يەرگە ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ-كېتىپ تۇراتتى. ئۇلار ئەۋلادمۇئەۋلاد چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان "قىز قالغان" غارىغا سەدىقە، خەير-ساخاۋەت ئوزۇقلىرىنى قويۇپ قوياتتى. بۇ ئاش-نانلار زەينەپنىڭ ئوزۇقلۇقىغا ئايلانغانىدى. غارنىڭ ئىچى-تېشىدىكى كۆلچەكلەرگە تاغ باغرىدىن سىرغىپ چۈشۈپ يىغىلىپ قالغان تاتلىق سۇلار ئۇنىڭ ئۇسسۇلۇقى ئىدى. كېچىلىرى بولسا ئاسمان يېپىنچى، ئويمان يەرلەر سېلىنچى بولۇپ، تۈنلەرنى ئۆتكۈزەتتى.

زەينەپ ئۆزىگە ئەركىنلىك ئاتا قىلغان بۇ ھۆررىيەت ۋادىسىدا، ئارىلاپ ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرى، غەلىتە ئاۋاز-سادالارغىمۇ پەرۋا قىلمايتتى. كۈنلەر مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ باراتتى.

بىراق، ئۇ، ئادەمزاتتىن بىزار ئىدى. ئادەم قارىسىنى كۆرگەن ھامان قېچىپ ئۆڭكۈرگە كىرىۋالاتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ۋە پۈتۈن ئائىلىسىنىڭ نابۇت بولۇپ كېتىشىنى ئاشۇ لەنىتى ئادەملەردىنلا كۆرەتتى.

بىر كۈنى ئۇ، ئۆزى بىلەن تەقدىرداش بولغان بىر ھامىلدار ئايال بىلەن كۆلچەك بويىدا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى-دە، كۆلچەككە ئېگى-

قويۇشنى ۋە ھۇجرىنى سىرتىدىن قۇلۇپلاپ قويۇشنى تاپىلىدى. بۇ ھۇجرىنىڭ ئاچقۇچى قۇربانىنىڭ ئاشۇ رەقىبى ئاپپاقنىڭ قولىدا ئىدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەرلىكتە ھوشىغا كەلگەن زەينەپ، كېچىدە ئۆزىنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنغانلىقىنى بىلدى-دە، ئار-نومۇسى غالىب كېلىپ، بىردىنلا خۇدىنى يوقىتىشقا باشلىدى. ئۇ، ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلايتتى، چاچلىرىنى يۇلاتتى، بارماقلىرىنى چىشلەيتتى، ئىككى كۆزىدىن ئەلەم ياشلىرى قۇيۇلاتتى.

بىر مەھەلدىن كېيىن ئۇ، ئېسىنى يىغىپ، ئورنىدىن تۇردى ۋە ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى ئالدىغا تارتىپ كۆردى. ئىشىك قۇلۇپلانمىغانىدى. ئۇ ئىشىككە ئىلىكلىك قۇلۇپنى ئالدى ۋە كۆتۈرگەن پېتى بېرىپ، مەيلىخان ئۇخلاۋاتقان ئۆينى سىرتىدىن قۇلۇپلاپ قويدى.

ئارقىدىن ئۇ مەيلىخانىنىڭ ئىش بېجىرىش ھۇجرىسىغا ئاستا كىرىپ، ئۆزىنىڭ ئاخشام تىقىپ قويغان بۇرۇنقى كىيىم-كېچەكنى ئالدى. مەيلىخاننىڭ بۇۋىلىك پەرىجىسىنى ئۇچىسىغا كىيدى، شايى چۈمبەردىسىنى بېشىغا ئارتتى، قوزۇقتا ئېسىقلىق سېرىق دەستەكنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، زەينەپ ھۇجرىدىن چىققان پېتى، ئالدى-ئارقىسىغا قارىماي مېڭىپ، قوۋۇق قاراۋۇلى ئالدىغا كەلگەندە سېرىق دەستەكنى كۆرسىتىپ قويدى-دە، دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چىقىپلا غايىب بولدى.

تاڭ توخۇلىرى چىللاۋاتاتتى. كۆك مەسچىت تامانىدىن باش ئەزەن ئاڭلانماقتا ئىدى. تەگرى ئۇنىڭ يولىنى ئوڭ قىلغانىدى. شەپەق قىزارغان مەھەلدە ئۇ، پاسىقلار دۇنياسىدىن جۇدا بولۇپ، تەبىئەتنىڭ پاك قوينىدىن ئەركىن نەپەس ئېلىشقا باشلىدى.

ئۇ غەربىي شىمال تامان مېڭىۋەردى. ئۇ، بىر يېزىغا يېقىنلاشقاندا، ئالاقاغدىن كىيىپ كەلگەن كىيىم-كېچەكنى ئالماشتۇرۇپ كىيىۋالدى. ئۇچىسىغا ئارتىۋالغان "چايان بۇۋى"نىڭ چاپان، چۈمپەردىلىرىنى چۆرۈۋەتتى.

كەچمشلرىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇردى:

— سېپىل ئىچىدىكى "يېپىق قەسىر" ئىچىدە سادىر بولغان ھەممە نومۇسسىزلىق ئاشۇ مەيلىخان دېگەن دەللىنىڭ شۇملۇقىدىن بولۇۋاتىدۇ. مەن ئۇ دەللە ھەققىدە نۇرغۇن گەپلەرنى ئاڭلىدىم، ئۇ تېخى ئامبال ئۇرچۇنئانىڭمۇ ئاشنىسى ئىكەن، ئامبالنىڭ خوتۇنى ئۇ ئىككىسىنىڭ پېيىغا چۈشكىلى ئۇزۇن بولۇپتىكەن. ئامبال بىر كېچىسى مەيلىخاننىڭ ھۇجرىسىدا قونۇپ قالغاندا، خوتۇنى ئىز قوغلاپ كېلىپ تۇتۇۋاپتۇ. بۇ خوتۇن شۇ كېچىدىلا ئاللا توۋا سېلىپ، قەلئەنى بېشىغا كىيىپتۇ. ئۇلغىيىۋاتقان ۋاڭ-چۇڭ جېدەلىنىڭ ئۈستىگە چېرىكلەرنىڭ سەركىسى — ئايپاڭ ھاسراپ-ھۆمىدەپ يۈگۈرۈپ كەپتۇ-دە، ئامبالنىڭ كۆنچى خوتۇنىنى كۆتۈرگەن پېتى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ خوتۇن ئاچچىقىغا پايلىماي، ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ. لېكىن، مەيلىخان دەللە بولسا قىرىنغىمۇ ئالماي يۈرۈۋېرىپتۇ. ئۇ، ھەرقانچە قېلىن بولغىنى بىلەن ئەلنىڭ تاپا-تەنە، مەسخىرىسىنى بوش دەمسىز، مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئۈستىدە توقۇلغان تەنە قوشاق، سۆز-چۆچەك ئۇنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىپ، سېسىقىنى خۇددى شامالدا قالغان توزغاقتەك تەرەپ-تەرەپكە سورۇۋەتتى. تېخى "يېپىق قەسىر" ئىچىدە دەرتمەن ئاياللار تەرىپىدىن توقۇلغان مۇنۇ قوشاقلارنى ئاڭلاپ بېقىڭچۇ:

ئارتىۋالسا چۈمپەردە،
بۇۋۇم دەيدۇ، تالادا.
قىلتىقىغا چۈشكەنلەر،
قالدى دەردتە-بالادا.

تارتۇق، قورۇق چۈشسىمۇ،
تۈگمەپتۇ ياشلىقى.

شىپ ھەرقانچە قىلىپمۇ سۇ ئالالمايۋاتقان بۇ ئايالغا ياردەملەشتى.

ئۇ ئايال سۇ تەشنالىقىنى قاندۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇھ، دەپ بىر تىنىپ، ئاندىن ئارقىسىغا سۇرۇلدى-دە، بىر ياپىلاق تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئىككى كۆزىدىن توختىماي ياش قۇيۇلۇپ تۇراتتى.

ھامىلدار ئايالنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندىن كېيىن، زەينەپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئاچا، نەدىن كېلىۋاتىدىلا، قارىسام ئېغىر ئاياغ ئىكەنلا، يەڭگىيدىغان ۋاقىت-سائەتلىرى يېقىن قالغاندەك قىلىدۇ، بۇنداق چاغدا...

زەينەپنىڭ بۇ سوئالى بىلەن تەڭ ھامىلدار ئايالنىڭ ئىچ-ئىچىدىن چىققان ئۆكۈنۈشلۈك ئاھ ئۇرۇشى گويا ئۇنىڭ يۈرەك قېتىدىن پارتلاپ چىققاندەك بولدى-دە، زەينەپنىڭ قەلبىنىمۇ تىترىتىۋەتتى.

ھامىلدار ئايال قولىدىكى قاپاققا ئېلىۋالغان سۇدىن يەنە ئازراق ئوتلاپ ئۆزىنى سەگىتىۋالغاندىن كېيىن، زەينەپكە ھال تۆكۈشكە باشلىدى:

— بۇ يەرگە نېمىگە كېلەتتىم سىڭلىم، سۆزلەپ كەلسەم، دەرد-ئەلەملىرىم بېشىمدىكى چېچىمدىنمۇ كۆپ. "قۇشقاچ يېغلىقى"دا يېزىمىزدىكى ئوغۇل بالىلارنىڭ تولىسى تايغانلارنىڭ قىلىچى ئاستىدا ئۆلۈپ تۈگەشتى. ئەسىرگە ئېلىنغان، مېنىڭدەك خوتۇن-قىزلار مەيلىخان دېگەن دەللىنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز سېپىل ئىچىدە دەپسەندە قىلىندۇق، مەن بۇنداق نومۇسسىزلىققا چىدىماي، جېنىمنى ياقىغا ئالاي، دەپ قېچىپ چىقتىم...

ھامىلدار ئايالنىڭ نەپىسى سىقىلىپ، ئاران-ئاران سۆزلەيتتى. نۇرسىز كۆزىنىڭ چاناقلىرىدىن ياش يۇلتۇزلىرى سىقىپ تۇراتتى. ئۇ، ئېغىرلاشقان بويىنى كۆتۈرەلمەي، يېنىدىكى شېغىل دۆۋىسى ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتتى.

تەركىي دۇنيا ئەھلىنىڭ بۇ پىنھان جەزىرىسىدە ھازىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى.

ھامىلدار ئايال كۆزىنى ئېچىپ، زەينەپكە نەزەر تاشلىدى-دە، ئۆز

يۈمغان پېتى جىمىپ كەتتى. ھېكايىمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى.

ھامىلدار ئايال بۇ تاسادىپىي ئۆزگىرىشتىن ھاڭ-تاڭ قالدى. ئەمما ئۇنىڭ قورسىقىغا جىن كىرىۋالدى-دە، زەينەپكە سوئال قويدى:

— سىزگە نېمە بولدى سىڭلىم؟ بىر يېرىڭىز ئاغرىپ تۇرۇۋاتامدۇ؟ يا مەن كۆڭلىڭىزگە تېگىپ قويدۇممۇ؟

زەينەپ ئۇنىڭ سوئالىنى ئاڭلىماسقا سېلىپ، ئۈن-تىن چىقارمىدى. ھامىلدار ئايالنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپ، مەن دەۋاتقان زەينەپ ئەتىمال-لىم مۇشۇ قىز بولغىيمىدى دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ، زەينەپنىڭ يۈزىگە سىنچىلاپ قاراپ، يېڭىدىن ئۆرلەپ چىققان داغ-سەپكۈنلەرگە كۆزى چۈش-تى-دە، «ئاشۇ زەينەپ دەل مۇشۇ قىز ئىكەن» دەپ جەزملەشتۈردى. ئاندىن ئۇ، زەينەپتىن ئەزۋەيلەپ سورىدى:

— سىڭلىم، ئىسمىلىرى نېمە بولىدۇ؟

ھامىلدار ئايال بۇ سوئالنى تەكرار سورىدى-يۇ، جاۋاب ئالالمىدى. زەينەپ بېشىنى چايقاپ، ئۈپپىتىپ بېرىشنى رەت قىلاتتى.

— بولۇپتۇ، ئىسمىلىرىنى، — دېدى ھامىلدار ئايال، — دېمىسىلىمۇ مەيلى، چىرايلىرى بۆلەكچە تۇرىدۇ، يۈزلىرىگە داغ چۈشۈپتۇ ... بويلىرىدا باردەك قىلىدۇ، ئۆزلىرىگە ئاۋاي بولسىلا، ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە، جۇمۇسلا...

ھامىلدار ئايالنىڭ ئېغىزىدىن ئاشۇ سۆز چىقىشى بىلەن تەڭ زەينەپكە «ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق» بولۇپ كەتتى. ئۇ، ئاستا كۆزىنى ئېچىپ، ھامىلدار ئايالغا مېھرىبانلىق بىلەن:

— رەھمەت ئاچا، سىلى سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىدىن خېلى ئىشلارنى ئۇقۇۋالدىم. مەن سىلىگە ئۆزۈن ھەمراھ بولالمايمەن ...، — دېدى.

زەينەپ ئورنىدىن قوزغالماقچى بولۇۋىدى، ھامىلدار ئايال ئۇنى دەرھال توختىتىۋېلىپ:

ئۇ دەللىگە دەسمايە،
تاۋار، ئەگلىك، قاشلىقى.

تايغان بىلەن ئۆيىدە،
قاپتۇ كىچە تۇتۇلۇپ.
قۇلۇپلانغان ھوجرىدىن،
چىقالماپتۇ قۇتۇلۇپ.

ئاگلىغانلار دېمىدىكەن،
مەيلىخانغا سەت بوپتۇ.
”ئەل قىساسى مىنەلھەق“،
خويما ئوبدان لەت بوپتۇ.

— ئاشۇ ۋەقەدىن كېيىن، — دەپ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى
ھامىلدار ئايال، — مەيلىخان ئالاقزادە بولۇپتۇ-دە، ئۆزىنىڭ ئىش بېجىرد-
دىغان ھوجرىسىغا ئېسىپ قويغان كىيىم-كېچەك، دەستەك، چۆمپەردىلىرد-
نىڭ يوقىغانلىقىنى سېزىپ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممە سەۋەبىنى زەينەپ ئىسىم-
لىك بىر سەھرا قىزىدىن كۆرۈپتۇ. ئاگلىساق، زەينەپنىمۇ ئۇ جادۇگەر
ئالداپ، ئاپپاك دېگەن تايغانغا ئۇرغۇن كۈمۈش بەدىلىگە سولاپ بەرگەن-
مىش...
زەينەپ ئۆزى بىلەن ئالاقىدار بولغان بۇ ھېكايىنىڭ ئايىغىنى ئاگلاشقا
تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى، ئۇ دەرھال ھامىلدار ئايالغا ئىلتىجا قىلىپ:
— ئاچا، بەس بولدى، سىلى ئۇرغۇن راست ئىشلارنى بىلىدىكەنلا،
ئاخىرىنى سۆزلىمەيلا قويسىلا، — دېدى.
ھامىلدار ئايالنىڭ ھېكايىسىنى ئاگلىغانسىرى زەينەپنىڭ ئار-نومۇسى
غالىب كېلىپ، بەدەنلىرى لاغىلداپ تىترىشكە باشلىغانىدى. ئۇ، كۆزىنى

قىلدى-دە، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئاچا، سىلىمۇ ئالاقىدىنىمۇ؟

— ياق، سىڭلىم، مەن...

— ئۇنداقتا بۇ يەردىن قايتىپ كېتەمدىلا؟

— كېتىمەن، لېكىن مۇشۇ يەردە يەڭگىپ بولۇپ ئاندىن كېتىمەن.

زەينەپ قايتا ئېغىز ئاچماي، يەنە جىم بولۇپ كەتتى. ھامىلدار ئايال "مۇشۇ يەردە يەڭگىپ..." دېگەن سۆزىگە ئىزاھ بېرىپ:

— مۇشۇنداق ئېغىر ئاياغ ھالەتتە تۇرۇپ، يېزامغا قايسى يۈزۈم بىلەن ... ، قارىغۇدەك بولسام، مۇشۇ "قىز قالغان" غارىنى تەڭرىمىز سۇدىن، ئۇزۇق-تۈلۈكتىن مەھرۇم قىلماپتۇ. مەن نېمىدىن ئەنسىرەيمەن. ئاڭلىشىمچە، "قىز قالغان" مەلىكە بىلەن ئۇنىڭ چەۋەنداز مۇھاپىزەتچىلىرىمۇ مەڭگۈ ھايات ئىمىش؛ ئۇلار بىزدەك خار-زارلارنى قوغدايمىش. ئۇنىڭدىن سىرت ئەلنىڭ ئىچىدە: "باياۋانلاردا تۇغۇلۇپ قالغان بوۋاقنى كۆك بۆرە تەربىيىلەپ، چەۋەنداز قىلىپ يېتىلدۈرەرمىش" دەيدىغان رىۋايەت بار. مەن مۇشۇ گەپلەرنىڭ بىرسى بولمىسىمۇ بىرى چوقۇم ئۇقتاسىغا كېلىپ قالدۇ، دەپ ئىشىنىمەن، — دېدى.

زەينەپ ھەمراھىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاچ، شىمالدىكى مۇزاتنىڭ قارلىق چوققىسىغا قىزىقسىنىپ قارايتتى. تەڭرىتاغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان سالقىن شامال بۇ ئىككى دەردمەننىڭ مەڭزىنى سۆيۈپ، چاچلىرىنى يەلپۈپ تۇراتتى.

— ئاۋۇ ئېگىز قارلىق تاغنى، — دېدى زەينەپ، ھامىلدار ئايالنىڭ دىققىتىنى بۇراش ئۈچۈن، قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىپ، — كۆرۈۋاتامدىلا. ئۆگەن دەرياسى ئەنە شۇ مۇزات دېگەن چوققىدىن باشلىنىدۇ. مېنىڭ ئاكام ھازىر شۇ يەردە — ئۆگەن دەرياسى ھاشىرىدا ئىشلەۋېتىپتۇ. ئاڭلىسام ئۇ مېنى ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالماپتۇ. ئۇنىڭ مېنى دەپ يۈرەكلىرى سەكپارە بولۇۋاتىدۇ. مېنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىمگە خېلى چاغلار

— تەخىر قىلسىلا سىڭلىم، كۆڭۈللىرىگە تېگىپ قويغان بولسام مېنى كەچۈرسىلە. دەرتمەنلەر ئىچىنى بوشىتىۋېلىش ئۈچۈن مۇڭداشسا كۆڭۈل يارىسى ساقىيىدۇ، دەيدىغان گەپ بار. ئىككىمىزنىڭ دەردى ئوخشاش ئىكەن. بىز تېگىمىزدىن پاك. زاماننىڭ ئۆزى ناپاك؛ قارا زۇلمەت بىزنىڭ پاك قەلبىمىزنى جاراھەت قىلدى. بۇنىڭ ئەيىبكارلىرى — زاماننىڭ زالىملىرى. مانا ھازىر مېنىڭ بويۇمدا بارلىقىنى سىلىمۇ ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدىلا، بۇ مېنىڭ ئۆز ئىختىيارىم بىلەن بولغانمۇ؟ مەن بۇ دەردىمگە ئۆلەيمۇ، كۆيەيمۇ؟ — دېدى.

ھامىلىدار ئايال سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئىچ-ئىچىدىن سىيرىلىپ، ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

كۆلچەكنىڭ نېرى قىرغىقىغا نۇرغۇن قارلىغاچ ۋە ساي تورغايلىرى ئۇچۇپ كېلىپ، ۋىچىرلىشىپ سۇ ئىچىشمەكتە ئىدى. پاكار ئۆسكەن چاتقاللىقلار ئۇستىدە غورۇلايلار بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن سار، كۆكنەكلەر چوك دائىرە ياساپ ئايلىناتتى.

ھامىلىدار ئايال ئېسىنى يىغىپ، كۆلچەك قىرغىقىدىن سۇ ئىچىۋاتقان قارلىغاچلارغا نەزەر تاشلىدى-دە، ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە قالغان بىر خاتىرىنى زەينەپكە دېدى:

— مەنمۇ، سىلىمۇ ئاتا-ئانىمىزدىن ئايرىلغان يېتىمە ئىكەنمىز. يېتىم قالغان جەرەن قوزىسى، ئاسانلا يىلپىزغا يەم بولغىنىدەك، ئىككىمىزنىڭ تەقدىرىمۇ مانا شۇنداق بولۇپتۇ. مەن ھازىر ئاۋۇ قارلىغاچلارنى كۆرۈپ، ئانام رەھمەتلىكنى ئەسلەپ قالدىم. ئۇ دائىم ماڭا: "قارلىغاچ قارانىمە، قانىتىدىن ئايرىلمىسۇن، قىز بالا ئاجىز نېمە، ئانىسىدىن ئايرىلمىسۇن" دېگەن قوشاقنى ئېيتىپ بېرەتتى. مەن كىچىك چېغىمدا ساددىلىق قىلىپ، ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمەپتىمەن. مانا ئەمدى پۇشايماننى ئالدىغان قاچا يوق...

ھامىلىدار ئايالنىڭ بۇ سۆزلىرى جىمىقىپ كەتكەن زەينەپكە تەسىر

قوي-قوزىلىرىنىڭ مەرەشلىرى، ئوتتۇنچىلارنىڭ هايت-هۇيتلىرى جىلغا-ئىدىرلىق جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى.

جاپالىق مۇساپىلەرنى كېزىپ، هارغىنلىق يەتكەن بۇ سەرگەردان پېنىمە قىز داق يەردە شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ ياتقان بىر كۈنى، بىر ئاقساق قوزا كەلگەن پېتى ئۇنىڭ قۇچىقىغا چاپلىشىپ ياتتى-دە، زەينەپنى ئۇيقۇسىدىن چۆچۈتۈپ ئويغاتتى.

زەينەپ قوزىنى باغرىغا باستى. ئۇنىڭ يۇمران بۇدۇر قارا مويلىرىنى سىلىدى، يۈزلىرىگە سۆيدى. ئۇنىڭ قاپقارا چىرايلىق كۆزلىرى زەينەپنىڭ دەردمەن كۆزلىرىگە مېهرىبانلىق بىلەن تىكىلەتتى.

قارا قوزىنىڭ بىر پۇتى سۇنۇپ ئازار يېگەنىدى. زەينەپ كۆڭلەكنىڭ ئېتىكىنى يىرتىپ، بىر پارچە لاتا تەييارلىدى-دە، قوزىنىڭ زەخىم يېگەن پۇتىنى تېڭىپ قويدى. ئۇ ئەتراپتا يېقىندىلا ئۆتكۈزۈلگەن زاراخەتمە ساخاۋەتچىلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن ئاشلىق، نان ۋە باشقا يېمەكلىكلەر زەينەپنىڭ ئېسىگە كەلدى-دە، ئۇنىڭدىن ئازراق ئېلىپ كېلىپ، قوزىغا يېگۈزدى. ئېتىكى بىلەن سۇ كەلتۈرۈپ ئىچكۈزدى. "ئاھ، ماڭا ئوخشاش ئازار يېگەن قوزام، يارانقان ئىگەم سېنى ماڭا هەمراھلىققا ئەۋەتكەندىمۇ، قېنى سۆزلىگىنە قوزام ... " دېدى زەينەپ، ئۆزىگە ئۆزى.

بىر مەھەلدىن كېيىن، زەينەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، قوزىنى قۇچىقىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ، جىلغا ئىچىگە قاراپ ماڭدى. پەسكىرەك چۈشكەندە، يىراقتا بىر پادا قوي ئوتلاپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردى-دە، قارا قوزىنى قۇچىقىدىن يەرگە چۈشۈرۈپ، قوي پادىسى تەرەپكە هەيدىدى. لېكىن، قارا قوزا ماڭماي تۇرۇۋالدى.

— ئاناڭ شۇ يەردە قوزام، بېرىپ ئاناڭنى تېپىۋال، يۈرە، ماڭە ...، — دەيتتى زەينەپ، ماڭماي تۇرۇۋالغان قوزىغا قاراپ كەينى-كەينىدىن.

بولۇپ قالدى. مەن سىلىگە ئىچكىپ قالغان بولسامۇ، ئاكامنى تاشلىۋېتىش-
كە كۆزۈم قىيمايۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭغا كۆرۈنۈپ قويۇپ كېلەي دەۋاتىمەن.
خەير ئەمىسە، سالامەت بولسىلا...

زەينەپ ھەمراھى بىلەن خوشلىشىپ، غەربىي جەنۇب تامان يۈرۈپ كەتتى.

قۇياش ئەمدىلا غەربكە قىيسايغان چاغ. پېژغىرىم ئىسسىققا قارىماي، قىزىپ كەتكەن شېغىل تاشلار ئارىسىدا، كەسلەنچۈك، پاتمىچۇقلار مۆكۈش-مەك ئويناشقاندەك ھەر تەرەپكە چېپىشىپ يۈرەتتى.

كەلكۈنلەرنىڭ خارابىسى — شېغىللىق يارداڭلىقلار باغرىدا ئۆسكەن قاغىدالىملارنىڭ ئىنچىكە بوغۇنلىرى سۇسىزلىقتىن ساغىرىپ تۇراتتى.

"باشقا كەلگەندە باتۇر" دېگەندەك، زەينەپ ھېچنېمىگە پىسەنت قىلماي، تەۋەككۇل سەھراسىغا قەدەم قويغانىدى.

ئۇ، سايمۇساي، ئېدىرمۇئېدىر كېزىپ ماڭاتتى. ئۇنىڭ تاپانلىرى تېشى-لىپ مادارى قالمىغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ نومۇس كۈچى ھەرقانداق جاپا، دىشۋارلىقنى يېڭىشكە قادىر ئىدى.

ئۇ، "قىز قالغان" غارى يېنىدا قالغان بايىقى ھامىلدار ئايالنىڭ ئېغىزىدىن ئۆزى ھەققىدە ئاڭلىغان گەپ-سۆزلەرنىڭ ئەل ئىچىگە تاراپ كەتكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، ئۇنىڭ كۆزىگە قىزىللىق تىقىلات-تى، ئىچى تىتتىلاپ، سەۋر قاچىسى تولۇپ باراتتى. بۇ دۇنيادا ياشاش ئۇنىڭغا ھارام بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى.

ئەمما ئۇ، ئاشۇ سىناقلارغا چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ، بەرداشلىق بېرىش قارارىغا كەلدى-دە، ماڭا-ماڭا ئاخىر يېتىم-يېسىرلارنىڭ پاناھخانىسىغا ئايلانغان "قۇمتۇرا" غارىغا يېتىۋالدى. زەينەپ بۇ ئېتىكاپخانا دەرگاھىدا بىر مەھەل پاناھلاندى.

"قۇمتۇرا" غارىنىڭ ئەتراپى يايلاق ۋە ئوتۇنلۇق ئىدى. پادىچىلارنىڭ

— تەقدىر بىلەن، — دېدى زەينەپ جاۋابەن.

— سىلىگە قارىسام ھامىلىدار ئوخشايلا، بالىنىڭ دادىسى...؟

— تەقدىر.

— ئەمدى قانداق قىلاي دەيدىلا؟

— تەقدىر باشلىغان يولدا ماڭىمەن.

— قارىسام، خېنىم باشلىرىغا دەرد كەپتۇ. ئەگەر ئەرلىرى سىلىگە قارىماي، ئاجرىشىپ كەتكەن بولسىلا، بولۇپتۇ قورساقلىرىدىكىگە مەن ئىگە بولۇپ، باشلىرىنى سىيلاي، قانداق مەن بىلەن بىللە ئۆتۈشكە...

— رەھمەت، رايىم يوق.

زەينەپنىڭ جاۋابى پادىچىنىڭ بېشىنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. ئۇ، بۇ قىز مېنى كولدۇرلىتىۋاتىدۇ دەپ ھېس قىلاتتى. زەينەپ بولسا ئۆزىنى خارلىغان، بىگۇناھ جازالىغان تەقدىردىن ئاغرىناتتى. بۇ يەردە پەيدا بولغان سىرلىق تېپىشماقنى قانداق يېشىپ چىقىشقا پادىچىنىڭ ئەقلى يەتمەي، ئاخىرىدا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ دېدى:

—مەنمۇ راستىمنى دېسەم، تەقدىر بىلەن ئاشۇ "ئاق شەھەر" دەيدىغان پاشلىق يەرگە تۇتۇلغاندىن بېرى ئەھمەت ۋاڭنىڭ قويچىسى بولۇپ يۈرۈۋاتىمەن. مەن بېقىۋاتقان مۇشۇ قوي پادىلىرىمۇ ئەھمەت ۋاڭغا قارايدۇ. مەن بۇ قويلارنى ھەيدەپ ئاق شەھەردىن بۇ يايلاققا يېقىندىلا يېتىپ كەلدىم. ئاق شەھەر ئەتراپىدا قوي بۇلايدىغان قاراقچىلار كۆپىيىپ كەتتى. "قومتۇرا" ئەتراپىدىكى يايلاقلار خېلى تىنچ ئىكەن. مەن مۇشۇ كۈنۈمگە رازى. لېكىن، ماڭا ھەمراھلىققا بىر خوتۇن كىشى يوق. شۇڭا سىلى ماقۇل بولسىلا، بىز بىرگە...

زەينەپ، پادىچىنىڭ ساددا خىيالىغا قارىتا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— تەقدىر ئۇرۇنلاشتۇرغان غالچىلىق تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالدىم، بىللە غالچا بولايلى، دەيدىكەنلا، شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

لېكىن قوزا كەينىگە تېيىشىپ، مېڭىشقا زادىلا ئۇنىمايتتى. ھېچ ئامال قىلالماي زەينەپ ئۇنى كۆتۈرۈپ قوي پادىسى يېنىغىچە يەتكۈزۈپ قويۇپ، كەينىگە ياناي دېيۋىدى، ئوتتۇرا ياشلىق چوپان كېلىپ زەينەپنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— بۇ قوزىنى ئىزدەپ تاپالماي، بېشىم قېتىپ تۇراتتى. سىلىنىڭ يەتكۈزۈپ بەرگەنلىرىگە كۆپ رەھمەت. بۇ يەردە بىردەم ئولتۇرۇپ، ماڭا مېھمان بولۇپ قايتسىلا. ئازراق گۆشۈمۇ، يەنە نانمۇ بار، تارتىنماي كېلىپ ئولتۇرسىلا، بۇ چۆل دېگەندە خوتۇن كىشى ئادەمنىڭ كۆزىگە قىزىلگۈل بولۇپ كۆرۈنىدىكەن. زەيمۇ ئوبدان كەلدىلە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماڭا تازا بىر ياخشى ئىش قىلىپ بەردىلە ...، — دېدى.

— ياق، ياق، كېلىمدىن ھېچنېمە ئۆتمەيدۇ، مەن ئاستا كېتىۋالاي، ئىچىم ئېلىشىپ بولالمايۋاتىمەن، قۇسقۇم كېلىپلا تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى زەينەپ بىئارام بولۇپ.

زەينەپ ئاشۇ سۆزنى قىلىش بىلەن تەڭ ئارقا-ئارقىدىن ھۆ بولۇپ قۇسۇشقا باشلىدى. پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىپىلداپ ئېقىپ تۇراتتى. پادىچى يېلىنىڭ چاپىنىنى يەرگە سالدى-دە، زەينەپنى يۆلەپ ياتقۇزۇپ قويۇپ:

— ھېچقىسى يوق، بويىلىرىدا باردەك قىلىدۇ، سېزىك بولۇپ قالغان-دەك قىلىلا، بىر دەم ئارام ئېلىۋالسىلا، ئۇخلىشىپ كېتىدىلا خېنىم، مەن سىلىگە چاي قايناتىپ تۇراي، سىلى غەم قىلماي راھەتلىنىپ ئۇخلىۋالسىلا، — دېدى.

زەينەپ بىر ئاش پىشىم ۋاقىت راھەتلىنىپ ئۇخلاپ، ئېسىگە كەلدى. پادىچى ئۇنىڭ ئالدىغا نان، چاي كەلتۈردى ۋە زوقمەنلىك بىلەن ئۇنىڭ تەمق-تۇرقىغا زەن سېلىپ چىققاندىن كېيىن ئېغىز ئېچىپ:

— خېنىم، بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— بايراق، مەن سىلىگە يەتكۈزۈپ بەرگەن ئاقساق قوزا يېنىمغا كېلىشتىن بۇرۇن، مەن شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقانىدىم. چۈشۈمدە بىر ئاق ساقاللىق بوۋاي مېنى ئۆگەن دەرياسى يىگىتى بىلەن نىكاھ قىلىپ قويىدى-غانلىقىنى ئېيتتى. ئاق ساقاللىق بوۋاينىڭ دېيىشىچە: ”دۇنيا“ دېگەن گۈللىنىغۇچى مەنىسىدە، ”پانىي ئالەم“ دېگەن يالغانچى مەنىسىدە، ”ئىنسان“ دېگەن ئۇنۇتقاق، ۋاپاسىز مەنىسىدە ئىكەن. تەقدىرنى پالاكەتلەشتۈرگەن، ئەخمەق قىلىپ ئوينايدىغان ئاشۇ ئۈچ نەرسە ئىكەن. ئاتامنىڭ، ئاپامنىڭ ئۆلۈمى، مېنىڭ ئېيپەت-نومۇسۇمنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىشىمۇ ئاشۇ ئۈچى-نىڭ شەرمەندىلىكىدىن بولۇپتىكەن. ئاق ساقاللىق بوۋاي ئاخىرىدا مۇنۇلار-نى دېدى: ”قىزىم، نومۇس ئوتى سېنى كۆيدۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ، لېكىن سەن ھەممىدىن پاك. بارلىق نەپسى يامان، قارا يۈرەك مەلئۇنلارنى جەھەننەم تونۇرىدا كۆيدۈرىمەن. مەن سېنى ئۆگەن دەرياسى يىگىتى بىلەن نىكاھ قىلىپ قويغاندىن كېيىن، جەننەتتە ھۆر-غىلمانلاردەك ئەركىن ھايات كە-چۈرىسىلەر. نومۇسنى قەدىرلەيدىغان ئوغۇل-قىزلارنىڭ مۇكاپاتى ئەنە شۇ...“

زەينەپ سۆزلىگەن بۇ چۈش، ئۇنىڭ رېئال ھاياتى ۋە ۋىجدان ئىرادىسىنىڭ ئەينەن تەسۋىرى ئىدى. ئۇ، چۈشىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، پادىچىنىڭ كۆزىگە تەبەسسۇم بىلەن قاراپ، ئۇنىڭدىن يەنە سورى-دى:

— قېنى، بۇ چۈشۈمگە تەبىر بېرەلەمدىلا؟ مېنى ئۆگەن دەرياسى يىگىتى بىلەن تالىشىپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالامدىلا؟

پادىچى يىگىت بېشىنى قاشلىغان پېتى، لام-جىم دېيەلمەي، ئولتۇرۇپ قالدى.

زەينەپ ئورنىدىن تۇردى-دە، پادىچىغا رەھمەت-ھەشقاللا ئېيتىپ كۈلۈمسىرىگەن پېتى يۈرۈپ كەتتى.

كۈن چۈشتىن قايرىلغان چاغ: ”قۇمتۇرا“نىڭ ئۇستۇنكى تەرەپلىرى-

— بۇمۇ تەقدىر بىلەن، — دېدى پادىچى جاۋاب بېرىپ.

— لېكىن، مەن ئۇنداق ئادالەتسىز تەقدىرگە، — دېدى زەينەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ھەرگىز تەن بەرمەيمەن. مۇنداق بىر ئىشنى تەڭگىم كېلىدۇ، ئاق شەھەردە قوي بولغان قاراقچىلارنى مەيلىگە قويۇۋېتىپ، ئەھمەت ۋاڭنىڭ پادىچىسى پەلەك ئۇستامنى جازالىغان تەقدىرنىڭ ئادىللىقى قېنى؟ ئاق شەھەردە سادىر بولغان ئىش، بۇ يەردە بولماي قالارمۇ؟ شۇڭا سىلىنىڭ غالچىلىقلىرىغا تەڭ شېرىك بولۇشقا مېنىڭ قانداقمۇ رايىم بارسۇن دەيدىلا؟...

زەينەپنىڭ سۆزىدىن كېيىن پادىچى بىر ئاز ئويلىنىپ قالدى، ئارقىدىن ئۇنىڭغا مايىللىقىنى بىلدۈرۈپ:

—گەپلىرى توغرا، قەدىمدىن "ھالۋىنى ھېكىم يەر، تاياقنى يېتىم" بولۇپ كېلىۋاتقان تەقدىر بولغىنى ئۈچۈن، پېشانەمگە پۈتۈلگىنى مۇشۇ غالچىلىق ئوخشايدۇ، دەپ شۈكۈر قىلىپ يۈرۈۋاتىمەن. مەن سىلىنىڭ باياتىندىن بېرى تەقدىرنى مازاق قىلغانلىقلىرىنى مانا ئەمدى چۈشەندىم، — دېدى.

— ئۇنداقتا مەن سىلى بىلەن بىرگە بولالمايدىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنىمۇ چۈشىنىپ قالسىلا، قورسىقىمدىكى بالا بولسا مەن بايا دەپ ئۆتكىنىمدەكمۇ چۈشىنىپ قالسىلا، قورسىقىمدىكى بالا بولسا مەن بايا دەپ ئۆتكىنىمدەك، ئۇ رەھىمسىز تەقدىرنىڭ بالىسى. مەن ئۇنى تەقدىرنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇپ بېرىمەن. بۇ سۆزۈمنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلىدىلىمۇ؟ — دېدى زەينەپ ئەستايىدىللىق بىلەن.

پادىچى بېشىنى چايقاپ چۈشەنمىگەنلىكىنى ئىپادىلىدى. زەينەپ كۈلۈپ تۇرۇپ، پادىچىدىن يەنە سورىدى:

— ئۇنداقتا، سىلى چۈشكە تەبىر بېرەلەمدىلا؟

— قېنى ئېيتىپ باقسىلا، ئاڭلاپ باقاي، — دېدى پادىچى.

زەينەپ بىردىنلا روھلىنىپ ۋە تەيلىك بولۇپ پادىچىغا چۈشىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

## سەككىزىنچى باب

# ھودۇقۇش

قورققانغا قوش كۆرۈنەر، ھودۇققانغا مۇشت
— ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى

يۇقىرىدا كىتابخانلارغا ئايان بولغىنىدەك، بۇ دىيار سەھنىسىدە ئارقا-ئارقىدىن يۈز بەرگەن ۋەقەلەر گويا يەر تەۋرەش ئالدىدا چاشقانلارنىڭ ھودۇققىنىغا ئوخشاش، خانئامبال مەھكىمىسى بىلەن ۋاڭ ئوردىسىنىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

بۇ ھال ئۇلارنىڭ سەلتەنەت باغلىرىنىڭ خازان بولۇۋاتقانلىقى، تاج-ئوتىغاتلىرى گۈللىرىنىڭ توزۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ھودۇقۇش ۋەھىمىسى، قورغاننىڭ ئىچى-تېشىنى ئەندىشىگە سېلىۋاتقان جىددىي پەيتتە، ئەھمەت ۋاڭ بىر مۇھىم ئوردا كېڭەشى يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ ئالاھىدە يىغىن چىنۋاڭ ئوردىسىنىڭ ھەشەمەتلىك زالىدا ئۆتكۈزۈلدى.

ئوردا ئىچىگە كىرىش ئېغىزىغا مەرمەردەك پارقىراپ تۇرىدىغان ئاپئاق تاشتىن پەلەمپەيلەر ياسالغان، ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا تۆت تۆۋرۈكلۈك كىچىك

ـدىكى شالدىراڭ تاغلىرىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ھاۋانىڭ تەلەتى بۇزۇلغان بولۇپ، قاراجۇدۇندىن بەلگە بىرىپ تۇراتتى. يامغۇرلۇق بۇلۇتلار "قۇمتۇرا" تاغلىرىنىڭ ئۈستىگە يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى.

ئەنە شۇ مەھەلدە، زەينەپ غار تېغىنىڭ ئۆگەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغا دەل كېلىدىغان قاپتىلىدا پەيدا بولدى. بايىقى پادىچى ئولتۇرۇپ قالغان يەردىن قاپتال ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىرسى ئۇنىڭغا "ھوي، قارا" دەپ بېشارەت قىلغاندەك، پادىچى دەررۇ قىرغاققا كۆز تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆزىدە خۇددى تويغا ھازىرلانغان بىر گۈزەل پەرىزات نامايان بولدى. پادىچى ئورنىدىن ھاياجان ئىچىدە قوزغالغان چاغدا، زەينەپ ئۆزىنى ئۆگەن دەرياسىنىڭ قوينىغا ئاتتى. ئۇنىڭ جەسىتىنى شۇ كۈنى چېرىك ئۈستەڭ ھاشىرىدا ئىشلەۋاتقان ئاكىسى قۇربان بىلەن ئاشىقى ياسىن سۈزۈۋالدى.

بويىچە ئۇنىڭغا ھۆرمەت بەجا كەلتۈردى.

ئەھمەت ۋاڭ كۆپچىلىككە تەھقىقلەش نەزىرى بىلەن بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، مۇددىئاسىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— بۈگۈن ھەرقايسىلىرىنى سېغىنىپ، بۇ يەرگە جەم قىلىپ، كىچىك-كىنە مۇڭداشقىم كەلدى. پېقىرنىڭ ئۆمرى ئاز قالدى، يېشىم مانا يەتمىشنىڭ قارىسىنى ئالدى...

ئەھمەت ۋاڭ ئېگىز بويلۇق كىشى بولۇپ، بېشىغا زەرباپ پەيمۇزا كىيگەن، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا مۇنچاقلىق تاجدار ئۇتىغات تاقىغان، ئۇچىسىغا توق سېرىق تاۋاردىن ياكى تەرەپلىرى ئىزمىلىك ئۇزۇن تون كىيگەنىدى.

— مەن خان تەزىمى ئۇچۇن، — دېدى ئەھمەت ۋاڭ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇنىڭدىن بۇرۇن ئىككى رەت بېيجىڭغا بارغان. ئاراڭ-لاردا ماڭا شۇ كەمدە، بۇلغۇن، سۇلەيسۇن، قاما ۋە قۇندۇز تەلپەك قاتارلىق سەرۇپايلارنى يوللۇق ھەدىيە قىلغانلار بار. مەن بۇنى زادى ئۇنتۇپ قالمايمەن. مەن، پاشانىغىمىزغا قارىماي، خان تەزىمى ئۇچۇن يەنە بىر نۆۋەت بېرىپ كېلىشنى نىيەت قىلغان بولساممۇ، بىراق، ھازىر بەزى ئىشلاردىن كۆڭلۈم ئەمىن تاپالماي تۇرۇۋاتىدۇ. ھەر بىرىڭلارغا ئايان بولۇپ تۇرۇپتىكى، بىزگە تەۋە بولغان مۇشۇ دىيار دائىرىسىدە يېقىندىن بۇيان ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان بەزى ۋەقەلەر يۈز بەردى، دىيارىمىز ئاسمىنىدا ياۋا بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. مادامىكى، پەسىللەر ئارا بۇلۇتسىز ئاسمان بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەسقۇ...، ئەمما، يۇرتنىڭ تىنچ، مۇقىملىقى، خاتىرجەملىكى ھەممىدىن مۇھىم ئىدى...

ئەھمەت ۋاڭ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، يۆتىلى قىستاپ قال-دى-دە، يېنىدىكى مۇلازىمىغا قول ئىشارە قىلدى. مۇلازىم شۇئان مىس دەستىلىك ئۇزۇن غاڭزىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئىككى قوللاپ چىنۋاڭغا ئۇزاتتى ۋە غاڭزىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ بەردى.

ئەھمەت ۋاڭ غاڭزىنى كەينى-كەينىدىن شوراپ، خۇمارىنى باسقاندىن

قوش راۋاقچە قورۇلغان، بۇ راۋاقچىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە ئېسىلغان چىرايلىق پېشىل قەپەستە تۇتى قۇشلار سايراپ تۇراتتى.

ئاشۇ راۋاقنىڭ نېرىراقىدا، ئەتراپى گۈللەر بىلەن قورشالغان بىر چوڭ كۆل بولۇپ، ئۇردا دەرۋازىسىدىن تاكى كۆلنىڭ لېۋىگىچە — سايىۋەنلىك كارىدور سوزۇلغانىدى.

كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپى قىزىل سىرلىق رېشاتكا بىلەن ئورالغان، كارىدورنىڭ ئۈستى تەرىپى نەقىشلىق پېشايىۋان، ئاستى بولسا قىزىل سىرلانغان تاختاي يول ئىدى.

كارىدورنىڭ ئىككى قاسنىقىغا تەكشى، قاتار قويۇلغان ئانار دەرەخلىرى باراقسانلاپ ئۆسكەن، ئۇنىڭ ئارىلىرىدا بولسا لالە، رەيھان گۈللىرى خۇش پۇراق چېچىپ تۇراتتى.

ئۇردا قوۋۇقىنىڭ ئۈستى مېھراب قۇببىسى شەكلىدە ئويۇلۇپ، ئۈچ تەرىپىگە بۇغداي باشقى قاپارتما قىلىنغان نەپىس نەقىشلەر بېرىلگەن. چوڭ زالنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتى تۆت بۇرجەكلىك ئېگىز راۋاق بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممە ياغاچلىرىغا ئەجدىھا سۈرەتلىك نەقىشلەر ئويۇلغانىدى. زىياپەت زالنىڭ دېرىزىلىرىدىكى گۈللۈك دۇخاۋا پەردىلەرنىڭ چۆرىسىدىكى ئۈنچە-مارجانلار كۆزلەرنى چاقنىتىپ تۇراتتى. زالنىڭ ئىچىگە ۋە كارىدورلارغا قىزىل گىلەملەر بىلەن پايانداز سېلىنغانىدى.

زالنىڭ تۆر تەرىپىگە ۋاكلىق تەخت تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، تەخت ئۈستىگە يىپەك گىلەم بىلەن كىمخاپ يېپىلغانىدى. تەخت يېنىغا قويۇلغان شىرە ئۈستىگە چىرايلىق جانان چىنىلەر تىزىلغانىدى.

يىغىن زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا قارا دۇخاۋا بىلەن قاپلانغان ئۇزۇن شىرە قويۇلغان، ئۇنىڭ ئەتراپىغا قاتار قىلىپ نۇرغۇن ئورۇندۇقلار تىزىلغانىدى.

ئۇزايىدىن خېلىلا ياشنىپ قالغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان ئەھمەت ۋاڭنى ئىككى نۆكەر قولتۇقىدىن يۆلەپ تەختكە ئولتۇرغۇزغاندا، يىغىن ئەھلى ئورۇنلىرىدىن قائىدە-يوسۇن بىلەن تۇرۇشتى-دە، ئۇردا نىزامى

قىلچە ئەرزىمەيدۇ. چىنۋاڭ غوجام ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا قارىتا تۈزكورلۇق قىلغانلار بىر قىسىم ئازغۇن، شەيتان پىرقىسىدىكىلەردۇر، — دېدى.

مىرزا مۇھەممەتنىڭ ئاشۇ سۆزلىرىگە مەمنۇن بولغان ئەھمەت ۋاڭ بىردىنلا ئۆزىگە تەۋە بولغان دۇنيادەپىنە ۋە بايلىق خەزىنىلىرىنى پەش قىلىشقا كۆچۈپ:

— پېقىر چىنۋاڭ، ئۇششاق پۇقراغا ھەرگىز موھتاج ئەمەس. پېقىرغا پۇقرىدىن كېلىدىغان يىللىق مائاش-تەمىنات 74 يامبۇ، قوچىن خېنىمغا بولسا 35 يامبۇ، بۇ بىزنىڭ بىر يىللىق خەج-خىراجىتىمىز، چىقىم-سەرپىيا-تىمىزغا يېتىپ ئاشىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت نۇرغۇن باغلىرىمىز، ھېسابسىز تېرىلغۇ-زېمىن ۋە يايلاقلىرىمىز، تۈمەنلىگەن چار پايلىرىمىز، نۇرغۇن تۆگ-مەن، جۇۋازخانىلىرىمىز، يەنە ئوردىدىكى خەزىنە-بايلىقلىرىمىز بىزگە مۇل-كىي مىراس بولۇپ تۇرغان چاغدا، قېنى ئويلاپ كۆرۈڭلار، بىزنىڭزە، ئاشۇ پۇقراغا ھاجىتىمىز چۈشەتتىمۇ؟ — دېدى.

ئەھمەت ۋاڭ ئۆزىگە تەۋە بايلىقلار تىزىملىكىنى خۇددى نەسۋە سېيرىغاندەك بىر-بىرلەپ ئۆتكۈزۈپ، تەمەننا سەھنىسىدە جار سېلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە داۋاملاشتۇردى:

— بۇ خەزىنە بايلىقلىرىمىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ بەختى-پېشانىسىگە مەنسۇپ بولغان، ئۇ، نۇسرەت تونۇكىدىن چۈشۈپ جەم بولغان. ئۇنىڭغا كۆزىنى قىزارتىشقا كىمنىڭ ھەققى بار؟ ۋەھالەنكى، پەلەك گەردىشىنىڭ ئەبەدىيلىك مىزانى بويىچە ئالغاندا: "پۇقرا ئەمەلدارلارغا تايانماي، ئەمەلدار-لار بولسا خانغا تايانماي ياشىيالمايدۇ" ئەمەسمۇ؟...

ئەھمەت ۋاڭ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە يەتكەندە، ئۇنىڭ مىرزىسى مىرزا مۇھەممەت يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ "ئەلھەق" دەپ ئۈنلۈك توۋلاپ، دوست تارتتى. يەنە بىرمۇنچە ئەمەلدارلارمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ دوست تارتىشتى.

ئەمما، ئەھمەت ۋاڭ بۈگۈنكى كېڭەش يىغىنىغا يەنە ئوخشاش پىكىردە بولمىغان بىرمۇنچە ئابرويلۇق مۆتىۋەرلەرنىمۇ تەكلىپ قىلغانىدى. بۇندافلار

كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بوۋىمىز مىرزا ھۆدى بەگ[1]دىن باشلاپ، چىنۋاڭلىق مەنسىپى جەمەتىمىزگە مەنسۇپ بولغاندىن بۇيان ۋارىسلىق ئۇزۇلمەي كېلىۋاتىدۇ.

ئەھمەت ۋاڭ ئەجدادلىرىنىڭ نام-شېرىپلىرىنى بارماق بىلەن بىر-بىرلەپ ساناپ چىققاندىن كېيىن:

— ئەنە شۇ ئۇزۇن يىللار داۋامىدا، تارىخ ئاسمىنىدا نەچچە رەت قارا بۇلۇت پەيدا بولغان بولسىمۇ، يەنە تېزلا غايىب بولۇپ كەتكەنىدى. پەلەك چاقى ئاۋۋالقىدەكلا چۆرگىلەۋاتىدۇ. پەلەكنىڭ پەللە پايانى، نەسەب پەيمانى ئەنە شۇنداق ... مادامىكى، ھازىر بەزى بەغەرەزلەر ئۆسەك تارقىتىپ: ”چىنۋاڭ غوجام ئۆز نەپسى بىلەن بولۇپ كەتتى، باج-سېلىق ئېغىرلاشتى...“ دەپ قارىسىغا سۆزلەپ يۈرۈشۈپتۇ. پۇقرانىڭ ئالۋان-سېلىق تۆلىشى ئەلمساقتىن تارتىپ ۋاجىب بولۇپ كېلىۋاتقان ئىش تۇرۇقلۇق يەنە ئۇنىڭغا ئۆكتە قوپسا، نېمە دېگۈلۈك؟ — دېدى.

ئەھمەت ۋاڭ بۇ سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ مەيلىنى سىناپ كۆرمەكچى بولدى. لېكىن، ھەممەيلەن خېلى بىر ۋاقىتچە زۇۋان سۈرۈشمىدى. ئارىدىن بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن ئەھمەت ۋاڭنىڭ مىرزاكاتىپى — ئوردا شائىرى مىرزا مۇھەممەت خوجايار ئورنىدىن تۇردى-دە، ئەھمەت ۋاڭغا ئەدەب-تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— چىنۋاڭ غوجام ئالىيلىرى توغرا ئېيتتىدۇ، ئۇششاق پۇقرا ھەرگىز لىللا گەپ قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆسەك سۆزلىرىنى تەگەپ ئولتۇرۇشقىمۇ

---

[1] بۇ يەردە كوچا ۋاڭلىرىنىڭ نەسەب تىزىملىكى كۆزدە تۇتۇلۇۋاتىدۇ، مىرزا ھۆدى بەگ كوچا ۋاڭلىق تارىخىنىڭ تۇنجى ئاساسچىسى. ئۇ، باشتا كوچا، باي، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا ھاكىم بەگ بولغان، 1759-يىلى ئۇنى چىڭلوڭ كوچاغا بىرىنچى دەرىجىلىك چىنۋاڭ قىلىپ كۆتۈرگەن. ئۇنىڭ ۋارىسلىرى: مىرزا ئوسمان، رىزاشاھ سىبتىۋالدى، مىرزا ھېكىم بەيسى بەگ، مىرزا ئىسھاق چىنۋاڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھمەت ۋاڭ، ئەھمەت ۋاڭدىن كېيىن، مىرزا ھاموت ۋاڭ، مىرزا ماموت ۋاڭ، مۇھەممەت ئىمىن شىتەي ۋاڭ، مەھپۇز ۋاڭ ... قاتارلىقلارغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن. — ئاپتوردىن

يۇمۇپ كۆزىنى كىيىم پىچىسا بولۇپ لەت، ئەلدە نەپرەت بار.

شاھسەنۇبەرنىڭ جاۋاب مۇشائىرىسى تۈگىشى بىلەن زالدا ئۇزۇنغىچە كۈلكە سادالىرى ياڭراپ كەتتى. ئەھمەت ۋاڭمۇ بۇ مۇشائىرىگە تەرەللى بولمىغانلىقى ئۈستىگە، قاقاقلاپ كۈلۈپ، تەختتىن سەنتۈرۈلۈپ چۈشۈپ كېتىشكە تاس قالغانىدى.

مىرزا مۇھەممەت بىر چەتتە دومسىيىپ ئىزىدا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ چاپانچىلىق ۋە باشقىلارنى كۆيدۈرىدىغان خۇيلىرى ئوردا ئىچىدە ھەممىنى بىزار قىلاتتى. ئۇنىڭ سىڭا كۆزىنىڭ جىرتاقلىقى شاھسەنۇبەر ئۈچۈن دەستەك بولۇپ بەرگەنىدى.

ئەھمەت ۋاڭ كۈلكىسى توختىغاندىن كېيىن، ئارقىدىن دېدى:

— بىزنىڭ ئوردا جەمەتىمىز شائىرلارنى يېتىشتۈرۈشكە كۆڭۈل بۆل-گەندىن سىرت، يەنە ئەلنەغمىچى ئۇستىلاردىن: كېرەم سۇناي، قاسىم داپەندە، ھېلىم ساتار، سېلىم تەمبۇر قاتارلىق سازەندىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. ئاشۇلار ئىجاد قىلغان ناخشا، مۇزىكىلارنى ھەرقانداق ئادەم ئاڭلىسا ئىزىدا تۇرالماي ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىدۇ. مەن پات يېقىندا ئۇلارغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ، سىلەرگە بىر مۇزىكا بەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇپ بەرمەكچى-مەن.

ئەھمەت ۋاڭ ئاندىن باياتىن بېرى كۆڭلى سۇنۇق ئولتۇرغان مىرزا مۇھەممەتكە دارىتىپ:

— مىرزا مۇھەممەت سىزمۇ ئاشۇ مۇزىكا بەزمىسگە ئاتاپ، ئوبدان نەشئار ئوقۇپ بىېرىشكە ھازىرلىق كۆرۈپ قويغايسىز، — دېدى.

مىرزا مۇھەممەت شۇئان پەيدەك يىنىكلىشىپ، ئەھمەت ۋاڭغا مىننەت-دارلىق بىلدۈرۈپ:

— رەھمەت ئالىيلىرى، ئالتۇن بويلىرى دەرد كۆرمىگەي! — دېدى.

"قول ئىچىگە ئېگىلىدۇ" دېگەن ھېكمەتنى ئەھمەت ۋاڭ ياخشى

قاتارىدا خەلق شائىرى شاھسەنۇبەرمۇ بار ئىدى. ئۇ باياتىندىن بېرى ئۆزىنى بېسىپ، ئاقىلانىلىق بىلەن سوكۇت قىلىپ ئولتۇراتتى. لېكىن، شاھسەنۇبەر ئەمدى پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىشكە تاقەت قىلالمىغانىدى.

دەل مۇشۇ ئەسنادا ئەھمەت ۋاڭنىڭ كەيپىياتىدا باشقىچە بۇرۇلۇش پەيدا بولدى-دە، يىغىن مۇقامىنى يېڭى بىر پەدىگە يۆتكىمەكچى بولۇپ:

— مەن يەكەندە ھاكىم بەگلىك مەنسىپىدە ئولتۇرغان مەزگىللىرىمدە، ئىككى ئىشقا: بىرى مۇزىكىغا، يەنە بىرى شائىرلارنىڭ مۇشائىرىسىگە ھەۋەس قىلاتتىم. بۇ يەرگە كەلگىنىمدىن كېيىنمۇ بۇ قىزىقىشىم يەنە داۋاملىشىۋاتىدۇ. بۈگۈن بۇ يەردە شائىر مىرزا مۇھەممەت بىلەن شاھسەنۇبەر ھازىر ئىكەن. مېنىڭ تەكلىپىم: ئىككىيلەن بىرگە بىر كۇپلېتتىن مۇشائىرە قىلىپ بەرسە، بۇ ئارقىلىق ھەر بىرىمىزنىڭ كۆڭۈل كەپتىرى پەلەككە پەرۋاز قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن باشقا مەسىلىلەرگە كۆچسەك، — دېدى.

ھەممەيلەن چىنۋاڭنىڭ تەكلىپىنى قىزغىن قوللىدى. ئارقىدىنلا مىرزا مۇھەممەت كۆچۈكلانغان ھالەتتە شېئىر ئوقۇدى:

پېقىر مىرزا مۇھەممەت تەقدىرىگە چىنۋاڭ غوجام يار،<br>
غوجام چىنۋاڭ گويا ئاپتاپ، ھامان بىزلەرگە نۇر چاچار.<br>
توسالماس ھېچ كۆلەڭگە ئۇشبۇ نۇرنى ھەر زامان، ھەر چاغ،<br>
قۇياش سەييارە قىلغاندا، بۇلۇتلار ھەر تەرەپ قاچار.

ئارقىدىن ئەھمەت ۋاڭ شاھسەنۇبەرنى جاۋاب مۇشائىرە ئوقۇشقا بېشارەت قىلدى. شاھسەنۇبەر تۆۋەندىكى مۇشائىرىنى ئوقۇدى:

مەگەر "ئىتنىڭ بوينى باغلاقلىق، يارىماس ئوۋغا" ئىبرەت بار،<br>
خۇشامەت چېكىدىن ئاشسا ھامان چىنۋاڭغىمۇ دەرد بار،<br>
بوينىغا كەلتۇرۇپ تونىنى، پېچار كاسىپ كۆزى بىرلە،

ۋاڭ ئۇردىسىغا باش قېتىنچىلىق — پۇقرالارنىڭ باشباشتاقلىقىدىن ئەمەس، مەنسەپدارلارنىڭ زۇلۇم-زورلۇقىدىن ۋە مۇشتۇمزورلۇقىدىن بولۇۋاتىدۇ. “قوشقاچ ئالۋىنى” دەيدىغان ھاقارەتلىك ئالۋان-ياساقتا پۇقرالارنىڭ چىداشقا تاقىتى قالمىدى. بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، قورغان ئىچىدە ھېچكىم تېگەلمەيدىغان بىر قانجۇق ئىت بار ئىكەن، “بىرىنىڭ كاساپىتى مىڭگە يۇقۇپتۇ” دېگەندەك، ئۇنىڭ شەرمەندىلىكىدىن ۋاڭلىق مەھكىمىسىنىڭ ئابرويىغا داغ تېگىدىس ئىتىدۇ. يەنە بىر مۇھىم پاكىت بار، ئۇ بولسىمۇ ئاق شەھەردە چىنۋاڭ غوجامنىڭ بىر قوتان مېلىنى بېقىۋاتقان قۇربانىنىڭ ئاتىسى پەلەك ئۇستامنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، قاراقچىلار بۇ قويلارنى باينىڭ قېپىر دېگەن يېرىگە ئېلىپ كەتكەن. بۇ ئىشنىمۇ چىنۋاڭ غوجامنىڭ سەمىگە سېلىپ قويغۇم كەلدى. شۇڭا قۇربانىنىڭ مەسىلىسىنى سوغۇق قانلىق بىلەن بىرتەرەپ قىلمىساق، ئىش يوغىناپ كېتىپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا: “ئازابلىغۇچىلارنىڭ دەردى، خارلانغۇچىلارنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ” ...، — دېدى.

ماشۇر خەلپىنىڭ بۇ دادىل پىكرىنى ھېچكىم رەت قىلالمىدى.

ئەھمەت ۋاڭ بىر ھازادىن كېيىن ياسالمىلىق بىلەن:

— تەقسىر، ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرى خېلى ئورۇنلۇق. مېنىڭ رەت قىلىش نىيىتىممۇ يوق، ئەمما بىز بۇ مەسىلىنى يەنىلا ئورچۇنتا ئامبال بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر تەرەپ قىلمىساق بولماس. بىراق، بىز ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ قانچە كاپشىغىنىمىز بىلەنمۇ يەنىلا ھەممىمىز ئىگىسىنىڭ قولى ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

بۇ يەردە ئەھمەت ۋاڭ ئەگىتمە يول بىلەن بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش ئۇسۇلىنى قوللانغانىدى.

ئەھمەت ۋاڭنىڭ بۇ تۇترۇقسىزلىقىغا ماشۇر خەلپە ئىرەنمۇ قىلمىدى. لېكىن، ئەھمەت ۋاڭ بارغانسېرى سوۋۇپ كېتىۋاتقان يىغىن سورۇنىنى ئىسسىتىش ئۈچۈن شاھسەنۇبەرگە قارىتىپ بىر تېپىشماق قويدى. ئەھمەت ۋاڭ:

بىلەتتى. ئۇردىدا بۇ ھېكمەت بويىچە ئىش كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ تىلى
بىلەن دىلى ئارىسىغا پاسىل سوقۇلغان.
ئەھمەت ۋاڭ غاڭزىنى شورىۋالغاندىن كېيىن، ئەسلى مۇددىئاسىغا
قايتىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— بۈگۈن بۇ يەردە بىز ھەممىمىز كەڭ-كۇشادە، خۇشال-خۇرام
ئولتۇرۇۋاتىمىز، لېكىن، مۇشۇ خۇشاللىق كەينىدە ھودۇقۇش، خاتىرجەمسىز-
لىك ۋە بىئاراملىق سايىسى ئەگىشىپ يۈرۈۋاتىدۇ. ئالايلۇق، يېقىندا قۇربان،
ياسىن دەيدىغان چاتاقچىلار "قۇشتۇرا"دا چېرىكلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، قې-
چىپ كېتىپتۇدەك. ئۇلار يەنە ئىككى قىزنىمۇ بىرگە ئېلىپ كېتىپتۇدەك.
ئۇلار ئەيسا گۇمبەز، مۇھەممەت ئېلىخان بۇغرانىڭ ئىشىدىن ئىبرەت ئالماي
ك يەنە سىم تاناپتا مېڭىشقا ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار ئۆزىگىمۇ، بىزگىمۇ ئىش تېرىپ
بېرىۋاتىدۇ. سىلەر بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ قېلىڭلار ھەمدە قانداق ھەل قىلىش
توغرىسىدا بىزگە ياردەم بېرىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمىز؛ يالغۇز بۇ بىرلا ئىش
ئەمەس، يېقىندا "گۇڭگاك سارىيى"مۇ پەيلى يامان ئادەملەر تەرىپىدىن
كۆيدۈرۈلۈپ تاشلاندى. بۇ ئىشلارنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئوتنى
ئۇچقۇن چېغىدا ئۆچۈرۈۋېتىش لازىم. "ئوتنى سەل چاغلىماڭ كۆيدۈرىدۇ،
دۈشمەننى كىچىك چاغلىماڭ ئۆلتۈرىدۇ" دەيدىغان ماقالە بار ئەمەسمۇ؟
ئەھمەت ۋاڭ بىر ياقتىن سۆزلەپ، يەنە بىر ياقتىن كىشىلەرنىڭ روھىي
ھالەتلىرىگە نەزەر سالاتتى. ھەممە كىشى جىم ئولتۇرۇۋېلىشتى. زالنىڭ ئىچى
گويا ئوتى ئۆچكەن قىشلىق سارايدەك مۇزلىغانىدى.
ئاقىۋەتتە خۇيزۇ ئۆلىماسى ماشۇر خەلىپە سۆز ئېچىپ زال ئىچىدىكى
جىمجىتلىقنى بۇزۇپ:
— بىز ھەممىمىز جىنۋاڭ ئالىيلىرىنىڭ ھېلى قىلغان ئەمىر-پەرمانلى-
رىنى ئاڭلىدۇق. خەلق ئارىسىدا "سەۋەبسىز قىل تەۋرىمەيدۇ" دەيدىغان
گەپ بار. شۇڭلىغا مۇۋاپىق، يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنى سەۋەبى بىلەن باغلاپ
چۈشەنسەك ئادىل بولاتتى. ئادىللىقنىڭ مىزانىمۇ شۇ. بىراق ھازىرقى كۈندە

بىلەن مەسلىھەت ئەقلىنى ئۇرغىتىدۇ.
— ئىنتايىن مېغىزلىق سۆزلىدىلە، شاھسەنۇبەر. مەن بايا ئېيتقىنىمدەك، پىقىر ئەزەلدىن شېئىر-نەزمىلەرنىڭ ھەۋەسكارى، شائىرلارنىڭ غەمخوزارى، سىلى يۇقىرىدىكى كۆز قاراشلىرىنى كۆپچىلىك ئالدىدا نەزمىلەشتۈرۈپ، ئوقۇپ بېرەلەمدىلا؟ — دېدى چىنۋاڭ سۆز يورغىلىتىپ.

شاھسەنۇبەر يۇمۇرلۇق قىلىپ:

— ئالىيلىرىنىڭ لەۋزىنى يەردە قويۇشقا ھەددىم ئەمەس. لېكىن، مۈڭگۈزگە تېگىپ كېتىپ قالسا، تۈۋنىقى سىرقىرىماسمۇ؟ شىرنىقى ئەدەب پەسە مېكىسىگە نۇر كەتمەسمۇ، دەپ خۇدۇكسىرەيمەن ...، — دېدى.

شاھسەنۇبەرنىڭ بۇ سۆزىگە ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىشتى. ئەھمەت ۋاڭ ئارقىدىن:

— يوقسۇ، يوقسۇ ...، شائىرلار ھەممە چاغدا، ھە دېسىلا "چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ" دەپ شېئىر تۈزۈشكە ئامراق، مەن بۇنى چۈشىنىمەن، تارتىنماي نەزمىلىرىنى ئوقۇۋەرسىلە ...، — دېدى.

شاھسەنۇبەر، شىرازىدىن تۆۋەندىكى بىر كۇپلېتنى ئارىيە ئېلىپ ئوقىدى:

ئالسا ھەقسىز ۋاڭ غوجام پۇقرا بېغىدىن ئالمىنى،
يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلار دەرەخنى غالچىسى.
كۆرسە چىنۋاڭ بىر توخۇمغا زورلۇق ئەيلەشنى راۋا،
مىڭ توخۇنى زىخقا تارتقاي بەگلىرىدىن قانچىسى.

— بەللى، بەللى ...، قالتىس جايىدا، — دېدى ئەھمەت ۋاڭ نەزمىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، — مەن سەئىد شىرازىنىڭ «گۈلىستان» ناملىق ئەسىرىدىكى بۇنەزمىنى يەركەندە بىر دامولللىنىڭ پارسچىدىن تەپسىر قىلىپ بېرىشى بىلەن بىر قېتىم ئاڭلىغانىدىم. بۈگۈن ئۇنىڭ ئۆز تىلىمىزدى-

— مەن يەرنىڭ تەۋرىشى يەرنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۆكۈزنىڭ يەرنى بىر مۈڭگۈزىدىن يەنە بىر مۈڭگۈزىگە يۆتكىگەن ۋاقتىدا سىلكىنىپ كەتكەنلىكىدىن بولىدۇ، دەپ ئاڭلىغان. ئۇنداقتا، يەرنىڭ تەۋرىشى بىلەن بىزنىڭ بەگ، ئەمەلدارلىرىمىزنىڭ نېمە ئالاقىسى بار، قېنى تەقسىر، بۇنى ئېيتىپ بېرەلەمسىلەر؟ — دېدى.

— خوپ ئالىيلىرى، — دېگەن پېتى شاھسەنۇبەر ئورنىدىن تۇردى. دە، جاۋابەن:

— ئالىيلىرىنىڭ ئاڭلىغىنىدەك، بۇرۇنىسىدا يەرنىڭ تەۋرىشى ئۆكۈز مۈڭگۈزىگە باغلىق ئىدى. ئەمدى بولسا ئەمەلدار-بەگلەرنىڭ مۈڭگۈزىگە باغلىق بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يەر-زېمىننى چىمچىلاق قولۇمغا ئېلىپ چۆرۈيمەن، دەپ قىنىغا پاتماي، كۆرەڭلەپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى.

شاھسەنۇبەرنىڭ يېشىل قارىغاي بەرگى قىستۇرۇۋالغان ئېگىز قالپىقى سورۇندىكىلەرنىڭ ھەۋسىنى قوزغايتتى، ئۇنىڭ يۇمۇرلۇق نۇتقى ساراي ئىچىنى ھاياجانغا سېلىۋەتكەنىدى.

— ”سۆز يۈزدە ياخشى، ئۇسسۇل تۈزدە“ دەيدىغان گېپىمىز بار، — دېدى شاھسەنۇبەر، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — پۇقرالار چىنۋاڭ غوجام بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. سېپىلنىڭ تاملىرى ئېگىز ھەم قېلىن بولغىنى ئۈچۈن پۇقرالارنىڭ ئاھۇ-زارلىرى قورغان ئىچىگە يېتىپ كېلەلمەيدۇ. قورغاننىڭ سىرتىدا بولسا ياغاچنى قۇرت، قۇرتنى توخۇ، توخۇنى ئىت يەپ تالان-تاراج قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئىشلارنى قورغان ئىچىدىكىلەر بىلەلمەيدۇ. ئاق شەھەردە چىنۋاڭ غوجامنىڭ قوي پادىسىنى بېقىۋاتقان پەلەك ئۇستامنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، قوي پادىسىنى بۇلاپ كېتىشكەن ئەمەلدار، بەگلەر مۇشۇنداق ھەددىدىن ئېشىپ زېمىننى خالىغانچە تەۋرىتىمىز دەپ يۈرۈشىدۇ. لېكىن، ئېگىزدىن يىقىلغان سەت يىقىلىدۇ، غاپىل چوقۇم تېز يىقىلىدۇ. خۇشامەتچىلىك بىلەن دەللە غاپىللىقنى كۈچەيتىدۇ، نەسىھەت

ساگىلىغان، ئابدۇجاپپار قازى باتنىغان قىياپەتتە، ئۇلتۇرۇشقان بولۇپ، ئەھمەت ۋاڭغا تۈزۈكرەك چىراي ئېچىپمۇ قويۇشمىدى.

ئەھمەت ۋاڭ پەستىكى ساراي زالدا كېڭەش قىلىۋاتقاندا، بۇ ئۈچەيلەنمۇ ئورچۇنئا ئىشخانىسىدا كېڭەش ئېلىپ بارغانىدى. مۇلازىم تۇڭچىلىق قىلىپ پەستىكى كېڭەشنىڭ ئەھۋالىنى ئۇدۇللۇق خانئامبالغا يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ئورچۇنئا بۇ كېڭەشنى ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلمىغانىدى. ئۇ، ئاشۇ ۋەجىدىن ئەھمەت ۋاڭدىن ئاغرىنىدى. بولۇپمۇ بۇ كېڭەشتە ماشۇر خەلىپە بىلەن شاھىسەنۇبەرنىڭ قىلغان سۆزىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئىزىدا ئۇلتۇرالماي قالدى.

— چىنۋاڭ قېرىغاندا بارغانسېرى، — دېدى ئورچۇنئا چېچىلىپ، — خۇدىنى بىلمەي، يۇمشاقباش بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ...، بۇ، بۇ زادى نېمە قىلغىنى؟...

مۇشۇنداق روھىي ھودۇقۇش نەتىجىسىدە، ئۈچ يولۋاس بىرلىشىپ، شىرغا ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەك بولۇشتى-دە، ئاۋۋال پەستىكى كېڭەشنى بىلىدىن ئۈزۈپ تاشلاپ، ئارقىدىن ئەھمەت ۋاڭ بىلەن ھېسابلىشىش قارارىغا كېلىشىۋالدى.

— بۈگۈن قاراچۇقلار، نېمىلەرنى دەپ جۆيلىشىۋاتىدۇ؟

ئورچۇنئا تۇمشۇقىنى ئۈچلىغان پېتى ئەھمەت ۋاڭغا قىرىنچە تېگىپ، يۇقىرىقى سوئالنى قويدى.

— قاراچۇق، دېگىنىمىز بىلەن، — دېدى ئەھمەت ۋاڭ جاۋابەن، ئۇلارنىڭمۇ قورساق كۆپۈكى بار ئىكەن، قارا قورساق دېگىنىمىز بىلەن كاللىسىدا ئوشۇقچە مېڭىسى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ باقساق، نېمە يامىنى؟

— ئاڭلىسا يەنە شۇ، تولا ئاڭلاپ قۇلاق پاڭ بولۇپ كېتىدىكەن. «ئەمەلدارلار يەپ كەتتى، ئىچىپ كەتتى، ئاپەتتى-سوقتى قىلدى» ۋاي-ۋۇي، نېمە تۈگمەيدىغان كاڭ-كاڭ ... مانا ئويلاپ باقسۇنلا، باشبۇغدىن ما-

نكى تەرجىمىسىنى ئۆزلەنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلاۋاتىمەن.

ئەھمەت ۋاڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، شاھسەنۇبەر كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئۇلۇغلارنىڭ "يولدىن چىقما، خاندىن قورقما" دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى بار. ئالىيلىرى كۆپ ئوقۇغان مەرىپەت ئىگىسى. ھەممىنى بىلىلا. "سۇ سىڭگەن يەرگە، سۆز بىلگەن ئەرگە" لازىم. بىراق، چوڭ ئەرباب بىلەن ئوينىشىش گويا قۇرۇق قول بالىنىڭ يولۋاس بىلەن ئويناشقىنىغا ئوخشاش، دېگەن ھېكايىنى ئاڭلىغانىدىم. مەنمۇ بالىلىق قىلىپ، بۇ سەلتەنەتلىك ساراي ئىچىدە يولۋاس بىلەن ئوينىشىپ قويغان بولسام...

شاھسەنۇبەرنىڭ بۇ ھەزىل سۆزلىرى ئەھمەت ۋاڭنىڭ قۇلىقىغا خۇش يېقىپ تۇراتتى. توساتتىن بىر نۆكەر ساراي ئىشىكىدىن جىددىي كىرگەن پېتى بېرىپ، ئەھمەت ۋاڭنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى.

— كېڭەش تۈگەي دېدى، مەن ھازىرلا، — دېدى ئەھمەت ۋاڭ، بايىقى نۆكەرگە قاراپ.

شۇنداق قىلىپ، ئەھمەت ۋاڭنىڭ سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ كېڭەش ئاخىرىدا يەنە ھودۇقۇش كەيپىياتى ئىچىدە يېپىلدى.

ساراي تېشىدا كۈتۈپ تۇرغان نۆكەر ئەھمەت ۋاڭنى باشلاپ مېڭىپ، قىزىل سىرلانغان ياغاچ پەلەمپەي ئارقىلىق ساراي ئۈستىدىكى بالىخانا زالىغا ئېلىپ چىقتى، بۇ بالىخانا زالى ئەھمەت ۋاڭنىڭ ئارامگاھى ھەم كەپتەرلىرىنىڭ تاماشىسىنى كۆرىدىغان جايى ئىدى.

بۇ يەردە خانئامبال ئۇرچۇنئا، سېيىت ھېكىم بەگ ھەمدە ئابدۇجاپپار قازى قاتارلىقلار كۈتۈپ ئولتۇرۇشقانىدى. ئاپپاك بىلەن تاش بايۋەچچە نېرىقى چەتتە ئەھمەت ۋاڭنىڭ كەپتەرلىرىنى ئۇچۇرۇپ تاماشا قىلىۋاتاتتى.

ئەھمەت ۋاڭ بالىخانا ئۈستىگە چىقىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر كۆڭۈلسىز مەنزىرە پەيدا بولدى-دە، ئىچىدە ھەيرانلىق ھېس قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇردى.

ئۇرچۇنئانىڭ تۇمشۇقى ئۇزارغان، سېيىت ھېكىم بەگنىڭ قاپاقلىرى

قارا نۇممەت، — دېدى ئورچۇنئا.

ئورچۇنئا مۇشۇ سۆزلىرى بىلەن ئەھمەت ۋاڭنىڭ ئېغىزىنى تۇۋاقلاپ قويماقچى بولدى. لېكىن، ئەھمەت ۋاڭ قايىل بولماي، تەكىتلەپ:

— مەن بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ-تەھقىقلەپ كۆرسەڭ دېمەكچىمەن. بۇ ئىش ئۈستىدە خۇلاسە چىقارغىنىم يوق، ئۆزۈم تەكشۈرۈپ كۆرگىنىممۇ يوق...، — دېدى.

— تەكشۈرۈش نە هاجەت؟ تەكشۈرۈش لازىم دېيىلسە، ئاۋۋال مىرزا مۇھەممەتنى مەنسىپىدىن قالدۇرۇپ، گۈلچىمەن بىلەن ئىككىسىنى قوشۇپ تەكشۈرسەڭ بولىدۇ. مەن بۇ گەپنى كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ، قارىسىغا دەۋاتقىنىم يوق. "قۇشقاچ يېغلىقى"نىڭ ئۇيۇشتۇرغۇچىسى مۇھەممەت ئېلىخان بۇغرانىڭ قىزى لاله هەمىشە گۈلچىمەن خېنىمنىڭكىگە كېلىپ-كېتىپ يۈردى. ئۇنىڭ كىچىك ئاپىسىنىڭ ئۇلۇمىگە گۈلچىمەن بېرىپ هازا تۇتتى. قەسىر ئىچىدە زېمىنەپكە ئالاقىدار ئىشلارنىڭ سىرىنى مىرزا مۇھەممەت بىلەن گۈلچىمەن سىرتقا يايىدى. ئاق شەھەر ئىغۋاسىنىمۇ ئاشۇلار توقىغان...، — دېدى ئورچۇنئا تەئەددى قىلىپ.

— يەنە بىر مۇھىم مەسىلىمۇ بار، چىنۋاڭ غوجام، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئارقىدىن سىيىت ھېكىم بەگ، — لاله بىلەن قۇربان تاغا قاچقاندا رىسالەت ئاتلىق بىر قىزنىمۇ زورلاپ ئېلىپ كەتكەن. رىسالەتنىڭ باشقا لايىقى بار ئىكەن. هازىر قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى قازىخانىغا ئەرز قىلىپ كەلدى. شۇنداقتۇر، ئابدۇجاپپار قازى؟

ئابدۇجاپپار قازى "لەببەي" دەپ گۇۋاھلىق بەرگەندىن كېيىن، سىيىت ھېكىم بەگ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— ئەلۋەتتە، بۇنداق ناشايان ئىشلارغا شەرىئەت يول قويالمايدۇ. لايىقى بار قىزنى زورلۇق بىلەن ئېلىپ قاچقان جاۋابكارلارنى تۇتۇپ كېلىپ، جازاغا تارتىشىمىز كېرەك.

— هاي، هاي ...، — دېدى ئەھمەت ۋاڭ ھېلىدىن بېرى يۇمۇۋال-

ئاش-تەمىنات كەلمەي، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز بېقىپ كېلىۋاتقىنىمىزغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى، مۇشۇنداق قىيىنچىلىق تۇپەيلىدىن بىز ئىلاجىسىز مەنسەپ سېتىۋېلىش ئۇسۇلىنى قوللاندۇق. پۇقرالار ئاز-تولا قاقتى-سوقتى قىلىنسا نېمە يامىنى؟ پۇقرا دېگەنگە قىرلىق قامچاڭنى كۆرسىتىپ قويساڭ، قوي-كالا بولۇپ ئىشلەۋېرىدۇ؛ چىشىڭنىڭ ئۇقىنى كىچىككىنە كۆرسىتىپ قويدۇڭمۇ، بولدى...، خۇددى گۆدەك باللار ئال چىۋىقنى ئات ئېتىپ ئۇيىنىغاندەك شىللەڭگە مىنىپ، سېنى ئىشەك قىلىمەن دەيدۇ.

خانئامبالنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سېمىز ئۇستىخىنىنى كۆتۈرەلمەي لاخساراپ لام-جىم دېمەي ئولتۇرغان سېيىت ھېكىم بەگ قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ئارقىدىنلا:

— خانئامبال ئالىيلىرى، تازىمۇ ئورۇننى تېپىپ دېدىلە، ئېيتقانلىرى بەرھەق، — دېدى.

بىراق، ئەھمەت ۋاڭ تەرەللى بولۇپ ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ ئاڭلىغانلىرىدىن يېپ ئۇچى چىقىرىپ:

— ئەمما شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىمكى، بىزنىڭ مۇقەددەس كىتاب-قامۇسلىرىمىزدا، ھۆكۈمدارلار ئەلنىڭ ئاھ-زارى، تىلەك-ئارمانلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇشى كېرەك، دەپ ئاگاھلاندۇرۇلىدۇ. ئاڭلىسام، ئاق شەھەردە مېنىڭ قويۇمنى باققان پەلەك ئۇستا دېگەن ئادەمنى ناھەق ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قولىدىكى قويلارنى مەلۇم ئادەملەر ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان ئىشلار بار ئىكەن. بۇنداق ئۇۋالچىلىقلار تەكشۈرۈلمىسە، ئاخىر يىغىلىپ، توپلىنىپ چوڭ ئىش تېرىلىپ قېلىشى مۇمكىندۇر، — دېدى.

—ھەي، ھەي، ۋاڭئالىيلىرى...„قورغاننى ئىچىدىن ئالماق ئاسان“ دېگەن گەپ بىكار چىقمىغان. بىز ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن ھېلىقى ھارامزادە، ھالالۇپ شائىر مىرزا مۇھەممەت تازا بولمىغۇر نەرسە ئىكەن. ئۇ، مەرھۇم ئىسھاق ۋاڭنىڭ تۇل قالغان ئاغىچىسى گۈلچىمەن بىلەن بىرلىشىپ، پىتنە-پاسات تېرىۋاتىدۇ. „ئاق شەھەر ئىغۋاسى“ مانا ئاشۇلار توقۇپ چىققان

ئورچۇنئا بۇرۇلۇپ، ئىككى چاپارمەننىڭ كۆزىگە تىكىلدى. ئايپاڭ بىلەن تاش بايۋەچچە دەرھال ئاتلىرىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ، تەڭ ئاۋازدا:

— ئامبال ئالىيلىرى، پەرمانلىرىغا بەردارمىز! — دەپ تەڭلا جاۋاب بېرىشتى.

ئورچۇنئا ئارقىدىن ئۇلارغا دېدى:

— بۆرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىت بىلەن دوست بولۇشنى ئىسكىلاردىن چىقىرىپ قويماڭلار. تاغ سەپىرىدە قولۇڭلارغا چۈشكەن ھەر-قانداق ئولجائۈزۈڭلارغامەنسۇپ. لالە بىلەن رىسالەتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە...

ئورچۇنئانىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئاڭلاپ، ئايپاڭ بىلەن تاش بايۋەچچە باشقىچە ئالچاڭلاپ، تېرىسىگە سىغماي قېلىشتى. ئولجا ھېرىسلىقىدا ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قىزارماقتا ئىدى.



غان كۆزىنى ئېچىپ، سېيىت ھېكىم بەگكە قاراپ تۇرۇپ، — كوزىنى ئالدىراپ چېقىپ قويمىغان خوپ. تولا تەگكەن ئىشنىڭ تېگى قۇدۇق، كوچىلىغانسىرى ئوت ئۇلغىيىدۇ. تاتىلانغانسېرى زىدە يوغىنايدۇ.
— ئۇنداقتا، ۋاڭ غوجام، — دېدى سېيىت ھېكىم بەگ، مۇنازىرە ئېلان قىلىپ، "سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گورۇچ دەم يېسە" مەيلىمۇ؟
— يوقسۇ، — دېدى ئەھمەت ۋاڭ جاۋابەن، "سەۋزىمۇ كۆيمىسۇن، پىيازمۇ كۆيمىسۇن" دېمەكچىمەن.
قېنى قىزىپ تېرىسكە سىغماي تۇرۇۋاتقان ئورچۇنئا ئاخىر ئەسەبىيلىك بىلەن:
— مەن چىك گېپىمنى قىلسام، مېنىڭ ئەزەلدىن سۆز ئويۇنى بىلەن خۇشۇم يوق، قىلىچ ئويۇنىغا قىزىقىمەن، — دېدى.
ئورچۇنئا تەرى تۇرۇلگەن ھالدا قىزىل غىلاپ قىنىدىن يالتىراق بىسلىق، سېرىق دەستىلىك قىلىچىنى شارتتىدە چىقاردى-دە، كۆزلىرىدىن قان تېمىپ تۇرغان قىياپەتتە:
— ھەممىنى مانا مۇشۇ ھەل قىلىدۇ! — دېدى يالتىراپ تۇرغان قىلىچ بىسىغا قاراپ.
ئۇ، ئارقىدىن بالىخانىنىڭ نېرىقى چېتىدە ھېلىغىچە ئەھمەت ۋاڭنىڭ كەپتەرلىرىنى ئۇچۇرۇپ تاماشا قىلىۋاتقان ئايپاڭ بىلەن تاش بايۋەچچىنى يېنىغا قىچقىرىپ كېلىپ ئۇلارغا:
— بولدى بەس، كەپتەر ئويناشنى يىغىشتۇرۇپ قويۇڭلار. ئاسماندا لاچىن ئەگىپ يۈرگەندە، كەپتەر ئۇۋىسىدىن چىقالماي قالىدۇ. بۆرە كەلگەن-دە، قويلار مەرىشىپ قوتانغا كىرىۋالىدۇ. مانا ھازىر شۇنداق بولىۋاتىدۇ. قۇربان نوچى بىلەن ياسىن گاڭگوڭ بۇركۇت، بۆرە بولۇش ئۇچۇن قېيىر تاغلىرىغا كېتىپتۇ. مەن ئىككىڭلارغا سەككىز چېرىك قوشۇپ، ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتىمەن. قېنى ئىككىڭلارنىڭ ئىرادە، جۈرئىتىڭلار قانداق؟ — دېدى.

يارىشا ئۇنىڭ نەۋ باھار چاغلىرىمۇ راھەت-پاراغەت شاراپىتىگە نائىل بولغان-دى.

ئۇ، گۈللۈك دۇخاۋا بىلەن قاپلانغان "كەيجاۋ" مەپىسىدە ئولتۇرۇپ، باغ-بوستانلار ئارا سەيلە-تاماشا قىلاتتى. ئۇ، ماڭغان-تۇرغان قەسىر-ئايۋان، سارايلاردا شۆھرەت شاملى خۇش پۇراق چاچاتتى. بەگ، مەنسەپدارلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاغىچا خېنىملىرى ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سالام-تەزىم قىلىپ، ئايىغىغا يىقىلاتتى ۋە تاپىنىنى سۆيۈشەتتى. ئاشۇ بەگ، خېنىملار بەسلىشىپ ئويۇشتۇرغان ھەشەمەتلىك زىياپەتلەرگە يېتىشەلمەي قالاتتى.

ئۇنىڭ ئالدىغا تەرەپ-تەرەپتىن كېلىدىغان قىممەتلىك سوۋغىلار، بوسۇت-تارتۇق، قويىملارنىڭ سانى ھەددى-ھېسابسىز ئىدى. ئۇنىڭ ئالتۇن ساندۇقلىرى بۇ سوۋغاتلارنى سىغدۇرالماي قالاتتى.

گۈلچەمەنىنىڭ زىبا بويلىرىغا يارىشىدىغان ھەر خىل تاۋار كۆڭلەكلەر، بېشىغا كىيگەن بۇلغۇن تەلپەك ئۈستىگە قادالغان ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن قاداق، بارماقلىرىدىكى زۇمرەت كۆزلۈك زەر ئۈزۈك، پۇتىدىكى كالۋاتۇن كەشلەر، ئۇنىڭ زاماندىشلىرىنىڭ رەشكىنى قوزغايتتى.

ئۇنىڭ خۇسۇسىي ئامبىرىدا، ساندۇق-ساندۇقلاردا تولۇپ تۇرغان كىيىم-بىساتلار، چامادان-چامادانلاردا توشۇپ تۇرلۇك زىبۇزىننەتلەر — لەئلى-ياقۇت، مەرۋايىت، زۇمرەت، زەبەرجەت قاتارلىقلارغىچە قاچىلىنىپ كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى.

بۇ سەلتەنەت بىساتلىرى گۈلچەمەن خېنىمغا مەڭگۈلۈك "ئەڭگۈشتەر" بولۇپ تۇيۇلاتتى. ئەمدىلىكتە ئۇ، پەقەت جان قايغۇسىدىلا قالغانىدى. ئۇ، ھازىر ئورۇن تۇتۇپ يېتىۋاتقان قەسىرنىڭ ئىشىك-پەنجىرىلىرىگە تارتىلغان گۈللۈك دۇخاۋا پەردىلەر، يەرگە سېلىنغان زىلچا-گىلەملەر، تۆر تامان رەت-رەت تىزىلغان تاۋار يوتقان-كۆرپىلەر، ئىچى-تېشى نەقىشلەنگەن ئو-يۇقلارغا قويۇلغان گۈللۈك لېگەن، جانان-چىنىلەر ئۇنىڭ نەزەرىدە ئارتۇقچە

## توقۇزىنچى باب

# قەبرىدىن بولانغان ئالتون

كۆرۈڭ، بۇ جاھاننىڭ ئاجايىپ ئىشى،
خاتىرجەم ئەمەستۇر كىشىدىن كىشى.
— كىتاب خاتىرىسىدىن

### 1

گۈلچىمەن فۇچىن خېنىم، ئەھمەت ۋاڭنىڭ ئاغىسى مەرھۇم ئىسھاق چىنۋاڭنىڭ ئايالى بولۇپ، ھازىر ئېغىر بىمار ھالەتتە ئورۇن تۇتۇپ ياتاتتى.

ئۇلار تازا سەلتەنەت سۈرگەن چاغلىرىدا، ئىسھاق چىنۋاڭ بىلەن گۈلچىمەن فۇچىن خېنىم ئۆزلىرىنى رەشكى زامانىدىشى — قۇمۇلدىكى بەشىر ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ئاغىچىسى ماھىنبانۇغا تەڭ قوياتتى.

گۈلچىمەن، نەسەپ جەھەتتە شايارنىڭ خوجازادىلەر جەمەتىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئەينى زاماندا گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى ھېسابلىناتتى. شۇنىڭغا

نى تەكلىپ قىلىپ ئاغرىقىنى كۆرسەتتى؛ پېرىخون، داخانلارنى كەلتۈرۈپ ئازايىم ئوقۇتاتتى؛ بىراق، يەنىلا ئۈنۈمى بولمىدى، كېسەل شىپا تاپمىدى. ئۇنىڭ زىققى كېسىلى ئۇنى بەك ئازابلايتتى. پات-پاتلا دېمى سىقىلىپ، نەپسى بوغۇلۇپ، جېنى قىينىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا ھەممىدىنمۇ بەك "لەيلىگۈل دورىسى" ئۇنىڭ كېسىلىگە ئەسقاتاتتى. شۇڭا، ئۇ، ئاشۇ دورىنى تەييارلاپ بېرىپ تۇرىدىغان لالەنىڭ ئارمىنىنى يەيتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مىرزا مۇھەممەت دۆيلۈگەندەك كىرىپ كەلدى-دە، بارغىنچە گۈلچىمەننىڭ ئۇدۇلىدا توختاپ، تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، يىغلامسىرىغان ھالدا، ئەھمەت ۋاڭ توغرىسىدا خەۋەر يەتكۈزۈپ:

— ئەھمەت ۋاڭ غوجام قاتتىق ئاغرىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. مېنى ئۆز ئورنىدا ئۆزلىرىدىن ھال سوراش ئۈچۈن ئەۋەتتى ...، — دېدى.

مىرزا مۇھەممەت ئاشۇ سۆزنى قىلىش بىلەن تەڭلا مىشىلداپ يىغلاپ كەتتى. ئارقىدىن يېڭى بىلەن كۆز يېشىنى ئېرتىۋېتىپ:

— دەيۈزلەر ۋاڭ غوجامنى ئاغرىتىپ قويغاندىن سىرت، مېنىڭ مىرزىلىق مەنسىپىمنىمۇ تارتىۋېلىشتى. بۇنىڭ ھەممىسى ھېلىقى سېيىت ھېكىم بەگ دېگەن قاقباش بىلەن مەيلىخان دېگەن ھازازۇلنىڭ ئويۇنلىرى بولمامدۇ...، — دېدى بىچارىلەرچە.

گۈلچىمەننىڭ مۇلازىم چۆرىلىرىدىن بىرى پەتنۇستا سىنچاي كۆتۈرۈپ كېلىپ، مىرزا مۇھەممەتنىڭ ئالدىغا قويدى. مىرزا مۇھەممەت چاينى بىر ئوتلىۋالغاندىن كېيىن، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋام قىلدى:

— ئۇلار ۋاڭ غوجامغا مەسلىھەت سالماي قۇربان بىلەن لالەنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن قىيسىرغا چېرىك ئەۋەتمەك بولۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاڭ غوجامنى يۇمشاق باشلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئەيىبلىشىپتۇ. ئاشۇ قاتاردا ئۇلار يەنە مەن بىلەن سىلىگىمۇ قارا سۈرتۈشۈپتۇ.

مىرزا مۇھەممەتنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، گۈلچە-

نەرسە بولۇپ قالغانىدى.

— ئادەمنى ئالدايدىغان بۇ تۆت كۆنلۈك ئالەمدە، — دېدى ئۇ، كاك ئۇستىدە ئېغىر تولغىنىپ يېتىپ، ئۆزىگە ئۆزى، — بۇنچىزا ئېغىردىن ئارتۇق تاش، توپىنى يىغىپ، نېمىمۇ قىلار بولغىيدىم؛ ئەمدى ئۇ كىمگە قالار؟ كىمنىڭ قولىدا تورۇپ كېتەر؟...

گۈلچىمەن ئۆمردە پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنىدى. شۇ ۋەجدىن ئۇ، ھەم جان قايغۇسىدا، ھەم مال غېمىدە ئازابلىناتتى. ئۇ، قەسىر ئۆيىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى پەنجىرە ئەينىكىدىن بالقىپ چۈشۈۋاتقان كۈن نۇرىدىن كۆزنى ئۈزمەي قارايتتى. پەنجىرىگە تارتىلغان گۈللۈك تاۋار پەردە ئىككى تەرەپكە قايرىپ قويۇلغان، پەنجىرىنىڭ ئاستىنقى گىرۋىكىگە قىستاپ قويۇلغان كەڭ قىزىل شىرە ئۇستىگە گۈللۈك لوڭقىلار تىزىلغان، ئوتتۇرىسىغا سېرىق مايدىن ياسالغان بۇدساتۋا — ئايال ئىلاھنىڭ ھەيكىلى[1] قويۇلغانىدى.

زىلچا-گىلەملەر سېلىنغان كەڭ تاختاي سۇپىدا يېتىۋاتقان گۈلچىمەننىڭ ئاستىغا ماموق توشقۇزۇلغان كىمخاپ كۆرپىلەر سېلىنىپ، باش تەرىپىگە تەتىللا قاپلىق ماموق ياستۇق قويۇپ بېرىلگەنىدى. ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككى چۆرە قىز قومۇش يەلپۈگۈچ بىلەن ئۇنى يەلپۈپ تۇراتتى.

لېكىن گۈلچىمەننىڭ ئېغىزىغا ئاشۇ تاپتا ھالۋا-قەندىلات يېتىمايتتى، كۆزىگە گۈل-گىياھ خۇش ياقمايتتى. بىمارنىڭ زىناقلىرى قورۇلۇپ، ئېڭەكلىرى ساڭگىلاپ قالغان، ئەسلىدىكى ئاپئاق سەدەپ چىشلىرى سارغايغان، تىرناقلىرى قارايغان، لەۋلىرى كۆكەرگەن، ھىلال قاشلىرى سۇس ئاقارغان، بۇرۇنقى بوتا كۆزلىرى نۇرسىزلانغان، زىبا بەللىرى ياي شەكلىدە مۈكچەيگەنىدى.

ئۇ ئەجەل ۋەھىمىسىدىن جان قاچۇرۇپ، پات-پات تېۋىپ-ھۆكۈمالار-

[1] بۇدساتۋا ھەيكىلى — پادىشاھ ھەدىيىسى، ھۆرمەت سىماسى ئىدى. — ئاپتوردىن.

گۈلچەمەن خېنىمگە خوش دەپ قويدى-دە، ئۇزاپ ماڭدى. چۆرە قىزلار ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىپ:

— نېمە دېگەن مۇغەمبەر، داپ يۈز ئادەم بۇ! — دەپ ئىچىدە غۇدۇڭشۇپ قېلىشتى.

## 2

ئەھمەت ۋاڭ بىلەن گۈلچەمەن فۇچىن خېنىمنىڭ ئېغىر ئاغرىپ يېتىپ قېلىشى — سېيىت ھېكىم بەگ بىلەن مەيلىخان — ئاچا-ئىنى ئىككىيلەننىڭ تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىشىغا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردى. ئۇلار ئىچىدە: "ئوشۇقىمىز ئالچا چۈشىدىغان پەيت كەلدى" دەپ خۇشال بولماقتا ئىدى. "بىرى ئۆلمىسە بىرىگە كۈن يوق" دېگەندەك ئۇلارنىڭ ئاشۇ كۈشەندىلىرى ئۆلۈپ تۈگەشسە سېيىت ھېكىم بەگ بىلەن مەيلىخاننىڭ كۈنى باشقىدىن تۇغۇلۇپ، خاھىشلىرى بويىچە دۇنيانى مالىمان قىلاتتى.

شۇ ۋەجىدىن ئاچا-ئىنى ئىككىيلەن بىر ئاخشىمى خۇپىيانە سىردىشىۋالدى:

— ئۆزۈڭگە ئايان ئىنىم، — دېدى مەيلىخان، ئىنىسى سېيىت ھېكىم بەگكە يول كۆرسىتىپ، — ئۇزۇندىن بۇيان ئۇردا ئىچىدە ئىككىمىزنىڭ كۆزىگە مىخ بولۇپ قادىلىپ كېلىۋاتقان ئاۋۇ ئىككىسىنى ھازىر پالاكەت باستى. بولۇپمۇ گۈلچەمەننىڭ كېسىلى پىشىپ قالدى. ئۇنىڭ دەپنە دۇنيا، مال-بايلىقى كۆپ. ئەمما ئۇنىڭ مىراسخورى يوق. ئاڭلىسام، مىرزا مۇھەممەت ئەلىس كۆز ئۇنىڭ ئۆيىگە قاتراپ يۈرگىدەك: مىراس تەمەسىدە بولسا كېرەك، بىلىۋاتامسەن ئىنىم؟

— شۇنداقمۇ تېخى، — دېدى سېيىت ھېكىم بەگ سۆز قىستۇرۇپ، — يىلان ئايىغىمىزدا قۇتراپ يۈرۈپتۇ دېگىنە، ھە قېنى، سۆزلە.

— شۇنداق، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مەيلىخان، بۇ ئىشتا

مەن ئېرىنچەكلىك بىلەن كۆزىنى بىر ئېچىپ يەنە يۇمۇۋالدى. ئۇ، گەپ قىلىش ئۈچۈن كۈچەپ ئېغىزىنى ئۆمەللىتىپ باققاندى لېكىن ماغدۇرى يەتمىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى بىردىنلا كۆكىرىپ كەتتى. گۈلچىمەن گەپ قىلالمىغىنى بىلەن مىرزا مۇھەممەت ھېلى قىلغان سۆزنى تولۇق ئاڭلاپ، ئاچچىق يۇتۇپ ياتقانىدى. بۇنى چۆرە قىزلار سېزىۋالدى-دە، ئۇلاردىن بىرسى مىرزا مۇھەممەتكە نارازىلىق بىلدۈرۈپ دېدى:

— مىرزا غوجىكا، سىلى خان ئاچامنىڭ ھالىنى سوراپ كەلگەنمۇ ياكى كېسەل قاچىلاپ كەلگەنمۇ؟ كېسەلنىڭ يېنىدا نېمە پەلىپەتىش گەپنى قىلىپ يۈرۈيدىلا، قوپسىلا، بىزگە ئىش تېرىپ بەرمەي، ئاستا يوللىرىغا چۈشسىلە.

مىرزا مۇھەممەت چۆرە قىزلارنىڭ بۇ سۆزلىرىگە تەر بولماق تۈگۈل، يەنە مىختەك قادىلىپ ئولتۇرۇپ جاۋابەن دېدى:

— ھاي، ھاي، خان قىزلىرىم، ئۇنچىزا كايىشماڭلار. گۈلچىمەن خېنىمنىڭ تېنى كېسەل بولغىنى بىلەن قۇلىقى ساق. مەنمۇ قورساق كۆپۈكىدە ئۆلەي دەۋاتىمەن. مېنىڭ ئۆزۈندىن بۇيان ھەج تاۋاب قىلىش نىيىتىم بار ئىدى. ئەمما يېنىمدا پۇلۇم يوق. ئەمدىلىكتە بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ تازا قاتتى. گۈلچىمەن خېنىمنىڭ قولىدا دەپنە دۇنيا كۆپ، ئالتۇن-كۈمۈش ئېشىپ-تېشىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىراسخورىمۇ يوق. ساۋاب-لىق ئۈچۈن ماڭا ھەج خىراجىتىمغا تۇشلۇق خەير-ساخاۋەت قىلىۋەتسە، مەن بۇ دۇنيا-ئۇ دۇنيا رازى بولاتتىم. سىلەر مېنىڭ مۇشۇ ئامانەت سۆزۈمنى گۈلچىمەن خېنىمغا يەتكۈزۈپ قويساڭلا، ماقۇلمۇ خان قىزلىرىم.

— بولىدۇ، مىرزا غوجىكا، — دېدى چۆرە قىزلار، — ئىش مۇنداق دېسىلە. ”جىنىنىڭ قەستى شايتۇلدا“ دېگەن مۇشۇ ئىكەن-دە، كىچىككىنە مەنسەپتىن قالغانغا ئۆلۈۋالايلا دەپتىلا بىچارە. بولىدۇ بىز خان ئاچامغا دەپ قويايلى، ئەتىگىچە خۇرجۇن ئارتىپ كېلەلا.

مىرزا مۇھەممەت ئورنىدىن تۇرۇپ، تېخىچىلا كۆزىنى ئاچماي ياتقان

— ئاچا-ئىنى ئىككىلەننىڭ بۇ خام چوتلىرى سوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، سېپىت ھېكىم بەگنىڭ بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولۇپ ئۆزاپ ماڭدى.

مەيلىخان ئىنىسىنى ئۇزۇتۇپ قويغاندىن كېيىن، قەسىردە ئۆزى ئۆگچە قېلىپ، يېڭى پىلانلىرى ئۈستىدە ئۇزۇنغىچە ئۆزى يالغۇز باش قاتۇردى.

ئۇ، ئۇزۇندىن بۇيان گۈلچېمەندىن ئىنتىقام ئېلىش كويىدا بولۇپ يۈرەتتى. ئۇ، كىشىلەرگە گۈلچېمەن ئۈستىدىن ئاغرىنچىسىنى تۆكۈپ يامانلاپ بەرگەندە ھەمىشە: "بىرى ئۆلمىگۈچە، بىرىگە كۈن يوق" دەپ ئاشكارا سۆزلەيتتى.

مانا ئەمدى رەقىبى ئورنىدىن قوپالماي قالغاندا، ئۇنىڭ پاختىكى ئۆگدا ئۇچىدىغان بولدى-دە، "يامان بولساڭ ئاشۇرۇۋەت" غەرىزىگە ئۆتتى.

مەيلىخان — بۇ ئۇزۇن قولاق ئايال، خېلىدىن بۇيان تىمىسقىلاپ، يۈراپ يۈرۈپ، چولپان بۇۋى ئاتلىق بىر پالچى ھەم تېۋىپ ئايالنىڭ گۈلچېمەنگە دورا بېرىپ يۈرگەنلىكىنى بىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قويغانىدى. ئۇ، ھازىر ئادەم بۇيرۇپ ئاشۇ ئايالنى ئۆيگە چاقىرتىپ كەلدى. ئىككىلەن گۈلچېمەننىڭ كېسىلى توغرىسىدا سۆزلىشىشكە باشلىدى:

— چولپانخان ئاچا، — دېدى مەيلىخان كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ تۇرۇپ، — ئۆزلىرىنى بۇگۈن بىردەم ھال-مۇڭ بولايلى دەپ قىچقارتقۇزغان ئىدىم. ھېلىمۇ ياخشى ئۆيلىرىدە بار ئىكەنلە. ئاڭلىسام گۈلچېمەن خېنىمنىڭ كېسىلىگە قاراپ كېلىۋېتىپىلا، بۇ خاسىيەتلىك ئىشلىرىنى ئاڭلاپ بۆلەكچە خۇش بولۇپ كەتتىم. ھازىر ئۇ خېنىمنىڭ مىجەزى قانداقراق؟

— ئاتام رەھمەتلىكتىن، — دېدى چولپان بۇۋى، — ماڭا تومۇر تونۇش، گۈل-گىياھلاردىن دورا ياساش ھۈنىرى مىراس بولۇپ قالغانىدى. ئۇ چاقىرىپ، بۇ چاقىرىپ بىر كۈنمۇ قولۇم بوشمايدۇ. بىلگىنىمنى قورسىقىمدا سېسىتىۋەتكەندىن، كىشىلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولسام، ئاتام رەھمەتلىكنىڭ روھى خۇش بولار، دەپ ھەر تەرەپكە چېپىپ يۈرۈۋېتىمەن.

چېچەن بولمىساق، بىخەستەلىك قىلساق بولمايدىغان يېرىگە يەتتى. ئۇنىڭ-دىن سىرت، ئەھمەت ۋاڭنىڭ باللىرى گۈلچىمەننىڭ مىراسىغا شېرەم شپەتلىكنى باھانە قىلىپ، ۋارىسلىق داۋاسى قىلىشىمۇ مۇمكىن؛ شۇڭا بۇ ئىشقا بىزمۇ چاققان تۇتۇش قىلمىساق بولمايدۇ. خانىمبال بىزگە ئارقا تىرەك بولىدۇ. بۇ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۆزىمىزنىڭ چاققانلىقىغا باغلىق.

— ئۇنداقتا، سىڭگچە بولغاندا، — دەپ سورىدى سېيىت ھېكىم بەگ، ئاچىسىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — قانداق چاققانلىق؟...

— چېنىپ قالارمىكىن دەپ غەم يېمە. گۈلچىمەننىڭ خۇي-پەيلى ماڭا بەش قولدەك مەلۇملۇق. ئۇ، قولىدىكىنى نۆزەمبىللا چىقارغۇسى كەلمەيدىغان «چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان» بېخىلدىن. شۇڭا ئۇنى مال-مۈلۈكى بىلەن قوشۇپ دەپنە قىلىشقا كۆندۈرگىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلالىساقلا ئىش ئوڭغا تارتىدۇ.

— تالا تۈزلەردە ئۆسەك سۆز، گەپ-چۆچەك بولۇپ قالماسمۇ؟

— ئۇنىڭ كارى چاغلىق. ئابدۇجاپپار قازى سىڭنىڭ يېقىن دوستۇڭ، ئۇ، گۈلچىمەننىڭ ئېغىزىدىن ۋەسىيەتنامە قالدۇرۇپ قويسىلا، ئىش پۈتتى ۋەسسالام.

— كاللاڭ ئىشلەيدۇ جۇمۇ ئاچا ...، بولىدۇ، ئابدۇجاپپار قازىنى ئىشقا سېلىشنى مەن ھۆددە قىلاي.

— ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ. سەن ئادەم بەلگىلەپ گۈلچىمەن ئۇچۇن كۆك مەدرىسىنىڭ يېنىدىن ئىككى ئۆتۈشمە شاما گۆر كولاتقۇزۇپ تەييارلا. گۆرگە قۇلۇپ سېلىنىدىغان ئىشىك ياسات، ئاچقۇچ يېنىڭدا بىللە بولسۇن. ئۆلۈپ كەتكۈچە بۇ سىرنى ئېغىزىڭدىن چىقارما.

— بولىدۇ ئاچا، ئىش سىڭنىڭ دېگىنىڭدەك بولىدۇ.

— يەنە باشقا ئىشلارمۇ بار. ئۇنى ماڭا قويۇپ بەر، لېكىن بۇ ئولجا قولىمىزغا كەلگەندىن كېيىن، سىڭنىڭ ئاقسۇغا ھاكىم بەگ بولۇشۇڭغا مانا مەن كېپىل.

بار. بىراۋغا ياخشىلىق قىلغانىكەنمىز، ئارا يولدا پايىسىنىپ قالساق بولماس. مەن گۈلچىمەن خېنىمغا كىچىكىمدىن تارتىپلا ئىچىكىپ قالغان. بۇ دورىم ئۇ خېنىمغا بىر ياخشىلىق قىلىپ قويايى، دەيدىغان نىيەت-ئىقبالىم بار. سىلىنىمۇ مېنىڭ رايىمغا بارىدۇ، دەيدىغان ئىشەنچىم بار. قولۇمدا كەشمىرگە قاتنايدىغان بىر سودىگەردىن ئالغان مېھرىگىياھ دورىسى بار ئىدى. ئۇ، سىلى بىز كۆرگەن مېھرىگىياھقا ئوخشىمايدۇ. مەن ئۇنى ئىنسى-جىنغا كۆرسەتمەي، جېنىمدىن ئەزىز كۆرۈپ ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. سىلى ئۆزلىرىنىڭ نامىدا ئاشۇ دورىنى خېنىمغا ئىچكۈزۈپ باقسىلا. مەن ھۆددە قىلالايمەنكى، گۈلچىمەن خېنىم ئاشۇ دورا بىلەن "كەيچاۋ مەپىسى"گە چۈشۈپ سەيلە قىلالايدىغان بولىدۇ. بۇ پىكرىمگە قوشۇلىدىغانىلا؟ — دېدى.

— قوشۇلمامدىغان خېنىم، مىڭ مەرتىۋە قوشۇلىمەن دېسىلە. گۈلچىمەن خېنىمغا مەن تېخى "مەيلىخان خېنىم، بۇ دورىم جانلىرىغا ئارا تۇردى، بۇ ياخشىلىقنى ھەرگىزمۇ ئەسلىرىدىن چىقارمىغايلا" دەپ جېكىلەپمۇ قويىمەن، — دېدى چولپان بۇۋى خۇرسەن بولۇپ.

— ياق بولمايدۇ، ئۇنداق قىلسىلا، ماڭا "ئات-مىننەت" بولۇپ قالىدۇ. بۇ بىر خالىس ياخشىلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن تېۋىپ ئەمەس. ئۇنداق تۇرۇپ، مەن ئۆزۈمگە ئات-مىننەت يۇقتۇرۇۋالسام، ياراشمىغانىنىڭ ئۈستىگە خالىس ياخشىلىقىم يۇيۇلۇپ كېتىدۇ. يەنىلا سىلىنىڭ ناملىرىدا بولسۇن. مۇبادا بۇ دورا كۈچىنى كۆرسىتىپ، گۈلچىمەن خېنىم بېجىرىم، سەللىمازا بولۇپ كەتسە، مەن ئۇ چاغدا قولۇمدا قالغىنىنىڭ ھەممىسىنى سىلىگە سوۋغات قىلىپ بېرىۋېتىمەن. مەندىن سىلىلا مىننەتدار بولسىلا بولىدۇ، — دېدى مەيلىخان ياسالمىلىق بىلەن.

— ھەشقاللا، رەھمەت خېنىم، — دېدى چولپان بۇۋى ئورنىدىن تۇرۇپ خۇشاللىقىدا، — مەن ئەمسە دورىنى...

— دورىنى مەن تېپىپ تەق قىلىپ قويايى، سىلى ئەتە چۈشتىن بۇرۇن، مۇشۇ ئۆيۈمگە كېلىپ، قولۇمدىن ئېلىۋالسىلا. ھە، راست، سىلى

گۈلچېمەن خېنىمنىڭ مىجەزىنى سورىسىلا، ئۇ خېنىمنىڭ دەردى خېلى بار. جان ھەلقۇمغا يېتىپ قالغاندا، ياسىن سۈيىمۇ، لوقمان ھېكىممۇ، نېمىگە يارايدۇ دەيدىلا...

چولپان بۇۋىنىڭ ئېغىزىدىن چىققان بۇ ئۇچۇر، ھازىر مەيلىخانىنىڭ كۆڭلىگە ياغدەك يېقىپ كەتكەندى. مەيلىخان خۇپسەنلىك بىلەن گۈلچە-مەنگە ئىچ ئاغرىتقان بولۇۋېلىپ:

— بىچارە خېنىمنىڭ كېسىلى بۇ ھالغا يېتىپ قالغىنىنى ھازىر سىلىنىڭ ئېغىزلىرىدىن ئاڭلاۋاتىمەن. ئانداقتا ئىش يامان يېرىگە بېرىپ قاپتۇ. گۈلچېمەن خېنىم مۇشۇ يۇرتنىڭ نۇرى، زىننىتى ئىدى. قازارا ئەجىلى توشۇپ، ئالەمدىن كېتىپ قالسا، ئۇنىڭ شۇنچە كۆپ دەپنە دۇنياسى، ھەي ئىستەي، بىر يولى تۇزۇپ كېتىدىغان بولۇپتۇ-دە، ئۆلمەيدىغانغۇ كىشى يوق، ئاشۇنداق ئىسىلزادىلەر ئۆلۈپ كەتمەي، ئۇزۇنراق ئۆمۈر كۆرۈپ بەرسە، ھەممىمىز ئۈچۈن ياخشى ئەمەسمىدى. بۇۋىم بۇ تەقدىرگە نېمە دېگۈلۈك؛ گۈلچېمەن خېنىمنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ ئىچىم سىيرىلىپ كېتىۋا-تىدۇ ...، ئۆزلىرى يەنە بىر سەۋەب قىلىپ باقامدىلا. بۇ، "سەۋەبنىڭ ئالىمى" دېگەن گەپ بارغۇ؟ — دېدى.

— مەن بايا، — دېدى چولپان بۇۋى، مەيلىخانىنىڭ سۆزىگە قارىتا، — ئۆزلىرىگە دەپ ئۆتكىنىمدەك ئەجەلگە ھېچقانداق سەۋەب ئارا تورالمايدۇ خېنىم، مەن قولۇمدىن كەلگىنىچە سەۋەب قىلىپ كۆردۇم، ئۇنىڭدىن باشقە-سى مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. ئەزرائىلغا كىم تەڭ كېلەلەيدۇ، دەيدىلا...

مەيلىخان ئۆزىنىڭ مېھمىنىنىڭ ئېغىزىدىن كۆڭلىدىكىدەك جاۋاب ئېلىنىۋالغانلىقىغا قانائەت ھاسىل قىلدى-دە، سۆزىنى مۇددىئا مەنزىلىگە كۆ-چۈرۈپ:

— چولپان بۇۋىم، سۆزۈمگە قوشۇق سالدى دەپ مېنىڭدىن ئاغرىنمى-سىلا، "سەۋەب قىلغىن ئۆلگۈچە، ھەق دادىڭغا يەتكۈچە" دېگەن گەپ

— ئۇنداقتا، مېنىڭ ئۆزلىرىگە ۋەسىيەت سۆزۈم: ھازىر ئەزرائىل مېنىڭ ئىشىك تاپسامغىلا كېلىپ، ماڭا گۆشۈيۈپ قاراپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەجەل پەيمانىم توشقاندەك قىلىدۇ. مېنىڭ پەرزەنتىممۇ، مىراسخورىممۇ يوق. مەن قازا تاپقاندا ئۆزلىرى مەسئۇل بولۇپ، مېنىڭ نامىزىمنى چۈشۈرگەيلا. كىيىم-كېچەكلىرىمدىن بىر قىسمىنى چۆرە قىزلىرىمغا قالدۇرۇپ، قالغان ئالتۇن-كۈمۈش، زەر-تىللا قاتارلىق سەرخىل مال-مۈلۈكلىرىمنى بىر-بىرلەپ تىزىملاپ، ساندۇق، چامادانلىرى بىلەن ماڭا ھەمراھ قىلىپ گۆرۈمگە تىزىپ قويغايلا. ئاخىرىنى ئاللا ئىگەمگە تاپشۇردۇم. قېنى، مۇشۇ ۋەسىيىتىمنى ھازىرلا پۈتۈپ چىقسىلا، مەن قول قويۇپ بېرىمەن. ئاندىن خەزىنە ئاچقۇچىنى خۇدالىق يولىدا ئۆزلىرىگە ئۆتكۈزىمەن. ئۇنداق بولمىغاندا كۆزۈم يۇمۇلماي، ئارقامدا قالىدۇ، — دېدى ھاسىراپ تۇرۇپ گۈلچىمەن خېنىم.

ئابدۇجاپپار قازى چاققانلىق بىلەن يان يانچۇقىدىن قۇتىسىنى چىقاردى، سېرىق سەللىسىنىڭ گىرۋىكىگە قىستۇرۇپ كەلگەن ياغاچ قەلىمىنى ئالدى-دە، گۈلچىمەنىنىڭ ئېغىزىدىن چىققان ۋەسىيەت سۆزلىرىنى يېزىشقا باشلىدى...

شۇ ئەسنادا بىر چەتتە ئىچى سىيرىلىپ ئولتۇرۇۋاتقان مىرزا مۇھەممەت چىدىيالماي قالدى-دە، بارماقلىرىنى چىشلەپ، كۆزىدىن تارام-تارام ياش تۆكۈشكە باشلىدى. ئۇ، گۈلچىمەندىن ئىلتىپات كۈتۈپ، كۈندە دېگۈدەك قەسىر بوسۇغىسىغا دوقۇرۇپ، كېلىپ-كېتىپ تۇراتتى. كۆپتىن بېرى تەمە بىلەن شۆلگەيلىرىنى ئاقتۇرۇپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ تەمەلىرى يوققا چىققانىدى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا ھار كېلىپ ئىچ-ئىچىدىن ئاداپ كېتىپ باراتتى.

— فۇچىن خېنىم ئالىيلىرى، — دېدى مىرزا مۇھەممەت ياش تۆكۈپ، يىغلىنىپ، — ناۋادا پىقىرنىڭ ئالدىلىرىدا سەۋەن-كۇپۇرلۇقۇم بولسا مىڭ مەرتىۋە ئەپۇ سورايمەن. مەنمۇ ئۆزلىرىگە لايىقىدا خىزمەت قىلغانىدىم.

گۈلچەمەن خېنىمنىڭكىگە قاچان بارىدىلا؟
— كۈن ئارىلاپ بېرىپ تۇراتتىم. بۈگۈن بارسام بەربىر قۇرۇق قول بارغىدەكمەن. ئەتە ئۆزلىرىدىن دورىنى ئېلىۋېلىپ بىر يولىلا باراي. گېپىمىز شۇنداق بولغاي خېنىم، ئەمسە مەن كەتتىم، — دەپ ئۆزىدى چولپان بۈۋى.

3

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن ئابدۇجاپپار قازى، چولپان بۈۋى، مىرزا مۇھەممەت قاتارلىقلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، گۈلچەمەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىۋاتقان سارايدا ھازىر بولۇشتى. گۈلچەمەننىڭ مۇلازىم چۆرە قىزلىرى ئاۋۋالقىدەكلا ئۇنىڭ بېشىدا يەلپۈگۈچ تۇتۇپ تۇراتتى. كېسەلنىڭ ھالى تېخىمۇ ناچارلاشقانىدى.

ئارىدىن بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن، گۈلچەمەننىڭ دېمى سىقىلىش-تىن توختاپ، بىر ئاز ئارام بەردى-دە، ئۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن كۆزىنى ئېچىپ ئاۋۋال ئابدۇجاپپار قازىغا نەزەر سالدى ۋە:

— ۋاقتىدا كەپتىلا قازى ئاخۇنۇم، سىلى مېنىڭ ئىسھاق ۋاڭ رەھمىتى بىلەن بولغان نىكاھ ئىشىمىزغىمۇ گۇۋاھچى بولغان. ئەمدى مېنىڭ مال-مۈ-لۈك، دەپىنە دۇنيالىرىمغىمۇ ئىگە بولغايلا، — دېدى.

گۈلچەمەن كېسەل بېسىمىدىن ئۈزۈپ-ئۈزۈپ، پەس ئاۋازدا ئاران ئاڭلانغۇدەك قىلىپ سۆزلەيتتى:

— قازى ئاخۇنۇم، ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلەرمىش، راستمۇ، كىتابلاردا راست شۇنداق گەپ بارمۇ؟

— شۇنداق، قۇچىن خېنىم، — دېدى ئابدۇجاپپار قازى دەرھال، — كىتابلىرىمىزدا ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، روھى قايتا تىرىلىدۇ، مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ، دەپ يېزىلغان.

ئابدۇجاپپار قازى بىمار بىلەن خوشلىشىپ ماڭماق بولۇۋېدى، مىرزا مۇھەممەت دەرھال ئۇنىڭ ئالدىنى توستى-دە، بايىقى قورساق كۆپۈكنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن قازى بىلەن گەپ تەگەشكىلى باشلىدى:

— ھەي قازى نەگە بارىسەن؟ توختاپتۇر. ھېلى نېـــمە دېدىڭ؟ "مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك" دەۋاتىسەنغۇ؟ زادى كىم ئوغرى، مەنمۇ، سەنمۇ؟ سەن بۈگۈن خېنىمنىڭ كۆزىگە توپا چېچىپ، پۈتۈن ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى بۇلاپ ماڭغان قاراقچىسەن! يالغانمىدى، دەپ باققىنا قېنى؟

بۇ ئەنسىزلىك بىمارنىڭ كېسىلىگە دەرھال تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭ رەڭگى تاتىرىپ كەتتى. كۆزلىرى ئالىيىپ، ئۆكسىلەك بولۇپ قالدى.

ھېلىغىچە زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقان چولپان بۇۋى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، گۈلچېمەننىڭ يېنىغا باردى-دە، ئەھۋالنىڭ بولماي قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، چۆرە قىزلارغا:

— كېلىڭلار قىزلىرىم، — خېنىمنىڭ بەدىنى سوۋۇپ كېتىۋېتىپتۇ. سىلەر ئىككىڭلار بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇڭلار. مەن يېنىمدىكى دورىنى ئىچۈرۈپ كۆرەي، ماۋۇ ئىككى بەدرەك ئۇرۇشۇۋەرسۇن. تۇۋا، ھەممە پەسەندىلىكنىڭ ئوردا ئىچىدە بولىدىغىنىنى مەن نەدىن بىلەي، — دېدى.

چولپان بۇۋى بۈگۈن مەيلىخانىدىن ئېلىپ كەلگەن كىچىك مىس چەينەكتىكى سۇيۇقلۇق دورىنى بىمارنىڭ ئېغىزىغا بىر نەچچە قوشۇق قۇيۇپ، بوغۇزىدىن ئۆتكۈزۈۋەتتى. ھايال ئۆتمەي گۈلچېمەننىڭ پۈتۈن ئەزايى نىلدەك كۆكىرىپ كەتتى. تىلى سوزۇلۇپ سىرتقا چىقىۋالدى. ئۇنىڭ تومۇرىمۇ، نەپەسىمۇ تەڭلا توختىدى. ئۇ، جان ئۈزگەندى.

چۆرە قىزلار ئاللا-تۇۋا سېلىپ، قەسىر ئىچىنى بېشىغا كىيگىلى تۇردى. ئابدۇجاپپار قازى بىلەن مىرزا مۇھەممەتمۇ دەتالاشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆلۈكنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

— ھېلىلا ساقتىغۇ، ھېلىلا ساقتىغۇ؟ — دېيىشەتتى ئۇلار.

ئارقىدىنلا بۇ ئىككى رەقىب بىرلىشىپ چولپان بۇۋىنىڭ دورىسىدىن

زېرىككەن چاغلىرىدا «مىڭ بىر كېچە»، «كەلىلە ۋە دەپنە» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇپ بېرىپ كۈلدۈرەتتىم، كۆڭۈللىرىنى ئاچاتتىم. ئەجەبكى، بۈگۈن ئىتتەك بوسۇغىلىرىنىڭ سىرتىدا قالدىم. مەن ئالدىنقى كۈنى ئۆزلىرىگە ئىلتىماس قىلغىنىمدىكىدەك، ئاخىرەت سەپىرىگە ئاتلىنىپ، ھەج تاۋاپ قىلىپ كەلمەكچىمەن. ئۇنىڭ ياخشىلىق ساۋابى، جانابى ئانىمىزغىمۇ بولىدۇ. خەير-ئېھسانلىرىدىن ماڭىمۇ ئەقەللىي مۇكاپات سەدىقە قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن.

مىرزا مۇھەممەتنىڭ بۇ سۆزلىرى گۈلچىمەننىڭ قۇلىقىغا تازا خۇشياقمىغانىدى. ئۇ، بېشىنى پەنجىرە تەرەپكە بۇراپ، قۇلاق يوپۇرۇپ تۇرۇۋالدى. دەل شۇ دەقىقە ئىچىدە ئابدۇجاپپار قازى ۋەسىيەتنامىنى يېزىپ پۈتكۈزۈپ بولدى-دە، گۈلچىمەنگە ئوقۇپ بېرىشكە تەمشەلدى.

لېكىن، مىرزا مۇھەممەت دەرھال نارازى بولۇپ:

— توختاڭ، ئوقۇماي تۇرۇڭ قازى، ۋەسىيەتنامە ئىچىگە ماڭا كېلىدىغان نېسىۋىنىمۇ قىستۇرۇپ قويۇڭ. بولمىسا ...، — دېدى.

ئابدۇجاپپار قازىنىڭ غۇژژىدە جۇدۇنى تۇتتى-دە، مىرزا مۇھەممەتكە قاتتىق تېگىپ، دېدى:

— نېمە دېمەكچى ئۆزلىرى، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېمەكچىمۇ؟ "مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك" دېگەننى ئوبدان بىلىۋاپلا-دە، پۇل دېگەننىڭچۇ، "بىر ئۇچى بېلەكتە، بىر ئۇچى يۈرەكتە"، نەدە چوڭ بولغان دوقچى ئابدال ئۆزلىرى؟ قارىمامدىغان مۇتتەھەملىكىنى ...

— بولدى، تىڭشىماي ئوقۇۋەرسىلە...

گۈلچىمەن ئوقۇشقا ئىشارەت قىلغاندىن كېيىن، ۋەسىيەتنامىنى ئابدۇجاپپار قازى بىمارنىڭ قۇلىقىغا يېقىن كېلىپ ھەجلەپ، ئېنىق ئوقۇپ بەردى. گۈلچىمەن رازىلىق بىلدۈرۈپ قولىنى باستى. ئارقىدىن مال-دۇنيا خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى قازىغا تۇتقۇزدى.

گۈلچەمەن خېنىمنى ئۆلتۈردۈڭ. ئارقىدىن جىنايىتىڭنىڭ ئىزىنى يوقىتىش ئۈچۈن جادۇگەر شېرىكىڭنى ئۆلتۈردۈڭ. سەن ئەمدى قوش قاتىللىق جىنايىتىڭدىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايسەن. قېنى كۆرۈپ باقارمىز. مېنىڭ قازى ئىكەنلىكىمنى ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويما، جۇمۇ؟ — دېدى پوپوزا بىلەن.

ئابدۇجاپپار قازى دەبدەبە بىلەن مىرزا مۇھەممەتنى راسا قورقىتىپ قويغاندىن كېيىن، دورا چەينىكى بىلەن سىياھ، قەلەم ۋە ۋەسىيەتنامىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

ئابدۇجاپپار قازىنىڭ قارىسى يىتكەندىن كېيىن، مىرزا مۇھەممەت ئىككى ئۆلۈكنىڭ ئارىسىدا يالغۇز قېلىپ، قورقىنىدىن جان-پىنى چىقايلا دېدى. چۆرە قىزلار تېخىمۇ قورقۇپ، ئۆيدىن تالاغا چىقىشىۋېلىشقانىدى.

تاشلىنىپ قالغان ئىككى ئۆلۈكنىڭ بىرى يەردە، بىرى تاختايلىق سۇپىدا قورقۇنچلۇق ھالەتتە ياتاتتى ... ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغان، ئېڭەكلىرى ساڭگىلىغان، تىللىرى ئۇزىراپ سىرتقا چىقىپ كەتكەن ھالەتلىرى مىرزا مۇھەممەتنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ، ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك:

— ماڭا بۇ نېمە كۆرگۈلۈك، ئاھ قىزىل قىيامەت! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى-دە، ئالدى-ئارقىسىغا قارىماي ئۆلۈكلەر قېشىدىن سىرتقا قېچىپ چىقىپ كەتتى.

مىرزا مۇھەممەت قورقۇپ قاچقانىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئابدۇجاپپار قازى قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. گويا زەھەرلىك يىلان ئۇنىڭ گېلىنى بوغۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

— مەن قاتىل بولۇپ قالدىممۇ؟ — دەيتتى ئۇ، قېچىپ كېتىۋېتىپ، ئابدۇجاپپار قازىنىڭ ئۇنىڭغا دۈگەپ قويغان ئاشۇ سۆزىنى جۆيلىگەندەك تەكرارلاپ. ئۇ قانچە ۋايساپ، ئۆكۈنگىنى بىلەنمۇ، "ماڭا قارا چاپلاندى" دەپ ئۆزىنى ئاقلىغىنى بىلەنمۇ ئەسقاتمايتتى. ئۇنىڭغا قارا چاپلاشقىنى چاپلاشقانىدى.

گۇمانلىنىشقا باشلىدى.

— ھەي قېرى جادۇگەر، — دېدى مىرزا مۇھەممەت بۇۋىنىڭ كۆزىگە قولىنى شىلتىپ، دېگىنە، بۇ دورىنى سەن نەدىن تېپىپ كەلگەنتىڭ، سېنىڭمۇ گۈلچىمەن خېنىمدىن مىراس تەمەيىڭ بارمىدى؟

مىرزا مۇھەممەت دەرھال دورا قاچىلانغان بايىقى مىس چەينەكنى قولىغا ئېلىۋالدى-دە، چولپان بۇۋىنى سوراقلاپ يەنە سورىدى:

— دېگىنە جادۇگەر، بۇ زادى قانداق دورا؟

— ” مېھرىگىياھ “ — دېدى چولپان بۇۋى، تىترەپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق بولسا سەن ئۆزۈڭ ياسىغان بۇ ئېسىل دوراڭنى ھازىر ئۆزۈڭ ئىچىپ، سىناپ بېرىسەن، — دېدى مىرزا مۇھەممەت بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

چولپان بۇۋى بۇ قىيىن-قىستاقتىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ئۇ، چەينەكنى قولىغا ئالغان پېتى دورىنى چەينەك جوغىسى بىلەن غۇتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى-دە، شۇئان يەرگە دۈم چۈشۈپ، ۋايجانمۇ دېيەلمەي جان ئۈزدى.

ئابدۇجاپپار قازى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ لاغىلداپ تىترەپ قارا تەرگە چۆمگەنىدى.

مىرزا مۇھەممەت ۋەھىمە ئىچىدە قالدى. ئۇ، بىر چەتتە گۆشىيىپ ئولتۇرغان پېتى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغانىدى.

ھېلىلا: ”ۋاي خان ئانام“ دەپ گۈلچىمەن ئۈچۈن قوشاق قېتىپ، ئاللا-تۇۋا سېلىپ يىغلاۋاتقان قىزلارمۇ قەسىر ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇ پاجىئەدىن قورقۇپ جىمىپ كېتىشكەنىدى.

ئابدۇجاپپار قازى ئېسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، دەرھال مىرزا مۇھەممەتكە سۈر كۆرسىتىپ:

— مانا ئەمدى بىر دەمنىڭ ئىچىدە ”گۆر بىر، ئۆلۈك ئىككى“ بولدىمۇ؟ ھۇ، شۇمپەن. بۇنىڭ ھەممىسىگە سەن ئۆزۈڭ جاۋاب بېرىسەن. سەن، مۇشۇ جادۇگەر بۇۋى بىلەن تىلىڭنى بىر قىلىۋېلىپ، ئاۋۋال ئۇنىڭ قولى بىلەن

مانا ئەمدى ئولجا تەقسىماتىغا نۆۋەت كەلگەنىدى. گۈلچىمەننىڭ يەتتە نەزىرى ئۆتۈپ كەتكۈچە سىيىت ھېكىم بەگ قاتارلىقلارنىڭ نەپسى تاقىلداپ تۇرالماي قېلىشقانىدى.

شۇنداق قىلىپ، بىر جىمجىت كېچىدە، ئۇلارنىڭ ئولجا سۈپىتىدە قولغا چۈشۈرگەن ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنىڭ ھەممىسى ئىشەنچلىك مۇلازىملىرى ئارقىلىق گۆر ئىچىدىن خۇپىيانە توشۇلۇپ، خانئامبال ئۇرچۇنئانىڭ قەسرىگە توپلاندى. بۇنىڭ شارapىتى ئۈچۈن ئۇرچۇنئا ئالدىنئالا شاراپ زىياپىتى ھازىرلىغانىدى.

ئۆتەيلەن بىر ئۆمۈر يېتىپ ئاشقىچە ھەسسىلىككە ئېرىشكەندىن كېيىن، خۇشاللىقىدا خۇدىنى بىلمەي قېلىش دەرىجىسىگە يەتكەنىدى.

— ئالدى بىلەن مېنىڭ سۆزلىشىمگە رۇخسەت قىلغايسىلەر، — دېدى ئۇرچۇنئا، قەدەھ سۆزىنىڭ بېشىدا، — مەن ھەممىدىن بۇرۇن سادىق دوستۇم سىيىت ھېكىم بەگنىڭ تۆھپىسىگە كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن. جاڭجۇن مەھكىمىسىدىن ئۇنى ئاقسۇغا ھاكىم بەگ مەنسىپىگە تەيىنلەپ پەرمان چۈشۈرگىنىگە بىر ئاي بولغانىدى. مەن بۇ دوستۇمدىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيماي، پەرماننى ھېلىغىچە يوشۇرۇپ كەلگەنىدىم. مەن بۈگۈن بۇ پەرماننى ئېلان قىلىش بىلەن بىللە، دوستۇمنىڭ يېڭى مەنسىپىنى تەبرىكلەيمەن. قېنى ھەممەيلەن قەدەھ كۆتۈرمىلى.

سىيىت ھېكىم بەگ دەرھال ئورنىدىن تۇردى-دە، ئۇرچۇنئا ئالدىدا يەتتە پۈكلىنىپ تەزىم قىلىپ، مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ئارقىدىن ئاچىسى مەيلىخاننى ماختاپ:

— مېنىڭ ئۆسۈپ، يېتىلىشىمدە ئاچامنىڭ ھەسسىسى كۆپ، ئۇنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى مېنى يېتەكلىمىگەن بولسا ...، — دېدى ھاياجانلانغان ھالدا.

بۇ يەردە سىيىت ھېكىم بەگ ھەقلىق ئىدى. ئۇنىڭ يۈز-ئابرويى راستىنلا مەيلىخاننىڭ سەۋەبىدىن بولغانىدى. بۇ ماختاشلاردىن مەيلىخان

شۇ ۋەجىدىن مىرزا مۇھەممەتنىڭ جېنى تويۇپ، قورغاندىن بەدەر تىكىۋەتتى. بىزارلىقتا ئۇنىڭ ھەممە ئارمانلىرى بەربات بولغانىدى.

4

مىرزا مۇھەممەت غايىب بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆلۈكلەر يېنىغا سېيىت ھېكىم بەگ، ئابدۇجاپپار قازى ۋە مەيلىخانلار يېتىپ كېلىشتى. مەيلىخان بېشىغا ئاق رومال ئارتىپ، چۆرە قىزلار بىلەن بىللە ھازا يىغىسىنى باشلىۋەتتى.

بۇ ئاردا، شەھەرنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە گۈلچېمەننىڭ ئۆلۈم خەۋىرى پۇر كەتكەنىدى. كىشىلەر ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۆلۈم پەتىسگە كېلىشمەكتە ئىدى.

كەچ كىرىپ، پەتىچىلەر شالاڭلاشقاندىن كېيىن، سېيىت ھېكىم بەگ ئابدۇجاپپار قازى ۋە مەيلىخان ئۈچەيلەن كېڭىشىپ مېيىتنى ئەتىسى سەھەر بامداتقا ئۈلگۈرتۈپ چىقىرىشنى بېكىتتى. گۈلچېمەننىڭ دەپنە دۇنياسىنى ئەسلىدىكى مۇددىئالىرى بويىچە ئالدىن تەييارلاپ قويغان پىنھان جايغا كېچىچە توشۇپ، ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ تەقمۇتەق قىلىپ قويۇشتى.

ئەتىسى ئىككى مېيىتنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلدى. گۈلچېمەن خېنىم ئۆبىسلزادىلەر قەبرىستانلىقى — " ئالتۇنلۇرۇم"غا، چولپان بۆۋى بولسا "قاراچۇقلار" زاراتگاھلىقىغا ئېلىپ بېرىپ يەرلىككە قويۇلدى. گۈلچېمەن خېنىمنىڭ مېيىت نامىزىمۇ، يەتتە نەزىرىمۇ چوڭ ئۆتكۈزۈلدى. كوچىلاردا: "خېنىمنى مىرزا مۇھەممەت زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ" دەيدىغان پاراڭلار ئۇچۇپ يۈرەتتى. لېكىن، باشقا ھېچقانداق كىشى ئۇستىدىن گەپ-سۆز بولۇنمىدى. ئۇ "ئۆلۈككە ئۈچ كۈن گەپ، تىرىككىمۇ ئۈچ كۈن" دېگەندەك، يەتتە نەزىرىدىن كېيىن ئاققا-تۇققا گەپلەر ئۆزىچە قومغا سىڭگەن سۇدەك يوقالدى.

باشلىدى ئابدۇجاپپار قازى، — مىرزا مۇھەممەت بۇ قېتىم گۈلچىمەننىڭكىدە تازا ئۇششۇقلۇق قىلدى. ئۇ، ئاۋۋال ماڭا ئۇششۇك ھەرىسىدەك نەشتەر ئۇردى. كېيىن، مەن ئۇنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ قويۇۋېدىم، چاشقان تۆشۈكى ساراي بولۇپ تىنكىۋېتىپتۇ. ئەگەر ئۇ، يەنە شىلتىڭ ئاتقان بولسا، مەن ئۇنىڭ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسەتمەكچىدىم.

تاڭ سۈزۈلەي دېگەن بولسىمۇ، ئولجا شادلىقىدا ئۇلار ئۇيقۇنى ئۇنۇتقاندى.

ھارام ئولجا شادلىقى تازا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈۋاتقان بىر مەھەلدە، ئورچۇنئانىڭ قەسىر ئىشىكى ئۇرۇلدى-دە، ھەممەيلەن چۆچۈشۈپ ئىشىككە قاراشتى. ئورچۇنئا بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى.

ئىككى چېرىك ئالدىراپ كىرىپ، ئورچۇنئا ئامبالنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ سالام بەردى ۋە ئۇلاردىن بىرى:

— ئامبال ئالىيلىرى، قېيىردىن شۇم خەۋەر كەلدى. ئۇ يەرگە ئەۋەتكەن ئايپاڭ باشلىق ئادەمىمىزنىڭ ھەممىسىنى قاراچۇقلار ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. بىر قاراچۇق ھارۋىكەش ... پەقەت تاش بايۋەچچىنىڭ ئۆلۈكىنى ئېلىپ كېلىپتۇ. ھارۋا ئىشىك ئالدىدا تۇرىدۇ، — دەپ دوكلات قىلدى.

بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ تۆتەيلەن پاتپاراق بولۇپ ئىشىك سىرتىغا چىقىشتى. ئۇلار ھارۋىنىڭ ئۈستىدىكى مۇزغا ئېلىپ يانقۇزۇلۇپ قويۇلغان تاش بايۋەچچىنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئالاقزادە بولۇپ كېتىشتى. سېيىت ھېكىم بەگ بىلەن مەيلىخان مىشىلداپ يىغلىغىلى تۇردى. خانئامبال ئورچۇنئا ئۇلارنىڭ يىغىسىنى بېسىپ، ئۇلارنى يەنە قەسىر ئىچىگە باشلاپ كىردى. تۆتەيلەن ئاۋۋالقى ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشۇپ "ئاخىرىنى قانداق قىلىش" ھەققىدە كېڭەشمەكچى بولۇشتى.

قەسىر ئىچىنى بىردەمدە مۇسىبەت-قايغۇ تۇمانلىرى قاپلىغانىدى. ھېلىلا چېلىنىۋاتقان شادلىق مۇزىكىسى ھايت-ھۇيت دېگۈچە ئارىلىقتا ماتەم مۇزىكىسىغا، كۈلكە، يىغىغا ئالماشقانىدى.

ئالچاڭلاپ، كىرىلىپ ئولتۇرالماي قالدى.

"پۇل بىلەن مەنسەپ"، "خۇشامەت بىلەن يۈز-ئابروي" ئاپاق-چاپاق بولۇپ، قۇچاقلىشىۋاتقان بۇ زاماندا، مەيلىخان بۇگۈنكى زىيابەت سورۇنىدا ئىچىلىۋاتقىنى ئۆزى زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرگەن ئىككى ئايالنىڭ ۋە زەينەپنىڭ قېنى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، "پەرۋايىم پەلەك" دەپ ئولتۇرۇۋاتاتتى.

چولپان بۇۋىنىڭ مەيلىخاندىن ئالغان دورىسى، كەشمىر سودىگىرىدىن ئالغان دورا بولماستىن، بەلكى ئاق يايلاقتىن ئالاھىتەن تاپقۇزۇپ كەلگەن، "ئوراغۇن" دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل زەھەرلىك ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى ئىدى. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرماق-شېخىنى يېگەن مال-چارۋا، يىلتىزىنى قاينىتىپ سۈيىنى ئىچكەن ئادەم شۇ زامانلا جان تەسلىم قىلاتتى. مەيلىخان ئۇنىڭغا يەنە باشقا زەھەر خۇرۇچىنى ئىلەشتۈرگەنىدى.

— ھەممىدىن خانئامبال ئورچۇنئا ئالىيلىرىنىڭ، — دېدى مەيلىخان، ئىنىسى سىپىيت ھېكىم بەگدىن كېيىن، ئورچۇنئانى ئۇچۇرۇپ، — بىزگە قىلىۋاتقان غەمخورلۇقى كۆپ، مەن ئىشىنىمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ خان-ئامبال ئالىيلىرى بىزگە تېخىمۇ ئاتىدارچىلىق قىلىدۇ...

سۆزلەش نۆۋىتى ئەمدى ئابدۇجاپپار قازىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ، ھازىرغىچە ھاراق‌شارابقا نەزەر قىرىنى سالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ مۇشۇ تۈن كېچىدە ھارام ئولجىغا شېرىك بولۇپ ئولتۇرغانلىقى، گۈلچىمەننى ئالداپ پەتىۋا چىقارغانلىقى، ئۇنىڭ ناپاك كۆڭلىنىڭ يېتەرلىك ئىسپاتى ئىدى.

ئابدۇجاپپار ئەسلىدە كىچىككىنە ئەمەللىك چېرىك باشلىقى بولۇپ، سىپىيت ھېكىم بەگنىڭ ئادىمى ئىدى. ئورچۇنئانىڭ ماقۇل بولۇشى بىلەن سىپىيت ھېكىم بەگ ئۇنى چالا موللىلىقىغا قارىماي قازىلىققا كۆرسەتكەنىدى. لېكىن، ئۇنى پۇقرالار ياقتۇرمايتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن كىشىلەر "جاپپار ئاكام جا قازى، دەردمەن پۇقرا نارازى" دەپ قوشاق توقۇپ ئۇنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىشاتتى.

— مەنمۇ بىر-ئىككى كەلىمە سۆزلەپ قوياي، — دەپ سۆزىنى

شىپ گەپ قىلالمىدى. بىر مەھەلدىن كېيىن، ئۇ بېشىنى يەردىن ئۈزمەي تۇرۇپ، دۇدۇقلاپ دېدى:

— ئۇستۇنكى ناغدا قارا بۇلۇت پەيدا بولۇپتۇ. بۇلۇتلار ئارىسىدا ئېغىزلىرىدا ۋۇلقان يېنىۋاتقان قارا بۇركۇتلەر غەزەپ بىلەن ئۇچۇپ كېلىۋې-تىپتۇ. يامغۇر يېغىپ، قارلار ئېرىپ، كەلكۇن پەيدا بولۇپ، كىشلەرنىڭ مال-دۇنياسىنى سۇپۇرۇپ كېتىپتۇ...

ئۇرچۇنئا قېرى پالچىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان بۇ بىمەسەل گەپلەر-نى ئاڭلاپ تۇرۇۋېرىشكە تاقىتى قالمىدى-دە قەھر-غەزەپ بىلەن ئاۋۋال پالچى تايغاننىڭ شىشخاللىرىنى دەسسەپ يەنچىدى. ئاندىن پالچىنىڭ سوڭىغا تېپىپ:

— ھۇ، ئالجىغان قېرى ئىت. مەن سېنى بۇ يەرگە ماڭا كېپەنلىك تىكىشىپ بەرسۇن. دەپ چاقىرمىغان، يوقال كۆزۈمدىن! — دەپ ۋارقىرى-دى.

پالچى، ”مەن ئۆلەي، مەن ئۆلەي ...“ دېگەن پېتى قەسىر ئىچىدىن ئۆمىلەپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇرچۇنئا غەزىپىنى باسالماي قالدى-دە، شىرە ئۈستىدە تۇرغان كىچىك شاراب كوزىسىنى كۆتۈرگەن پېتى غۇتىلدىتىپ خېلىلا كۆپ ئىچىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قان چاچراپ چىقىدىغاندەك قىزارغانىدى. ئۇ قىلىچىنى قېنىدىن سۇغۇرۇپ ئالدى-دە:

— قارىمامدىغان، بۇ ئەقلىدىن ئازغان قېرى نېمە پوق چايناپ يۈرىدۇ. مەن ھەرگىز تەن بەرمەيمەن. ھازىرلا چېرىك ئەۋەتىپ، ئەنتىمنى ئالمىسام ھاردۇقۇم چىقمايدۇ، — دېدى قەھرى بىلەن.

— خانئامبال ئالىيلىرى، — دېدى ئابدۇجاپپار قازى، مەسلىھەت بېرىپ، — ئۆزىمىزنى ئازراق بېسىۋالايلى. بىز ئاۋۋال تاش بايۋەچچىنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كەلگەن ھارۋىكەشنىڭ ئېغىزىدىن سۆز ئاڭلاپ، ئاندىن بىر نېمە دېسەكمۇ ئۈلگۈرىمىز، مەن ئۇنى قىچقىراي.

— تىكەندەك بىر تاللا، — دېدى سېيىت ھېكىم بەگ يىغلاپ تۇرۇپ،
— ئەركە ئوغلۇم ئىدى. مىراسخورىم تۈگىدى، نەسلىم قۇرىدى. ئاھ! شور
پېشانەم ... قانىتىمدىن ئايرىلدىم...
— ۋاي جېنىم، سەردارىم ئاپپاق، سەن مېنىڭ ئوڭ قانىتىم ئەمەسمى-
دىڭ؟ مېنى يار-يۆلەكسىز قالدۇرۇپ، ئۆزۈڭ نەگە كەتتىڭ؟ ئاھ سەردارىم،
ۋاي ئىسىت دەردىم!...
ئورچۇنئانىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلغان ھالەتتە، سېيىت ھېكىم
بەگنىڭ كەينىدىن ئاشۇ سۆزنى قىلىپ يىغلىۋەتتى. مەيلىخانمۇ بىر چەتتە
ياش تۆكۈپ ئولتۇراتتى.
— يىغلاپ ئورنىغا كەلتۈرەلمەيمىز، — دېدى ئابدۇجاپپار قازى، —
ئاۋۋال مېيىتنى ئاللانىڭ دەرگاھىغا ئۇزىتىپ، قالغان گەپنى ئاندىن قىلىشقى-
نىمىز تۈزۈك. خانئامبال ئالىيلىرى، قانداق يولىيورۇقلىرى بار ئىكىن، ئاڭلاپ
باقساق.
ئورچۇنئا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، قەسىر سىرتىدا قاراۋۇلدا تۇرغان
چېرىكلەردىن بىرىنى بۇيرۇپ، پال ئاچالايدىغان قېرى چېرىكنى چاقىرتىپ
كەلدى. ئۇنىڭغا "بەخت-تەلەي" ھەققىدە پال ئېچىپ بېقىشقا بۇيرۇدى.
ئورچۇنئا، بەختسىزلىك يۈز بەرگەن چاغدا ھەمىشە مۇشۇنداق قىلاتتى.
قېرى چېرىك شىشىخال تاشلىرىنى يەتتە قېتىم تەكرار دوملاتتى. پالغا
قاراپ ئۇنىڭ پېشانىسىدىن قارا تەر تامچىلىرى ئېقىشقا باشلىدى-دە، ئور-
چۇنئانىڭ ئالدىغا ئۆملەپ كېلىپ باش ئۇرۇپ:
— خانئامبال ئالىيلىرى، مەن ئۆلەي! — دېدى.
قېرى پالچى توختىماي شۇ سۆزنىلا تەكرارلاپ تۇرۇۋالدى. ئورچۇنئا-
نىڭ تەتۈر تۈكلىرى تىك تۇرۇپ:
— نېمە تىلىڭنى چاينايسەن ئەزمە، نېمە بولسا شۇنى دەۋەرمەمسەن
... قېنى دە، نېمە گەپ بار ئىكەن؟ — دېدى.
قېرى پالچى ئورچۇنئانىڭ غەزىپىدىن چۆچۈپ، تىلى تېخىمۇ كالۋال-

مەن ھېلى ئۇنىڭغا بىكار كايىپتىمەن. "پالغا ئىشەنمە، پالسىز يۈرمە" دېگەن سۆز راست ئىكەن-دە! ئۇنداقتا ... بۇ ئىشنى ... — دېدى بېشى قايمۇققان ھالدا.

ئۇرچۇنئا خېلى پەسكارىغا چۈشۈپ، قېپىردىكى كېلىشمەسلىككە سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش قارارىغا كەلدى-دە، سېپىت ھېكىم بەگ قاتارلىقلارغا:

— بولىدىغان ئىش بولۇپتۇ. بۇ تەقدىردىن كەپتۇ. يىلان جىم يېتىپ تۇرسۇن. بۇ ئىشنى ھېچكىم ئۇقماپتۇ. "يېپىلغان قازان يېپىقلىق پېتى قېلىۋەرسۇن". ھازىر تاڭ ئاتاي دېدى. كۈن چىققۇچە تاش بايۋەچچىنىڭ مېيىتىنى يەرلىككە قويايلى. لېكىن، ھېچكىم تۇيۇپ قالمىسۇن. سېپىت ھېكىم بەگ تېز يولغا چىقىپ، يىگى ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشقا ئاتلانسۇن. بۇ يەردە يىگىدىن مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ قالسا، بىزگە يەنە سېپىت ھېكىم بەگنىڭ ياردىمى كېرەك. قېنى بۇ پىكرىمگە قارىتا ... — دېدى.

ئۇرچۇنئا ھەممەيلەننىڭ كۆزىگە قارىدى. قالغانلار ئۇنىڭ پىكرىنى ماقۇل تاپتى. ھەممىسىنىڭ ئۆپكىسى بېسىلىپ، يۈرىكى ئىزىغا چۈشتى-دە، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى. ئۇرچۇنئا يەنە سۆز قىستۇرۇپ:

— "ئالدىرىغاندا ئەقىل قاچىدۇ"، دەيدىغان گەپ بار. بىزنىڭ بېشىمىزدا دۆلەت قۇشى تېخى قونۇقلۇق. نۇسرەت قولىمىزدىن كەتكىنى يوق، بايا تەقسىم قىلىنغان ئولجا-نېسىۋەڭلەرنى ئېلىپ كېتىڭلار. لېكىنزە، بۇ بەكمۇ مەخپىي سىر، بۇ ئىش زىنھار ئېغىزىڭلاردىن چىقىپ كېتىپ قالمىسۇن... — دېدى ئولتۇرغانلارغا تاپىلاپ.

ئابدۇجاپپار قازى ئورنىدىن تۇرۇپ بېرىپ ھارۋىكەشنى قىچقىرىپ كىردى. ھارۋىكەش، سىيىت ھېكىم بەگنىڭ قېيىردىكى ماللىرىنى بېقىپ كېلىشۋاتقان مالچى ئىدى. سىيىت ھېكىم بەگ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— سادىنغاڭ كېتەي ئىنى، بۇ نېمە ئىش، زادى بۇ نېمە پېشكەللىك، راست گېپىڭنى سۆزلەپ باقىنە؟ — دېدى.

— ماقۇل، مەن بىلگىنىمنى دەپ بېرەي، — دېدى مالچى، — تاش بايۋەچچە بىلەن بارغان چېرىكلەر ئۆزلىرىنىڭ پەرمانلىرى بويىچە بىزنىڭ چېدىرىمىزغا چۈشكەنىدى. ئەتىسى ئۇلار قاراقچىلارنى تۇتىمىز دەپ چىقىپ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىدى. شۇ چاغدا ھاۋا تۇمانلىشىپ، تاغنىڭ ئۈستىدە قارا بۇلۇت پەيدا بولۇپ، كەلكۈن كېلىپ كەتتى. ھاۋا ئېچىلغاندىن كېيىن مەن ئۇلارنى ئىزدەپ باردىم. بىر قىرغاقتا تاش بايۋەچچىنىڭ ئۆلۈكى يېتىپتۇ. ئەتراپىدا بۆرە، بۈركۈت، قاغا-قۇزغۇنلار ئايلىنىپ يۈرگەنىكەن. مەن قالغانلارنىڭ ئۆلۈكىنى تاپالمىدىم. ئاخىرىدا بايۋەچچىنىڭ ئۆلۈكىنى مىڭ بىر جاپادا چېدىرغا ئېلىپ كېلىشۋالدىم. ئەتىسى ئۆلۈكنى ھارۋىغا بېسىپ، كېچىچە بۇياققا قاراپ ماڭدىم، مانا ھازىرلا ئالدىلىرىغا ئېلىپ كېلىشىم ...

— بۇ ئىشنى باشقىلار بىلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئورچۇنئا.

— ياق، ياق بىر خۇدا بىلىدۇ، بىر مەن بىلىمەن.

ھارۋىكەشنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن شۈكلىشىپ كېتىشتى. بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن، سىيىت ھېكىم بەگ ھارۋىكەشكە ئىجازەت بېرىپ:

— ئەمدى سەن چىقىپ تۇر. ئىشىڭ تۈگىدى، — دېدى.

ھارۋىكەش جەسەتنىڭ يېنىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئورچۇنئا قەسىر ئىچىدە چۆرگىلەپ يۈرۈپ:

— توۋا، بۇ راستىنلا تەقدىرنىڭ ئويۇنى ئىكەن. پالچى قىزىنىڭ سۆزى بىلەن ھارۋىكەشنىڭ سۆزى ئەجەب ئوقتاسىغا كېلىپ قېلىشۋاتىدۇ.

— بىز بۇ يەرگە سېنى پاناھلاپ كەلدۇق. مەن، سېنى بىزنىڭ ئۈمىدىمىزنى ئاقلىيالايدۇ دەپ ئىشىنىمەن. قېنى سېنىڭچە ...، — دېدى.

مۇزەپپەر ئىككىلەنمەستىنلا دادىللىق بىلەن لەۋزە قىلىپ:

— ماڭا ئىشەنگىنىڭگە رەھمەت. مەن ئۇزاقى يىلى "ئەيسا گۇمبەز" چوقىسىدا سەن بىلەن دوستلۇق ئەھدىسى تۈزۈشكەندىن باشلاپلا ئىككىمىز ئەڭ يېقىن سەپداشلاردىن دەپ ھېسابلاپ كەلگەنىدىم. بۈگۈن ھەرقايسىڭلا-رنىڭ خىزمىتىدە بولۇش پۇرسىتى كەپتۇ. مەن ئىشەنچىڭنى جېنىم بىلەن ئاقلايمەن ھەم بۇ سېپىمىزگە يارايدىغان يەنە بىر ئەزىمەتنى ساڭا تونۇشتۇ-رىمەن. مەن باشلاپ كېلەي، قالغان گەپلىرىمىزنى شۇ چاغدا دېيىشەيلى، — دېدى.

قۇربان ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە رازىمەنلىك بىلەن ماقۇل بولدى.

مۇزەپپەر، قاسىم مەرگەننى چاقىرغىلى كەتتى ۋە ئالاھازەل بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتىن كېيىن ئۇلار بۇ ئۆيدە پەيدا بولدى. مۇزەپپەر ناتونۇش دوستلارنى ئۆزئارا تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن:

— ئاغىنىلەر بۈگۈن جېنىنى ئالقانغا ئېلىپ قويغان، مەردلىك كەمىرى-نى چىڭ باغلىغان يىگىت-قىزلار بۇ يەرگە جەم بولدۇق. بۇ، ئېيقاچتى سۆز قىلىدىغان سورۇن ئەمەس، ۋاقىت زىچ، شۇڭا ئاۋۋال قاسىم مەرگەنگە سۆز بېرەيلى، — دېدى.

ئوتتۇرا بوي، ئورۇق، ۋىجىكرەك كەلگەن، قارىچىغا كۆز، شالاڭ سېرىق بۇرۇتلۇق، بېشىغا كىرلىشىپ كەتكەن ئۇلپاق، ئۇچىسىغا قارا ماتا چاپان، پۇتىغا چورۇق كىيگەن بۇ مەرگەن مالچى سۆز باشلىدى:

— مەن شاياردىن. تارىمغا يېقىن بىر توقايلىقتا بالا-چاقىلىرىم تۇراتتى، ئۆزۈم جەرەن، قىرغاۋۇل ئۇۋلاپ تۇرمۇش كەچۈرەتتىم. مەن تۇرغان توغراقلىق بولسا پاشالىق يەر — ئاق شەھەرگە يېقىن ئىدى. بىر كۈنى بىر ئاتلىق كىشى قېشىمغا كەلدى ۋە يۇر دېگەن پېتى ھەيدەپ بىر قوتان قوي توپىنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. قويغا بىر ياش چاكار بالا قاراۋاتقانىكەن.

## ئونىنچى باب

# تەقدىرنىڭ ئويۇنى

قۇربان بىلەن ياسىن قوشتۇرادىن ساقساقتا ماڭغان ھېلىقى ئاخشىمى ئەل ياتقۇغا يېقىن لالەنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى-دە، زەينەپنىڭ ئۆلۈمى بىلەن قوشتۇرادىكى ۋەقەلەرنى لالەگە يەتكۈزدى. لالەگە ھەمراھ بولۇپ بۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقان دوستى رىسالەتمۇ بۇ ۋەقەلەردىن خەۋەر تاپتى.

لالە تام قوشنا تاغىسى قادىرغا خەۋەر قىلىپ ئاتلارنى تەييارلاتقۇزدى. تۆتەيلەن قورساقلىرىنى ئاندا-ساندا ئەستەلىشۋېلىپلا قېيىر تامان ئاتلاندى. بەختكە يارىشا قۇربانىنىڭ ئاغىنىسى مۇزەپپەر قازانچىدىكى ئۆيدە ھازىر ئىدى. ئۇ، دوستلىرىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

— ئايغىڭلار ياراشتى، — دېدى مۇزەپپەر خۇش پېئىللىك بىلەن، — سىيىرىم ئالدىڭلاردىلا بىر موزاي تۇغۇپ بەردى، سۈتۈڭلار كېمەيمەيدۇ. گۆش، نانلىرىممۇ ئەلۋەك. بۇگۈنچە دېمىڭلارنى ئېلىۋېلىڭلار، ئەتىدىن باشلاپ يايلاق سەيلىسى...

قۇربان دوستىغا مىننەتدارلىق ئىزھار قىلغاندىن كېيىن، بۇ يەرگە كېلىش مۇددىئاسىنى، قوشتۇرادا سادىر بولغان ۋەقەلەرنى ئەينەن ئېيتىپ:

مۇزەپپەر ئارقىدىن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ئالدىن تەييارلاپ قويغان ئۇۋچى-مەرگەنلەرگە خاس تىكىلگەن تېرە جۇۋا، چورۇقلارنى كۆتۈرۈپ چىقتى ۋە سەپداشلىرىغا بىردىن تارقىتىپ بەردى. ئۇلار بۇ كىيىملەرنى كىيىشىپ ئۇۋچى-مەرگەن تۇسكە كىرگەندى.

مۇزەپپەر سەپداشلىرىغا ھەۋەسى كەلگەندەك قاراپ:

— بۇگۈندىن باشلاپ ھەممىمىز مۇشۇ ئۇۋچى جۇۋىسىنى كىيىپ يۈرۈيمىز. ھەمشىرىلىرىمىزمۇ شۇنداق. ھەمشىرىلىرىمىز ئۆيگە قاراپ تۇرسۇن، قالغانلىرىمىز قاسىم مەرگەن بىلەن ئەتراپنى كۆرۈپ كېلەيلى، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، تۆت ئەر جابدۇنۇپ ئاتلىق يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ئېدىر، جىلغىلارنى ئارىلاپ، بىر مەھەلدىن كېيىن، بىر چوققىنىڭ يېنىغا يېتىپ باردى. چوققىنىڭ بىر تەرىپى قېلىن قارىغايلىق، يەنە بىر تەرىپى بولسا كەلكۈن سۈيى ئويۇپ تاشلىغان چوڭقۇر جىلغا ئىدى.

مۇزەپپەر بىلەن قۇربان چوققىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، تاش تىزىپ، ئىككى ئادەم ياسىدى. ئۇنىڭ بىرىگە قۇربانىنىڭ دوپپىسى بىلەن چاپىنىنى، ئىككىنچىسىگە، ئۇلار مەقسەتلىك ئېلىۋالغان لالەنىڭ باش ياغلىقى بىلەن كۆڭلىكىنى كىيگۈزۈپ، يىراقتىن كۆرۈنىدىغان قىلىپ جايلاپ قويدى. يىراقتىن قارىغان كىشىگە بۇ ھەيكەللەر راستتەكلا كۆرۈنەتتى.

ئۇلار چوققىدىن پەسكە يېنىپ چۈشكەندىن كېيىن، مۇزەپپەر ئاغىنىلىرىغا:

— تايغانلار كەلگەندىن كېيىن، قاسىم مەرگەن بىزگە خەۋەر قىلىدۇ. بىز قارىغايزارلىق ئىچىگە مۆكۈپ تۇرىمىز. قاسىم مەرگەن ئاندىن ئۇلارنى مۇشۇ يەرگە باشلاپ كېلىدۇ. تايغانلار ئاۋۇ تاشتىن ياسالغان "قۇربان بىلەن لالە"نى تىرىك تۇتۇش ئۈچۈن، تاشپاقىدەك ئۆمىلەپ يۈرۈپ، چوققا ئۈستىگە چىقىدۇ. ئويۇن شۇ چاغدا باشلىنىدۇ. ئەمىسە گېپىمىز شۇنداق بولسۇن، — دېدى.

سېيىت ھېكىم بەگ ئىككىمىزگە بۇيرۇق قىلىپ، » — بۇ قويلارنى بايىنىڭ قېپىر يايلىقىغا ئېلىپ بېرىپ، بىر-ئىككى يىل بېقىپ بېرىسلەر. ھەققىڭلارنى كېيىنچىرەك بىر نېمە دېيىشىمىز. ناۋادا بىرەر جىن سىلەردىن كىمنىڭ مېلى دەپ سورىسا، خۇدالىق مال، پاشالىق مال، دەڭلار« دېدى.

مەن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ: »بالا-چاقىلىرىمغا قارىمىسام بولمايدۇ، ماڭا ئىجازەت بېرىۋەتسىلە« دېدىم. ئۇ، گېپىمنى ئىلىك ئالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە: »سەن گېپىمنى يېرىپ، ئېغىز غېرىچلىدىڭ« دەپ قامچا بىلەن ئۇرۇپ، بېشىمنى يېرىۋەتتى...، نېمە قىلالايمەن،»زامان زورنىڭ، تاماشاكورنىڭ« تۇرسا، مەن تەقدىرگە تەن بېرىپ بايىقى ياش چاكارنىڭ ھەمراھلىقىدا بەگنىڭ قويلىرىنى قوشئاۋات ئارقىلىق ئۇستۇنكى تاغ باغرىغا ھەيدەپ بېرىپ، ئاخىر مۇشۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇق. بالا-چاقىلىرىم بولسا، ئاشۇ باياۋان توغراقلىق ئىچىدە ئاچ-يالىڭاچ يۈرىدۇ. ئاڭلىسام، سېيىت ھېكىم بەگ بۇ قويلارنى پەلەك ئۇستام دېگەن ياۋاش بىر ئادەمنىڭ قولىدىن تارتىۋالغانىنىڭ ئۈستىگە ئاشۇ ئۇستامنى ئوغلى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىكەن؛ قارىماملىغان ئۇ بەندىلەرنى، ئىككى جانغازامىن بولۇك، قويلىرىنى بۇلاڭ...

— دېدى قاسىم مەرگەن ئەپسۇسلىنىپ.

— مانا مەن شۇ پەلەك ئۇستىنىڭ كەنجى ئوغلى بولىمەن. ئۇلار ئاتام بىلەن ئاكامنى ئۆلتۈرۈپ، بېقىۋاتقان بىر قوتان قوينى بۇلاپ كەتكەنىنىڭ ئۈستىگە ئۆلۈكنىڭ قولىنى يالغان تىلخەتكە باستۇرۇۋالغان. بۇنى ئاز دەپ بۇ بوغما يىلان مېنى بوغۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، — دېدى قۇربان غەزەپلىنىپ.

ئارقىدىن مۇزەپپەر قەتئىيلىك بىلەن:

— مېنى كىشىلەر تاغ يولۋىسى، قارىغاي بۆرىسى دېيىشىدۇ. بۈگۈن بۇ يەرگە خىللانغان ئەزىمەتلەر يىغىلدۇق. تايغانلار بۇ يەرگە كېلىپ قالسا جازىسىنى كۆرىدۇ. تەلىيىمىز ئوڭدىن كەلسە، بۇ يەردە قاملاشتۇرۇپ ئويۇن ئوينايمىز ...، — دېدى.

بولسا كېرەك. بايۋەچچە بىلەن ئاپپاق سەركەردە ئىككىلىرى چوققىغا چىقىپ، ئۇ ئىككىسىنى تۇتۇشسىلا، چېرىكلەرنىڭ يېرىمى ئوڭ تەرەپتىكى جىلغىدا، يېرىمى سولدىكى جىلغىدا پايلاپ تۇرسۇن، مەن ئاۋۇ قارىغايلىق تەرەپنى كۆزنەي. ئۈچ تەرەپتىن چارلاپ تۇرمىساق بولماس...

تاش بايۋەچچە بىلەن ئاپپاق قاسىم مەرگەننىڭ سۆزىنى ماقۇل تېپىپ چېرىكلەرنى جىلغىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتتى. ئاندىن ئىككىسى چوققىغا يامىشىپ چىقىشقا باشلىدى. قاسىم مەرگەن غىپپىدە كېلىپ قارىغايلىق ئىچىدىكى سەپداشلىرىغا قوشۇلۇۋالدى.

مۇزات تەرەپتىن كېلىۋاتقان قارا بۇلۇت پەيدىنپەي جەنۇب تەرەپكە قاراپ سۈرۈلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئەلچىسى بولغان سوغۇق شامال قارىغاي ئوتىلىرىنى سىلكىپ، جىلغىلاردا ئۆسكەن شاپ، تىكەن، چاكاندىلارنىڭ يوپۇرماقلىرىنى ئۇچۇراتتى.

قارىغايلىق ئىچىدىكى مەرگەنلەر ئوقيا، مىلتىقلىرىنى بەتلەپ، "خەپ، بۇ نائەھلى بەدرەكلەرنى ..." دەپ، تاقىلداپ تۇراتتى. تاش بايۋەچچە بىلەن ئاپپاق دومىلاپ، سىيرىلىپ يۈرۈپ، مىڭ بىر جاپادا تەرلەپ-تەپچىپ ئارانلا چوققىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۇرۇشىغا تۇشمۇتۇشتىن كەلگەن يا ئوقلىرى ئۇلارنىڭ بېشىغا، دۈمبىسىگە، مەيدىسىگە كېلىپ سانجىلدى. ئاپپاق بىر نەچچە موللاق ئېتىپ بېرىپ ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى. تلش بايۋەچچە بولسا "بىر قوشۇق قېنىم ..." دەپ ۋارقىراپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى تۈگىتىشكە ئۈلگۈرمەيلا جان ئۈزدى ۋە چوققىنىڭ قىرغىقىغا ئىلىنىپ قالدى.

ئىككى ياقتىكى جىلغىدا پايلاپ تۇرۇۋاتقان چېرىكلەر چوققىدا يۈز بەرگەن ھادىسىنى كۆرۈپ، نېمە قىلارىنى بىلىشەلمەي، بىر پەس گاڭگىراپ تۇرۇپ، ئاندىن پېتىراپ قېچىشقا باشلىدى.

قارىغايلىق ئىچىدىكى مەرگەنلەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ، چېرىكلەرنى سۈر-توقاي قىلىپ، بىردەمدە جىمىقتۇردى. ئۇلار تاش بايۋەچچىنىڭ ئۆلۈكىدىن باشقا ئۆلۈكلەرنى كەلكۈن سۇلىرىنىڭ يالىشىدىن ھاسىل بولغان

ئۇلار ئىشنى مۇشۇ تەرىزدە پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېتىشتى.

شۇ كۈنى تۈن نىسپى بولغان مەھەلدە، ئىشىك چېكىلدى. مۇزەپپەر سەگەك ياتقانىدى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى. قاسىم مەرگەن ئالدىراپ كىرىپ كەلدى-دە، ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزۈپ:

— ئۇلار ئاخشام چېدىرغا يېتىپ كەلدى. ئونغا يېقىن ئادەم ئىكەن، تاش بايۋەچچە بىلەن ئاپپاق باش بولۇپ كەپتۇ. چاي ئىچىپ بولۇشقاندىن كېيىن، مېنى قاراۋۇللۇق قىلسەن دەپ قويۇپ، خۇددى بىلىشمەي ئۇيقۇغا كېتىشتى، مۇشۇ پۇرسەتتە بىر تەرەپ قىلىۋەتسەكمىكىن دەيمەن، — دېدى.

ئۇلارنىڭ قىلىشقان سۆزلىرىدىن قۇربان بىلەن ياسىنمۇ ئويغىنىپ كەتكەنىدى. مۇزەپپەر جاۋابەن:

— ياق، قان قىزىقلىق قىلمايلى. يەنىلا بىزنىڭ كۈندۈزدىكى پىلانىمىز ئوڭ. سەن ئۇلارغا ئەتىگەنلىك ناشتا بېرىپ، ئاشۇ چوققىغا باشلاپ بار. قالغان ئىشنى بىز پۈتتۈرىمىز، — دېدى.

— بولىدۇ، ئەمىسە مەن تېزرەك كېتەي، ئۇلار گۇمان قىلىپ يۈرمىسۇن، — دېدى قاسىم مەرگەن كېتىشكە ئالدىراپ. مۇزەپپەر سىرتقا چىقىپ قاسىم مەرگەننى ئۇزىتىپ قويدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە مۇزەپپەر، قۇربان، ياسىنلار قورساقلىرىنى ئوبدان تويغۇزدى. لالە بىلەن رىسالەتنى ئۆيگە قارىغاچ غىزا تەييارلاپ تۇرۇشقا قالدۇرۇپ قويۇپ، ياراقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ نىشانلىرىغا قاراپ مېڭىشتى.

يىگىتلەر تۈنۈگۈنكى توختاملىرى بويىچە چوققىغا يېقىن، ئۇدۇل كېلىدىغان قېلىن قارىغايلىق ئىچىگە يوشۇرۇندى.

ئالاھازەل قۇياش غەربكە قىيسايغان چاغدا قاسىم مەرگەن تايغانلارنى ئەگەشتۈرۈپ، چوققا ئاستىغا يېقىنلاپ كەلدى.

— ئەنە قاراڭلار، — دېدى قاسىم مەرگەن، تاش بايۋەچچىگە، تاغ چوققىسىنى كۆرسىتىپ، — چوققىدا ئىككى ئادەم تۇرىدۇ. بىرى ئوغۇل، بىرى قىز ئوخشايدۇ. سىلەر ئىزدىگەن قۇربان بىلەن لالە ئېھتىمال ئاشۇلار

قويۇش ۋە ئالاقە باغلاش ئۈچۈن، ياسىن بىلەن رىسالەتمۇ ئاتلاندى ۋە قاسىم مەرگەننىڭ ھارۋىسىغا سوكۇلدىشىپ يۈرۈپ كەتتى. قۇربان بىلەن لالەمۇ ئاتلىرىغا مىندى. قۇربان مېڭىش ئالدىدا مۇزەپپەرگە:

— چوڭ ئۆيۈن يېقىندا كۆچادىكى ساقساق ئۆستەڭ بويىدا باشلىنىدۇ. قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ تۇر دوستۇم. بىز تاغ سارىخاندىن قايتىپ كېلىپ، ئۇزۇنغا قالماي ساڭا خەۋەر قىلىمىز. قاسىم مەرگەننى ئېلىۋېلىپ، ئۆلگۈرۈپ بارارسەن، — دېدى.

— ئەلۋەتتە، — دېدى مۇزەپپەر، — ئۆيۈنغا، تويۇڭغا بىر قوتان قوينىمۇ بىرگە ئېلىپ بارىمىز، ئاغىنە. قەدىمكىلەر: «ھېسابلىق دوست ئايرىلماس» دەيدىكەن. مېنىڭچە، ئۇنى تېخىمۇ تولۇقلاپ: «مىننەتسىز دوست ئايرىلماس» دېگەن ياخشىمىكىن، دەيمەن.

قۇربان بىلەن لالە سىم-سىم يامغۇر چېپىلداپ يېغىۋاتقىنىغا پەرۋا قىلماي يولغا چىققاندى. قۇربان ئاق بوز ئېتىغا غانجۇغۇلاپ ئېلىۋالغان ئوقيا، مىلتىق قاتارلىق قورال-ياراق ۋە نان-سۇلىرىغا پات-پات قاراپ قويۇپ ماڭاتتى. ھەر ئىككىيلەننىڭ باشلىرىدىكى ئۇلپاق، ئۈچلىرىدىكى قىسقا جۇۋا يامغۇر سۈيىدە ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار مىنگەن ئاق بوز ئات بىلەن چىلان توروقا قامچا لازىم ئەمەس ئىدى. تۈن كېچىدە ئۇلار قىر-داۋان، جىلغا-ئېدىرلىقلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، تاڭ ئاقىرىپ، يول يورىغان مەزگىلدە تەگرىتاغ ئومۇرتقىسىدىكى «چوڭ كۆل» بويىغا يېتىۋالدى.

چوڭ كۆلنىڭ بويلىرىدا ئېچىلغان رەڭگارەڭ تاغ گۈللىرى خۇش پۇراق چېچىپ تۇراتتى. سىم-سىم يامغۇر توختىغان بولۇپ، قويۇق ئۆسكەن ئوت-چۆپلەر بېشىل مەخمەلدەك جىلۋىلىنەتتى، سەنۇبەر شاخلىرى بۇك-باراقسان بولۇپ، بوي تارتقانىدى. پەلەك مالائىكىلىرى تەگرىتاغ ئومۇرتقىسىدىكى بۇ گۈزەل مۇھىتقا ئېلېكتر چىراغلىرى ھەدىيە قىلغاندەك، ساما سەييارىسىدە تاڭ يۇلتۇزلىرى تەبەسسۇم نۇرلىرىنى چېچىپ چاقناپ تۇراتتى.

ئىككىيلەن ئارامگاھ جايىنى تېپىپ، ئارغىماقلىرىنى قارىغاي شېخىغا

شېغىللىق ياردىك تېگىگە كۆمۈۋەتكەندىن كېيىن، چوققىدىكى تاش بايۋەچ-
چىنىڭ ئۆلۈكىنى ئارغامچا بىلەن سىيرىلدۇرۇپ، پەسكە چۈشۈردى. ئارقى-
دىن مۇزەپپەر دوستلىرىغا مەسلىھەت بېرىپ:
— ئاغىنىلەر، ئەنە قاراڭلار ئۈستىمىزدىكى مۇزات پەرىشتىسى بىزگە
تەبەسسۇم بىلەن قاراۋاتىدۇ. نەچچە مىڭلىغان دەردمەنلەرنىڭ قان-ياشلىرى-
دىن ھاسىل بولغان قىزىل كەلكۈننىڭ شىددەتلىك شاۋقۇنى ئاڭلانماقتا.
ئۇ، بۈگۈنكى غەلىبىنى قۇتلۇقلاش ئۈچۈن كېلىۋاتسا كېرەك. تايغانلارمۇ
بۈگۈنكى جازاسىنى بىزدىن ئەمەس بەلكى تەقدىردىن چۈشكەن بالا،
ئاسماندىن ياغقان قازا، دەپ بىلىدۇ. شۇڭا بۇ ئىبرەتنى سېيىت ھېكىم بەگكە
بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، بالىسى تاش بايۋەچچىنىڭ ئۆلۈكىنى ئۇنىڭ
قولىغا بۈگۈن كېچە يەتكۈزۈپ بېرىشىمىز لازىم، — دېدى.
مەرگەنلەر تاش بايۋەچچىنىڭ ئۆلۈكىنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندا، ئاسماندا
سار ۋە بۈركۈتلەر ئەگىپ يۈرەتتى. چوققىنىڭ ئەتراپىدىكى ساي-جىلغىلاردا
چىلبۆرىلەر تاپ ئىزدەپ، نەپسى تاقىلداپ چېپىشاتتى. كۆزنى يۇمۇپ
ئاچقۇچە ئارىلىقتا، شىددەت بىلەن كەلگەن كەلكۈن ئۆلۈكلەرنى سۈپۈرۈپ
ئېلىپ ماڭدى. تاپتىن مەھرۇم بولۇپ، ئارماندا قالغان چىلبۆرىلەر كەلكۈن-
دىن ئاغرىنىپ، ئىلاجسىز باشقا جايغا يۈرۈپ كېتىشتى.
مەرگەنلەر قازانچىغا قايتىپ بېرىپ، غىزالانغاندىن كېيىن، بىرەر يىگى
پۇتلىكاشاك يۈز بېرىپ قالمىسۇن ئۈچۈن، ‹با مەسلىھەتلىشىپ ھەرىكىتىنى
تېزلەشتۈردى. ئات ھارۋىسى ئۈستىگە پاخال سېلىپ، تاش بايۋەچچىنىڭ
جەسىتىنى ياتقۇزدى، كەلكۈن بىلەن بىللە كەلگەن مۇز پارچىلىرىنى
جەسەتنىڭ ئەتراپىغا قىرلاپ، ئۈستىگە شاخ-شۇمبا ياپتى. ئۆلۈكنى سېيىت
ھېكىم بەگنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە قاسىم مەرگەن مەسئۇل بولۇپ
ئېلىپ ماڭدى. سېيىت ھېكىم بەگكە: "مۇزاتنىڭ غەزەپ يىپشىدىن ھاسىل
بولغان كەلكۈن قالغانلارنى يۇتۇپ كەتتى" دەپ بېرىش ھاۋالە قىلىنغانىدى.
بۈگۈنكى مۇزات زەپىرىنى مەھجۇرى بىلەن شاھسەنۇبەرگە يەتكۈزۈپ


ئىدى.

قۇياش تىك ئۆرلىگەن چاغ. چىرايلىق يايلاق گۈللىرى دىماغقا مەززىدلىك خۇشبۇي چاچاتتى. ئاق كېپىنەكلەر توپ-توپ بولۇپ، گۈللەر ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى.

تاغ باغرىدىن سىرغىپ چۈشۈپ، چوڭ كۆلگە قۇيۇلۇۋاتقان تاغ سۇلىرىنىڭ شارقىراتمىلىرى قۇلاققا يېقىملىق ئاڭلىناتتى. كۆلدە ياۋا ئۆردەكلەر ئۈزۈپ يۈرەتتى.

رەسساملار تەسۋىرىدەك، تەبىئەتنىڭ بۇ گۈزەل مەنزىرىسى، كۆڭۈل مەيلىنى مەست قىلىپ، سۆيگۈ ئىنتىلىشى بىردىنلا مەھبۇبلارنىڭ لەۋلىرىنى بىئىختىيار جۇپلەشتۈرگەنىدى.

كۈن غەربكە پەسەيگەن چاغدا ئۇلار يەنە ئاتلىنىپ تاغ سارىخان مەنزىلىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.



قاڭترىپ قويدى. ئارقىدىن ئۆزلىرى قويۇق ئۆسكەن ئوت-چۆپ ئۈستىگە تاشلاندى-دە، ھارغىنلىق بىراقلا يەتكەندەك ئۇيقۇغا كېتىشتى.

شەرقنىڭ ئۇپۇق سىزىقىدىن بالقىپ چىققان قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى چىمەنلىك يۈزىدە جىلۋە قىلىشقا باشلىغان مەھەلدە ئاتلارنىڭ نۆۋەتلىشىپ، قاتتىق پۇشقۇرۇپ كىشنەشلىرى ئىككىيلەننى چۆچۈتۈپ ئويغاتتى.

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى-دە، ئاتلارنى باغلاقتىن يېشىپ، سۇغۇرۇپ كېلىپ ئوتقا قويۇۋەتتى. ئۆزلىرىمۇ كۆلنىڭ سۈيىگە نانلىرىنى تۆگۈرۈپ، ناشتا قىلىشقا كىرىشتى.

چوڭ كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى گۈزەل مەنزىرە بۇ ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ قەلبىنى مەھلىيا قىلىۋالغانىدى.

ئېدىر ئارىلىرىدا ئۆسكەن كۆدە، بەتىگە، ئەندىك ۋە سېرىن قاتارلىق گۈل-گىياھلارنىڭ ئەۋرىشىم نوتىلىرىنى مەيىن شامال تەۋرىتىپ تۇراتتى. قۇرباننىڭ كۆزى بىردىنلا قىرغاقتا ئۆسكەن بىر ئۆسۈملۈككە چۈشتى-دە، لالەگە كۆز ئىشارىسى قىلىپ:

— ئاۋۇ ئۆسۈملۈككە قاراڭ، يوپۇرمىقى يېرىك، گۈللىرى بولسا قىزىل-سۆسۈن رەڭلەردە ئېچىلىپتۇ، قۇياش نۇرى ئۇنىڭ ئۈستىدە جۇلا قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ، بەئەينى سىز بېغىڭىزدا ئۆستۈرگەن لەيلىگۈلگە ئوخشايدىكەن. سىزنىڭ گۈللىرىڭىز ھەممىلا جايدا بار ئىكەن؛ بۇ گۈللەر سىزنىڭ قولىڭىزدا بەك ئاينىيتى، شۇڭا بۇ كۆلنىڭ ئىسمىنى ”لالە كۆلى“ دەپ ئاتىساقمۇ بولغۇدەك ...، — دېدى.

لالە بىردىنلا كۈلۈۋەتتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، بېرىپ ھېلىقى ئۆسۈملۈكنىڭ بىر تال گۈلىنى ئۈزۈپ كەلدى-دە قۇربانغا چاقچاق قىلىپ:

— راست، سىز دېگەندەك بۇ، لەيلىگۈلگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن، كۆزىڭىز راستىنلا مال تونۇيدىكەن، — دېدى.

لەيلىگۈل تۇتاشتۇرغان مۇھەببەت ئوتى قوش يۈرەكلەردە بىردىنلا يالقۇنلاشقا باشلاپ، ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ چىرايلىرىغا قىزىللىق تەپمەكتە

ئەتور چۆرۈلسە، ھۆكۈمرانلىق گۆدرەتتە قالىدۇ. شائىر فوزۇلى بىر شېئىرىدا:
"زامان يۈگۈرۈك، دەۋر دۆگىلەك، دۇنيا گوللىگەك" دېگەنىكەن. بىز ھازىر
ئاشۇنداق زامان سەۋدالىرى ئىچىدە تۇرۇۋاتىمىز. دېمەك بۇ، ئۆتنە جاھان-
دە!

ئىككىنچى بىر تالىپ ساۋاقدىشىنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزىنى پاكىت
بىلەن تولۇقلاپ:

— دەۋرنىڭ يۈتكىلىش ھامىلدارلىقى بىلەن سېزىكى تۇتقاندا زاۋال-
لىق كۆلەڭگىسى بەلگە بېرىدۇ. لېكىن، ئىشتىيى سازلىشىپ كېتىبدۇ، كۆزى
تويسا، نەپسى تويمايدۇ.

ئاشۇ كۇنلەردە يەنە رەستە ۋە خالتا كوچىلارغا تويلىشىۋالىدىغان
قېرى، ياشلارمۇ يۇرەكلىك سۆزلىيەلەيدىغان بولۇپ كېتىشكەنىدى.

— خانئامبال ئورچۇنئا بىلەن ئەھمەت ۋاڭ بىر-بىرىدىن ئاغرىنىپ،
قېيدىشىپ قاپتۇ ...، سىپىيت ھېكىم بەگ ئورچۇنئاغا نورغۇن ئالتۇن-كۇ-
مۇش پارە بېرىپ ئاقسۇنىڭ ھاكىم بەگلىكىنى قولىغا كىرگۈزۈۋاپتۇ...

— ئابدۇجاپپار قازى قاتارلىقلار مەرھۇم ئىسھاق ۋاڭنىڭ تول خوتۇن-
نى قەستلەپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئالتۇن-كۇمۇشلىرىنى بۇلاپ ئۆزئارا تەقسىم
قىلىشىۋاپتۇ...

— قۇربان قاتارلىق بىر قانچە مەرد يىگىت قېپىرنىڭ تېغىدا ئامبالنىڭ
چېرىكلىرىنى جايلىۋېتىپ تاغ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ ...، ھازىر ئامبالنىڭ
دېمى ئىچىگە چۇشۇپ، ساراڭ بولاي دەپ قاپتۇ...

تالا-تۇزدە مۇشۇنداق گەپ-سۆزلەر تارقىلىپ يۇرگەن مەزگىلدە قۇر-
بان بىلەن لالە "تاغ سارىخان"دىن ساقساقتا يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ
ئالدىغا سالام-سائەت قىلىپ كەلگەن ياش ئوغول-قىزلارنىڭ چىرايلىرىدا
تەبەسسۇم، قەلبىدە ئۈمىد پارلاپ تۇراتتى.

كوچىلاردا، بۇرۇنقىدەك لاغايلاپ، گېدىيىپ يۇرۇيدىغان چېرىكلەرمۇ
كۆزگە چېلىقمايتتى. بوران چىقىش ئالدىدا چاشقانلار تۆشۈككە كىرىۋالغان-

## ئون بىرىنچى باب

# يىقىلغان گۈلخان

چۇغلۇقتەك كۆرۈنەر، قىپقىزىل گۈلخان،
شاخلىرى ئۇستىخان، چىچەكلىرى قان.
— شاھسەنۇبەر

بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق، ئاسمان سۈزۈك، پىژغىرىم تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

«ساقساق مەدرىسە»نىڭ تالىپلىرى داڭلىق مۇئەررىخ، كالىندارشۇناس موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئىلمىي نۇجۇمدىن بەرگەن ئاخىرقى ساۋىقىنى تۈگىتىپ، ئۇنى سايرامغا ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، مەدرىسە باغچىسىدا يىغىلىپ ئولتۇرۇشۇپ، زامان ساپاسى ۋە دەۋر تەقەززاسى ئۈستىدە قىزىق بەس مۇنازىرىگە كىرىشىپ كەتتى:

— باغ چۆرگىلەي، تاغ يۆتكىلەي دەپ قالدى، — دېدى گەپدان تالىپلاردىن بىرى، — پەلەك چاقى ئوڭ چۆرۈلسە، پۇقراغا نۇسرەت كېلىدۇ.

بۇ يەنە كىلىپ قازىخانىنىڭ رىسالەت بىلەن ئۇنىڭ ئوگەي ئاپىسى ئوتتۇرىسىدىكى دەۋا ئۇستىدىن پەتىۋا چىقىرىدىغان كۈنگە توغرا كەلدى.

سوراق زالى سىرتىدا رىسالەت بىلەن ئۇنىڭ ئوگەي ئاپىسى ۋە ئوگەي ئاكىسى بىر-بىرى بىلەن ماي تارتىشىپ پەتىۋانى كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى.

بىر ھازادىن كىيىن بىر يايى چىقىپ رىسالەتنى چاقىردى-دە، قازىخانىنىڭ سوراق زالىغا باشلاپ ماڭدى. شۇ ئەسنادا قاياقتىندۇر شاھسەنۇبەرمۇ زال ئىچىدە پەيدا بولدى ۋە قازىغا ئۇدۇل بىر ئورۇندۇققا كىلىپ ئولتۇردى. ئابدۇجاپپار قازى ئۇنى كۆرۈپ تىرىككەن ھالدا زەھەرخەندىلىك بىلەن:

— تەقسىر، بۇ يەرگە قاچانلا بولسا تىكەندەك ئۈنىدىكەنلە، پۇتلىكاشاڭ بولماي، بىزنىمۇ ئارامخۇدا ئىش قىلغىلى قويسىلا بولماسمىدى؟ — دىدى.

— يوقسۇ جانابلىرى، — دىدى شاھسەنۇبەر ئورنىدىن قىمىرلىماي جاۋابەن، — سۆز ئىبارىلىرى كالاماپاي كىتىپ قالدى. مەن ئۇنى تۈزىتىپ قويياي: "تىكەندەك ئۈنىدىكەنلە ئەمەس، قىزىلگۈلدەك ئۈنىدىكەنلە"، دىسىلە. پۇتلىكاشاڭ ئەمەس، مىزان-تارازىنى تەڭشەپ بەرگۈچى، دىسىلە تەقسىر. دىمەكچىمەنكى، پىقىرنىڭ بۇنداق سورۇندا خاسىيەتلىك ياردىمى كۆپ تىگىدۇ. ئولتۇرۇۋاتقان ئورنۇمغا باج تۆلەش بولسا ئۇنىمۇ پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي تۆلىۋىتەي. پىقىر ئۇنىڭ ئۇستىگە نامى بار سالاچى، شىرىنكارىم كۆپ. ئۇنىڭدىن سەدىقە كىرەك بولسا، مانا جىرىڭ-جىرىڭ، يانچۇقۇمدا. بىراق، قارىسىلا، ئاۋۇ قىزنىڭ كۆز-قاپاقلىرى پىرىلغان، بەدەنلىرى كۆكەرتىۋىتىلگەن، چاچلىرى يۇلۇنغان. مۇشۇنداق زوراۋانلىق ئاستىدا دەپسەندە قىلىنغان گۇناھسىز قىزغا مىنىڭدەك خالىس ھامىي كىرەك.

ئابدۇجاپپار قازى شاھسەنۇبەرنىڭ سۆزىدىن بىتاقەت بولدى ۋە ئاگاھلاندۇرۇپ:

— تەقسىر، ئىغىزلىرىنى بىردەم يۇمۇپ قوشۇق سالماي ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، بىز ئاۋۋال ماۋۇ قىزدىن سوراپ كۆرەيلى، — دىدى. ئابدۇجاپپار

دەك، چىرىكلەرمۇ قەلئە ئىچىگە مۆكۈۋېلىپ، ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن قالغانىدى.

زامان تەقەززاسىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن ئەليارخان مەھجۇرى قاتار-لىق كىشىلەر "تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش" پىلانىنى تۈزگەنىدى. بۇ پىلان "گۈلخان يېقىش" دەپ ئاتالدى. مەخپىي ئۇيۇشتۇرۇش مەھجۇرىنىڭ باشچىلىقىدا ئۇنىڭ ساقساقتىكى ئۆيىدە پىشۇرۇلدى. ئەليارخان مەھجۇرى ئولتۇرغانلارغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ:

— بۇ سائەتتە قۇربان بىلەن لالەنىڭ ئولگۇرۇپ كەلگىنىگە ھەممە-لەن خۇشال بولۇۋاتىمىز. ئۇلارنىڭ پىداكارلىقى ھەممىمىزگە غايەت زور ئىشەنچ بېغىشلىدى. بۈگۈن بۇ سورۇنىمىزغا مۆتىۋەر زات ۋەلى ئىسھاق خوجىنىڭمۇ ئىشتىراك قىلغانلىقىدىن پەخىرلىنىمىز. چۈنكى، گۈلخان يېقىل-غان چاغدا ئادەملەر پاتپاراق بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق چاغدا ئۇلارنى تىنچىتىش بەك مۇھىم. ۋەلى ئىسھاق خوجا بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ، — دېدى.

بېشىغا ئاق سەۋسەر كىيىۋالغان خۇيزۇ ئۆلىما ماشۇر خەلىپە دەرھال سۆز قىستۇرۇپ:

— "ئادەمگە باش كېرەك، ئاقتامغا قاش" دېگەن سۆز بىكار چىقمىغان. مەن ئىسھاق غوجىنى مەرگەن، ئوۋچىلاردىن تەركىب تاپقان پىدايى يىگىتلەرگە سەركەردىلىككە كۆرسىتىمەن، — دېدى.

ماشۇر خەلىپىنىڭ تەكلىپ پىكرى ماقۇللاندى. ئاخىردا ئەليارخان مەھجۇرى ئومۇملاشتۇرۇپ:

— بىز گۈلخاننى مۇشۇ مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئاخىرقى شەنبە كۈنى ياندۇرساق دېمەكچىمەن، — دېدى. مەھجۇرىنىڭ ئۆيىگە يىغىلغانلار مەس-لىھەتلىرىنى پۈتتۈرۈشۈپ ئۆز ئىشلىرى ئۈچۈن تارقاپ كېتىشتى.

شۇنداق قىلىپ، كىشىلەر تەقەززا بولۇپ كۈتۈۋاتقان"زەپەرشەنبە" ئاخىر يېتىپ كەلگەنىدى.

ئابدۇجاپپار قازىنىڭ بىردىنلا زوۋانى تۇتۇلۇپ، ئاقارغان ئۇزۇن ساقىلى تىترەشكە باشلىدى.

پېشىن بىلەن دېگەر ئارىلىقىدىكى مىنۇتلار ئىدى. ئۆگەن دەرياسى، ئاغى تېغى تەرەپتىن "شەنبىلىك مەشئەل" كۆتۈرگەن ھاشارچى دېھقانلار، مىس كېنى ئىشچىلىرى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ "قىر-چاپ" چۇقانلىرى بىلەن شەھەر ئىچىگە ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى.

دەل ئاشۇ مەھەلدە قۇربان، لالە باشلىق يىگىت - قىزلار قوللىرىدا "شەنبىلىك گۈلخان" كۆتۈرگەن ھالدا سوراق زالىغا بۆسۈپ كىردى. ئابدۇجاپپار قازى بۇ ئىشنى كۆرۈپ غال-غال تىترەشكە باشلىدى.

قازى ئارقىدىن رىسالەتتىن سورىدى:

— قىزچاق، سىزنىڭ ئۆگەي ئاكىڭىز ئىمىن بىلەن نىكاھلىنىشقا رازىلىقىڭىز بارمۇ-يوق؟

— يوق، ھەرگىز يوق.

— نېمىشقا؟

— قىلچە كۆڭلۈم يوق.

— مەرھۇم ئاتىڭىز بىلەن ئۆگەي ئاپىڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا پۈتۈشۈم بار ئىكەنغۇ؟

— ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى نادان، بىرى ئالدامچى. مېنىڭ ئۇ ئىشلار بىلەن ئالاقەم يوق.

— سىز بىر يىگىتنىڭ كەينىدىن تاغقا كېتىپسىز، شەرىئەت ئالدىدا مەسئۇلىيىتىڭىز يوقمۇ؟

— كەينىدىن كەتمىدىم، بىللە كەتتىم. ئىختىيارىم بىلەن كەتتىم. زوراۋانلىققا قارشى تۇرسا شەرىئەتكە ئۇيغۇن.

ئابدۇجاپپار قازى رىسالەتنى ئۆزىنىڭ سەنىمگە دەسسىتىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى-دە، ئۇڭ بارماقلىرى بىلەن پېشانىسىنى قاشلاپ ئولتۇرۇپ قالدى.

شۇ تاپتا رىسالەتنى مەجبۇرىي نىكاھىغا ئالماقچى بولغان ئۆگەي ئاكىسى ئىمىن سوۋغات قىلغان ئىككى يامبۇنىڭ تەڭقىسلىقى ئابدۇجاپپار قازىنى قىينىماقتا ئىدى.

ئابدۇجاپپار بىراقلا يۈز ئۆرۈپ رىسالەتكە قاتتىق تەگدى:

— قىزچاق، ئاڭلىمىدىم دېمەڭ، مۇبادا يەنە كاجلىق قىلسىڭىز، ئۈستىڭىزدىن مەجبۇرىي نىكاھ توغرىسىدا پەتىۋا چىقىرىۋېرىمىز، قانداق، گېپىڭىز بارمۇ؟

— ئۇنىڭدىن پەرۋايىم پەلەك، — دېدى رىسالەت قەتئىيلىك بىلەن، — تاشنى تاياققا تاڭغىلى بولمايدۇ.

چېچىلاڭغۇلۇقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە نىزام-تەرتىپ ئورنىتىش مەجبۇ-رىيىتى يۈكلەنگەن ۋەلى ئىسھاق غوجا ئىقتىدارىنى نامايان قىلماقتا ئىدى. ئۇ، خىللانغان يىگىتلەردىن مەرگەنلەر سېپىنى تەشكىللىدى:

شايارلىق قاسىم مەرگەن، توقسۇلۇق توختى مەرگەن، كۇچالىق ھاشىم مەرگەن قاتارلىق يىگىتلەرنى تاللاپ تۆت قاناتتىكى پىدائىيلارغا ياردەمچى سەركەردە قىلىپ تەيىنلىدى. مەرگەنلەرنىڭ زەربىسىدە تايغانلار سېپىل قوختىسىدىن بېشىنى چىقىرالمايتتى. ئىشچى-دېھقانلار شامالباغ — قۇتلۇق ئوردا تەرەپتىن سېپىل ئىچىگە كىرىدىغان سۇ يولىنى كېسىپ تاشلىدى. سېپىلنىڭ تۆت تەرىپىدىن ئىچىگە كىرىش پىلانى بويىچە چوڭقۇر لەخمە كولاش ئەمگىكى باشلىنىپ كەتتى. ئۇرچۇنئانىڭ ئەتراپىدا سادىر بولۇۋاتقان ۋەقەلەردىن جان-پېنى چىقىپ كېتىپ باراتتى. ئاسماندىن قازا ياغقان، يەردىن بالا ئۈنۈپ چىققاندەك بولۇۋاتقان بۇ ئاجايىپ ئىشلاردىن چۆچۈگەن خانئامبال ھوش كاللىسىنى يوقاتقانىدى.

ئەجەبلىنەرلىكى، خانئامبال بىلەن خېلىدىن بۇيان ئارازلىشىپ قالغان ئەھمەت ۋاڭ، بۇتناپ سېپىل تېشىدىكى داچىسىدا قالغانىدى.

تۈن كېچە ئەھمەت ۋاڭنىڭ يېنىغا دېھقانلارنىڭ ئەلچىلىرى كىرگۈزۈلدى.

— ۋاڭ ئالىيلىرى، — دېدى ئەلچىلەردىن بىرى ئېغىز ئېچىپ، — جانابلىرىنىڭ سېپىل تېشىدا قالغىنى ئوبدان بولۇپتۇ. بۇنىڭدىن بىز كۆپ مەمنۇن بولدۇق. ھازىر يۈز بەرگەن ئىشلارغا ئۆزلىرى قانداق قارايدىلا، بىلىپ باقىمىز كېلىۋاتىدۇ...

ئەھمەت ۋاڭ ئالدىراپ كالامپاي سۆزلەپ قويۇشتىن ھەزەر قىلغان بولسا كېرەك، دەماللىققا زۇۋان سۈرۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

سىرتتىكى دېھقانلارنىڭ «ئۇر-چاپ» سادالىرى داچىغا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. «ئۇرچۇنئانى دارغا ئاسايلى، ئەھمەت ۋاڭدىن ھېساب ئالايلى!

# ئون ئىككىنچى باب

# كۆتۈلگەن كۈنلەر

— تارىخ، خارلانغانلارنىڭ غەلىبىسىنى سەۋرلىك بىلەن كۈتىدۇ.
— تاگور

دەۋر خار-زارلىرىنىڭ كۈتكەن كۈنلىرى يېتىپ كەلگەنىدى. بۈگۈن ھىجرىيە، 1281-يىلى يىلان يىلى، مۇھەررەم ئېيىنىڭ زەپەر شەنبە كۈنى[1] زاۋالدىن بۇرۇن كان ئىشچىلىرى ۋە دېھقانلار توپ-توپ بولۇپ شەھەرگە يۈرۈش قىلىپ، مازار باغدىن تا قىغ دۆڭگىچە ئادەم دېڭىزى ھاسىل قىلغانىدى.

ئورچۇنئا باشچىلىقىدىكى ئەمەلدار چېرىكلەر سىپىل ئىچىگە كىرىۋې-لىشقانىدى. سىپىل تېمىنىڭ "قوختا" تۆشۈكىدىن بېشىنى چىقارغانلىرى كەينى-كەينىدىن جەھەننەمگە ئۇزىتىلاتتى.

---

① مىلادىنىڭ 1864-يىلى 6-ئاينىڭ ئاخىرقى شەنبىسى. بۇ كۈن "زەپەر شەنبە" دېيىپ ئاتالغانىدى. — ئاپتوردىن

خوجايىنلىرىغا ئوخشاش ھاقارەتلىنىدىلە. بۇنداق ھاقارەتلەرگە ئەمدى يول قويالمايمىز. سىلى چوقۇم ئاۋام خەلق ئالدىغا چىقىپ كۆرۈنۈشلىرى لازىم. ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ تارقىتىۋېتەمدىلا ياكى ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلامدىلا، بۇ ئىش ئۆزلىرىگە باغلىق. تەقدىر-پېشانىلىرىگە نېمە پۈتۈلگەن بولسا شۇنى كۆرمەي ئىلاجلىرى يوق. خوش ئەمىسە تەقسىر، بىز كەتتۇق، كېچىچە ئۇبدان چۈش كۆرسىلە. ئەتە جامائەت ئالدىدا كۆرۈشەيلى، — دېدى.

ئەليارخان مەھجۇرى قاتارلىق ئەنچىلەر تېخى ئەھمەت ۋاڭنىڭ داچىسىدىن سىرتقا چىقىپ بولا-بولمايلا، نەچچە ئونلىغان ياش دېھقان قولىدا كالتەك-توقماق تۇتقان ھالدا ۋاڭنىڭ ئۆيىگە ۋاڭ-چۇڭ كۆتۈرۈپ باستۇرۇپ كىردى-دە، ئەھمەت ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان بەگ، مەنسەپدارلارنى باغلاشقا كىرىشتى.

موللا ئوسمان مۇدەررىس ياش دېھقان يىگىتلىرىگە نەسىھەت قىلماقچى بولۇپ دېدى:

— ئوكىلىرىم، سىلەر زېرەك ھەم ئەلتەك يىگىتلەر. سىلەر ھازىرچە بىزنىڭ يۇزىمىزنى قىلىڭلار، چوڭلارنى ئاياڭلار. تاڭ ئاتقاندا ئەھمەت ۋاڭ جامائەت ئالدىغا چىقىدۇ. سىلەر بىر ئاز سەۋر-تاقەت قىلىپ تۇرۇڭلار، ماقۇل دەڭلار...

دېھقان يىگىتلىرى ئوسمان مۇدەررىسنىڭ نەسىھىتىنى ئىلىك ئالمىدى. ئۇلاردىن بىرى غەزەپ بىلەن يەنە:

— يوقسۇ داموللام، بىز باياتىندىن بېرى سىرتتا تۇرۇپ ھەممىنى ئاڭلاپ بولدۇق. سىلە موللا خەق كەچكىچە تەرىقەت-پەرىقەت دەپ بىزنىڭ قول-پۇتىمىزنى چۈشەپ بەردىڭلار، مانا ئەمدى كېلىپ زەھەرلىك يىلاننىڭ ئالدىدا ۋاڭ ئالىيلىرى، تەقسىر، جانابلىرى دەپ سىپايى سۆزلەرنى سېتىپ ئادەمنىڭ جېنىغا تېگىۋاتىسىلەر. شۇنىڭغا يارىشا زەھەرلىك يىلان تەبىئىتىنى ئۆزگەرتەمدۇ؟ ئۇ، ھېلىمۇ ئالەمنى چىمچىلاق قولۇمدا چۆرۈيمەن دەپ چوت

” دېگەن سادالارمۇ بۇ قېرى ۋاڭغا ئارام بەرمەيتتى. بۇ سادالارنى ئاڭلاپ، ئۇ بىر تەرەپتىن قورقۇپ، بىر تەرەپتىن بىزار بولۇپ كۆزىنى تېخىمۇ چىڭ يۇمۇۋالدى.

ئەلچىلەرنىڭ بىرى بولغان شاھسەنۇبەر ئەھمەت ۋاڭنىڭ رايىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— ۋاڭ جانابلىرى ئاۋام پۇقرانىڭ رايى ھەممىدىن ئۇلۇغ. ئۇلارنىڭ تەقەززا كۆڭلىنى نەزەرلىرىدىن مۇستەسنا قىلدۇرۇش بەكمۇ خەتەرلىك. ئاۋام خەلق سىلىگە پەرقلىق قارىماقتا. مادامىكى، ھازىر يۈز بەرگەن ئىشلارغا قانداق مۇئامىلە تۇتۇشلىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر سىناق. پۇقرالار ھېلىمۇ سىلىنى ئۆز پاناھكارى قىلىشنى مۇناسىپ كۆرۈشمەكتە. خەلقنىڭ بۇ تەلىپىگە، يەنى ئېنىق ئېيتساق، ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇپ بېرىش تەلىپىگە جانابلىرى نېمە دەيلىكىن؟

شاھسەنۇبەرنىڭ ھەم قاتتىق، ھەم سىلىق-سىپايە بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئەھمەت ۋاڭ، دەرھال كۆزىنى چوڭ ئېچىپ، ئاتتىن چۈشسىمۇ، ئۈزەڭگىدىن چۈشمىگەن قىياپەت بىلەن، ئەلچىلەرنىڭ ھەممىسىگە بىر قۇردىن قاراپ چىقتى-دە، ئارقىدىن:

— مېنىڭ بېشىمنى ئاغرىتىپ، ئىچىمنى قوچۇپ كېتىۋاتىسىلەر. بۇ قارىپاي ئالتوپىلاڭچىلارنى ئۆزۈڭلار نەسىھەت قىلىپ تارقىتىۋېتىڭلار. تېگى پەس قاراچۇقلار بىكاردىن بىكار پاراكەندىچىلىك سېلىپ، ماڭىمۇ، ئۆزلىرىگىمۇ كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بەردى. مەن ياشىنىپ، جېنىم تومشۇقۇمغا يېتىپ قالغان ئادەم. ئارتۇقچە كۆڭۈل ئاغرىقىنى كۆتۈرەلمەيمەن.

ئەھمەت ۋاڭ ئەلچىلەرنى نەزەرگە ئىلماي مۇرەسسە پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ بىلەن يەنە تالىشىپ ئولتۇرۇش بىھۇدە ئىدى. ئەليارخان مەھجۇرى ئاخىرىدا:

— بىز ھازىر ئۆزلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويايلىكى، سىلى يەرلىك خەلقلەرنى بىزنىڭ ئالدىمىزدىلا ھېچقانداق تەپ تارتماي ”قاراچۇق“ دەپ



سوقۇۋاتامدۇ؟ ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ھېلى نېمە پوقلار ئاقتى؟ ئۇ پۇقرالارنى ”قاراچۇق“، ”توپىلاڭچىلار“ دەپ ھاقارەتلەۋاتامدۇ؟ دېھقانلارنىڭ قان-يە-لىكىنى شۇنچە شورىغانلىرى يەتمەپتىمۇ؟ قارىسىلا بۇ يالماۋۇزلار دېھقانلارنى شۇنچە يىللار تالان-تاراج قىلىپ، ھارام يېپىمۇ يەنىلا سەمرىيەلمەي ئاۋاق، قوتۇر ھالىدا تۇرغىنىنى. ئەتىمالىم، ھارام سىڭمىگەن بولسا كېرەك، پۇقرانىڭ ھالال ھەققى قانداقمۇ سىڭىدۇ، دەيدىلا؟ داموللام، ئاڭلاۋاتامدىلا، بىزنى دەرد سۆزلىتىۋاتىدۇ. ”ئىسنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ“، خوش ئەمدى بۇ يالماۋۇزلارنى ھەيدەپ بېرىپ، جامائەتكە تاپشۇرىمىز. گېپىنى شۇ يەردە ئاڭلاپ باقىمىز. باش ئەگمىسە سازايى قىلىمىز، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ ياش دېھقانلار سالاچىلارنىڭ يالۋۇرۇشىغا پەرۋا قىلما-دى-دە، ئەھمەت ۋاڭ، مۇھەممەت قۇربان بەگ قاتارلىق سەككىز ئالىي مەنسەپلىك بەگنى باغلاپ ھەيدەپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ ھاياتىغا بوگۈن كېچىچە كاپالەتلىك قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

كۆك مەدرىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە پىدائىي يىگىتلەر ئۇلارنى توختات-تى. قىستا-قىستاڭچىلىقتا مېڭىش مۇمكىن بولمىدى. ”ئەھمەت ۋاڭدىن ھېساب ئالىمىز!“، ”ھېساب بەرسۇن!“، دېگەن ياڭراق سادالار يىراق جايلارغىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

پىدائىيلار ئەھمەت ۋاڭنى سۆزلەشكە قىستىدى. لېكىن، ئۇنىڭ تىلى كالۋالىشىپ، ئارانلا بىر نەچچە ئېغىز سۆزلىيەلىدى:

— خالايىق قايتىپ كېتىڭلار، مەن بۇ ئىشىڭلارغا ئىگە بولالمايمەن. مەن قېرىدىم. شۇنداقتىمۇ چوڭ خاندىن يۈز ئۆرۈمەيمەن. ”مېنى يامان دېسىڭىز ئەيسا غوجىڭىز ئەينا“ دېگەن سۆزنى ئۇنتۇپ قالماڭلار...

ئەھمەت ۋاڭنىڭ ئېغىزىدىن ئاشۇ سۆزلەر چىقىشى بىلەن تەڭ ئاممىنى ھەر نېمە قىلىپمۇ تۇسۇۋالغىلى بولمىدى. بىردەمدىلا سەككىز ئەمەلدارنى ئۇرۇپ-دەسسەپ پايخان قىلىۋېتىشتى.

بۇ ۋەقەدىن ئۇرچۇنتا تېزلا خەۋەر تاپتى-دە، دەرھال ئوق-دورا

— مۇبارەك بولسۇن، تويۇڭلارغا مۇبارەك! — دېگەن جاراڭلىق سادا ياڭراپ كەتتى.

ئارقىدىن سەپ ئىچىدىكى قىز-يىگىتلەر چۇرقىرىشىپ سەھنىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى ئاشىق-مەشۇقلارنى ئېلىپ مېڭىشتى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا چېلىنغان ناغرا-سۇناي داپ-دۇمباق، راۋاب-تەمبۇر ئاۋازى جەۋلان قىلىپ، ھەر تەرەپكە تارقىلىشقا باشلىدى. بۇ خاسىيەتلىك قوش تويىنىڭ زەپەر شاۋقۇنى ئاسمان-زېمىننى زىلزىلىگە سېلىپ، يىراق-يىراقلارغا ئاڭلى-نىپ تۇراتتى.



ئامبىرىغا قارايدىغان قىرى چىرىكىنىڭ قولىقىغا ئاللىقانداقتۇر بىر مەخپىيەتنى
پىچىرلاپ تاپىلىدى. قىرى چىرىك «لەببەي» دەپ تەزىم قىلدى ۋە ئامبار-
نىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ئۇرچۇنىدا ئامبار ئۆگزىسىگە چىقىپ پۈتۈن سېپىل ئىچىدىكى ئۆزىگە
ئىشەنچلىك خادىملىرىنى ئامبار ئۆگزىسىگە يىغدى. ئۇزۇن ئۆتمىگەن ئەسنادا
ئامباردىكى ئوق-دورىلار پارتلاپ، سېپىلنىڭ ئىچى-تېشىنى زىلزىلىگە كەلتۈ-
رۈۋەتتى. نەچچە گەز ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلگەن ئوت مۇنارلىرى ئوچا، كارىز
يېزىلىرىدىمۇ ئوچۇق كۆرۈنەتتى. تۆمۈر ۋە ئۆلۈك پارچىلىرى سېپىلنىڭ
ئىچى-تېشىنى تولدۇرۇۋەتكەنىدى. بۇ، تۈنجى گۈلخان پەيدا قىلغان يالقۇن
زۇلمەت ئۇۋۇسىنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرغانىدى.

كۆك مەدرىسىنىڭ ئالدىدىكى ئېگىز سۇپا ئالدىغا نۇرغۇن كىشىلەر
يىغىلغان بولۇپ، گويا ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئازابلاپ
كېلىۋاتقان جاراھەتلەر بىر يولىلا ساقىيىپ، راھەتلەنگەندەك خۇشال-خۇرام
كۆرۈنەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي سۇپا ئۈستىدە مەھجۇرى، شاھسەنۇبەر، ياسىن،
مۇزەپپەر، قاسىم مەرگەن قاتارلىقلار پەيدا بولدى. كىشىلەر ئۇلارنى گۈلدۈ-
راس ئالقىشلار بىلەن قارشى ئالدى. بۇ ئۇلۇغ زەپەرنىڭ تەشكىلاتچىلىرىدىن
بىرى بولغان ئەليارخان مەھجۇرى سۆزگە چىقىپ جاراڭلىق ئاۋازدا:

— قەدىرلىك يارەنلەر: بىز كۈتكەن كۈنلەر مانا كەلدى. بۈگۈن
قۇتلۇق زەپەر تويىمىز بىلەن بىر جۈپ ئوت يۈرەك قىز-يىگىتنىڭ تويىنى
تەڭ ئوينايدىغان كۈن. بىز بۇ خاسىيەتلىك كۈندە زەپەر تويىمىزنى قۇتلۇق-
لاپ، بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇقلارغا بەخت تىلەيلى، ھەممەيلەن ئۇلارنى
مۇبارەكلەيلى، — دېدى.

مەھجۇرىنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تويلۇق كىيىملىرىنى كىيىشىپ،
ھازىر بولۇشقان لالە بىلەن قۇربان ساقساقلىق قىز-يىگىتلەرنىڭ ھامىيلىقىدا
سەھنە ئالدىغا كېلىپ جامائەتكە كۆرۈنۈش قىلغان چاغدا، ھەممە ياقتىن
تەڭلا:

مەسئۇل مۇھەررىرى: قەيسەر قۇربان
مەسئۇل كوررېكتورى: خەيرىنسا روزى

# لالە-قۇربان

(رومان)

## ئابدۇللا تالىپ

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
(بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 010-64228007)
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبەئە مەركىزى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
1997-يىل 10-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1997-يىل 10-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 13.00 يۈەن

图书在版编目(CIP)数据

拉莱与库尔班:维吾尔文/阿不都拉·塔里甫著。—北京:民族出版社,1997.8
ISBN 7—105—02875—0

Ⅰ.拉… Ⅱ.阿… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(97)第15613号

民族出版社出版发行
(北京市和平里北街14号 邮编100013 电话:(010)64228007)
民族出版社微机照排 民族印刷厂印刷
各地新华书店经销
1997年10月第1版 1997年10月北京第1次印刷
开本:850×1168毫米 1/32 印张:8.3/4
印数:0001—5.000册 定价:13.00元

مۇقاۋا ۋە فىستۇرما رەسىملەرنى ئىشلىگۈچى: ئابدۇرەخمان ئابلىز
خەتتات: ئادىلجان ئابىت

ISBN 7-105-02875-0

9 787105 028757 >

ISBN 7—105—02875—0/I.689
民文（维 125） 定价：13.00元